« جوڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى » دىكى نەشرى ئەپكار
« شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى » غا ئېرىشكەن نەشرى ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
荣获《新疆期刊奖》的刊物



5

2014

چىن مۇھەببەتنىڭ قۇربانى چىن مودەن (ماي بوياق)
ئابدۇشۇكۇر كېرىم كۆك سىزغان

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

ISSN 1008-6498

# 新疆文化

•XINJIANG CULTURE•СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА•シンキョウ ブンカ•مجلة حضارة شنجيانغ•

# ئەتراپىمىزدىكى ئەدىبلەر



شائىر مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ ئالتۇن بويىغا ئامانلىق تىلەيمىز

ئېھتىرام بىلەن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» تەھرىراتى

ئۈركەش جاپپار فوتوسى




(63 - يىل نەشرى)

تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى: مۇختار مەخسۇت

ژۇرنال قانۇنىي ۋەكىلى،
دائىمىي مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: بەگمەت يۈسۈپ

# شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق

2014.5

(ئومۇمىي 329 - سان)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى باشقۇرىدۇ
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت تەتقىقات ئورنى چىقىرىدۇ
ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 65 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!

# بۇ ساندا


## مەدەنىيەت ۋە دەۋر

شىنجاڭ مەدەنىيىتى ياشاشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش مەدەنىيىتى ... ۋاڭ مىڭ 10

## تەپەككۇر كۆزى

تەپەككۇر مېۋىلىرى ..........
مۇھەممەتجان ئابدۇغېنى، تۇردى ئالاۋۇش قاتارلىقلار .......... 14

## ئوبزورچىلار مۇنبىرى

ئۇيغۇر يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭدىكى ئىنسانپەرۋەرلىك
ئابدۇقادىر جالالىدىن .......... 25

## ۋاقىت، ۋاقىت، يەنە ۋاقىت

زامانىۋىلىق ۋە ۋاقىت ئېڭى .......... زۇلپىقار بارات ئۆزباش 45

## «تىل مەنىچىلار چايخانىسى»دىكى پاراڭلار

«ۋاقىتلىق ئاپپاراتلار»دىن تۇغۇلغان شۇبھىلىك ئويلار... جۇڭگولۇقلار نېمىشقا ئۆچرەتتە تۇرمايدۇ؟... خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش قانداقسىگە باشلىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ئايلىنىپ قالدى؟... 100 خەتلىك فېليەتونلار ..........
ئۆمەرجان ھەسەن بوزقىر قاتارلىقلار تەرجىمىسى .......... 50

## بىزگە قانداق كادىرلار كېرەك

بازار باشلىقىنىڭ ھېكايىلىرى .......... ياقۇپ كېرەم 62

## ئەدەبىيات گۈلزارى

يەسمەنىنىڭ رەڭگى ۋە باشقىلار .......... مۇختار مەخسۇت 72
سوكۇتلۇك ھويلا (تارىخىي ھېكايە) .......... تۇرسۇنجان مۇھەممەد 76


مۇقاۋىدا: چىن مۇھەببەتنىڭ قۇربانى چىنمودەن (ماي بوياق) ئابدۇشكۇر كېرەم كۆك سىزغان

## شىنجاڭ مەدەنىيىتى


قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال



تەھرىر ھەيئەتلەر
(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇقادىر جالالىدىن
ئارسلان ئابدۇللا
ئازات سۇلتان
ئادىل تۇران
بەگمەت يۈسۈپ
جاڭ خۇڭچاۋ
دىلشات پەرھات
قۇربان مامۇت
ئىمىن ئەخمىدى



بۇ ساننىڭ تەكلىپلىك مۇھەررىرى ۋە ئېخىر داكتورى:
ئايگۈل ئەمەت
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

# شىنجاڭلىقلار زامانىۋىلىق تېز پويىزىغا چىقىۋېلىشى كېرەك



ۋاڭ مېڭ

زامانىۋى مەدەنىيەت بىز دائىم ئىشلىتىدىغان سۆز بولۇپ قالدى، لېكىن جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ زامانىۋى مەدەنىيەتكە قاراپ تەرەققىي قىلىش جەريانى ئىنتايىن جاپالىق، ئىنتايىن ئازابلىق بولغان دېيەلمۇ بولىدۇ. چۈنكى، جۇڭگونىڭ جۇغراپىيەلىك مۇھىتى ۋە تارىخىي شارائىتى ئىنتايىن ئالاھىدە.

جۇڭگو ئۆزگىچە دۆلەت، بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرىلا خۇاڭخې ۋادىسى ۋە چاڭجياڭ ۋادىسىدا نەپىس مەدەنىيەت شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مەدەنىيىتى ئىدى، شەرق، جەنۇب تەرىپى دېڭىز بولغاچقا، ئەينى چاغدا جۇڭگولۇقلار دېڭىزنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپ كۆرۈپ بېقىش، ئىزدىنىپ بېقىش ئىستىكىدە بولۇپ باقمىغانىدى، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۇ جايلارنىڭ ھەممىسى دېڭىز ئىدى. شىمال، غەرب، غەربىي جەنۇب تەرىپىدە

**مەدەنىيەت ۋە دەۋر**

ئاز سانلىق مىللەتلەر ياشايتتى، بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ئىنىقلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىدەك تەرەققىي قىلمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىدە مەغرۇرلۇق، مەستخۇشلۇق ۋە ئۆز-ئۆزىدىن پەخىرلىنىش، ھەتتا قارىغۇلارچە ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش ۋە ئۆزىگە ئىشىنىش قارىشى شەكىللەنگەنىدى، ئەتراپتىكى رايونلارنىڭ مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلمىغان قالاق مەدەنىيەت، ھەتتا مىللەت ۋە دۆلەت قارىشى يوق مەدەنىيەت دەپ قارالغانىدى. بۇرۇنقى دۆلەتلەر بەگلىكلەر بولۇپ، زېمىنىنىڭ ھەممىسى بىر پۈتۈن جۇڭگو دەپ ئاتىلاتتى. جۇڭگونىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىدا، بولۇپمۇ 1000 يىل مابەينىدە، پەقەت يۈەن سۇلالىسى بىلەن چىڭ سۇلالىسىدىلا خەنزۇلار پادىشاھ بولمىغان. لېكىن ئىلگىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن يىراقراق جايدا ياشايدىغان بۇ مىللەتلەر، بۇ قەبىلىداشلار پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، مىللەتلەر خەنزۇلارنىڭ مەدەنىيىتىگە ئارىلىشىپ كەتكەن. شۇڭا خەنزۇلار ئەزەلدىن ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ باشقا مىللەتلەر تە-

رېپىدىن يېيىلىپ كېتىشىدىن گۇمانلانمىغانىدى. 1840 - يىللىدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىغا قەدەر، ئۆزىنىڭكىدىنمۇ كۈچلۈك مەدەنىيەتنىڭ، ئۆزىنىڭكىدىنمۇ كۈچلۈك قوراللارنىڭ بارلىقىنى، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ پىچاق، مىلتىق، قىلىچ، زەمبىرەكلىرىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى تۇيۇقسىز ھېس قىلىپ قالدى. شىي جىن رېژىسسورلۇق قىلغان «ئەپيۇن ئۇرۇشى» دېگەن كىنودا، چىڭ سۇلالىسىدىكىلەر ئەنگلىيە قوشۇنىنىڭ ھەربىي پاراخوتىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ: «بۈيۈك چىڭ خاندانلىقىنىڭ دۈشمىنى كەلدى» دېگەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ. ئالدى بىلەن لىن زېشۇ قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، دۈشمەننى يېڭەلمەيدۇ، پادىشاھ يەنە ئۆزىنىڭ ئۇكىسىنى يارىشىش سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە ئەۋەتىدۇ، ئەنگلىيە ھەربىي پاراخوتىنىڭ قوماندانى خۇمېندا گۇەن تيەنپېي ۋەتەن ئۈچۈن قۇربان بولغان پوتەينى ئېكسكۇرسىيە قىلىدۇ. گۇەن تيەنپېي ھەقىقەتەن باتۇر ئىدى، ئۇ ئەنگلىيە ھەربىي پاراخوتى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئېغىر يارىلانغان تۇرۇقلۇق، ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغانىدى. ھېلىقى ئەنگلىيەلىك پوتەينى كۆرگەندىن كېيىن: «سىلەرنىڭ دېڭىز مۇداپىئە پوتەيلىرىڭلار مۇشۇما؟» دەپ سورىغان. «ھەئە» دېگەن جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇ: «بۇنىڭ ھەممىسى ئەخلەت!» دېگەن.

شۇڭا جۇڭگولۇق زىيالىيلار جۇڭگو مەدەنىيىتىدىن ئۇزاققىچە ئەندىشە قىلغانىدى. بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز ياۋروپانىڭ كۈچلۈك مەدەنىيىتى ئالدىدا يوقىلىش خەۋپىگە بېرىپ قالغانىدى. بۇ ھەقتە سۇن جۇڭشەن ماۋ زېدۇڭدىنمۇ بەك ئۇرغۇلۇق قىلىپ ئەھۋالنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلىقىنى ئېيتقانىدى. سۇن جۇڭسەن جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئەھۋالىنى قانداق دېگەن؟ ئۇ: «جۇڭگو ھالاكەتكە يۈزلىنىۋاتىدۇ، دۆلەت ۋە مىللەت ھالاك بولۇش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. دۆلەت ھالاك بولسا، ئۇرۇقىمىز قۇرۇيدۇ» دېگەنىدى. ئۇ يەنە: «باشقىلار ھازىر جۇڭگونى ھالاك قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، بىز ھالاك بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالدۇق!» دېگەنىدى. ياۋروپالىقلار جۇڭگونى ھالاك قىلىشقا تەييارلىنىپ بولغان، جۇڭگو ھالاك بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان، باشقىلارنىڭ ھالاك قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغانىدى.

شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئۇلۇغ ئىنقىلاب غەلىبە قىلىش ھارپىسىدا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ئاتاقلىق ئالىم ۋاڭ گوۋېي ئۆلۈۋالدى. ئۇ ئىنگلىزچە، نېمىسچە بىلەتتى، گېرمانىيەلىك پەيلاسوپ ئارتۇر شوپېنخاۋېر (Arthur Schopenhauer)نى ياقتۇراتتى. ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۆلۈۋالدى؟ چۈنكى، جۇڭگو نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان بولۇپ باقمىغان ئۆزگىرىشكە دۇچ كەلگەنىدى. ئۇنىڭغا ئوخشاش ئەنئەنىۋى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىدىن ئوزۇق ئالغان كىشى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ مۇشۇنداق ئېغىر خەۋپكە دۇچ كەلگەنلىكىنى، ياشاش ئىمكانىيىتى قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. مانا بۇ، چېن يىنكېنىڭ ئۇ ھەقتىكى تەھلىلى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى يەنە بىر ئاتاقلىق ئالىم يەن فۇ ئەنگلىيەدە ئوقۇپ قايتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ خۇشلېي (Huxley)نىڭ «تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى ۋە ئېتىكا»نى تەرجىمە قىلغانىدى، ئۇ دارۋىنىزمچىلاردىن ئىدى. ئۇ بۇ كىتابنى ئىنتايىن ياخشى تەرجىمە قىلغان بولۇپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا مەملىكەت بويىچە ھېچقانداق كىتاب نەشر قىلىنمىغان مەزگىلدە، ماۋ زېدۇڭ: «يەن فۇ تەرجىمە قىلغان ‹تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى ۋە ئېتىكا›نى بېسىڭلار!» دېگەنىدى. يەن فۇ بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىپ جۇڭگوغا تونۇشتۇرۇشتىمۇ جۇڭگونىڭ تېزرەك قۇدرەت تېپىشىنى مەقسەت قىلغانىدى، «تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى ۋە ئېتىكا»دا: «ھەممە نەرسە ياشاش ئۈچۈن رىقابەتلىشىدۇ، رىقابەتتە يېڭىپ چىققانلارنى تەڭرى تاللىۋېلىپ داۋاملىق ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ، مەغلۇب بولغانلارنى شاللىۋېتىدۇ»غانلىقى سۆزلەنگەنىدى. لېكىن يەن فۇ جۇڭگودىن ھېچقانداق ئۈمىد يوقلۇقىنى كۆرۈپ يەتكەندىن كېيىن ئىنتايىن ئازابلانغان، ئاخىرىدا ئەپيۇن چېكىپ ئۆلگەن. مۇشۇنداق ئىلغار، مەدەنىي ئادەممۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆلۈپ كەتكەنىدى.

«4 - ماي» ھەرىكىتى مەزگىلىگە كەلگەندە، خىلمۇخىل ئۆتكۈر نەزەرىيەلەر بارلىققا كەلگەن. خۇ جىخۇي: «يىپتا تۈپلەنگەن كىتابلارنى ھاجەتخانىغا تاشلىۋېتىش كېرەك!» دېگەنىدى. سول قانات زاتلارمۇ ئوخشاش بولۇپ، لۇشۈن ياشلارنى جۇڭگونىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇماسلىققا دەۋەت قىلغانىدى. چيەن شۈەنتۇڭ تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتكەن بولۇپ، خەنزۇ يېزىقى ۋە خەنزۇ تىلىنى

يوقىتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەنىدى. مەن، جۇڭگولۇقلار قايسى تىلدا سۆزلىشەر ئىدۇق؟ ئىنگلىزچە سۆزلىشەرمىدۇق؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىپ قالىمەن. چيەن شۆەنتۇڭ تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ: «40 ياشتىن ئاشقانلارنى ئېتىۋېتىش كېرەك» دېگەنىدى. چۈنكى، جۇڭگولۇقلار بەكلا مۇتەئەسسىپ، بېكىنمە، ناچار ئادىتى كۆپ، ھاجەتخانىغا كىرىپ چىققاندا قولىنى يۇمايدۇ (ئەلۋەتتە ئۇيغۇرلار ئۇنداق ئەمەس)، ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تۈكۈرىدۇ، ۋاھاكازالار، مەن بۇ ھەقتە كۆپ توختالمايمەن. ئىچكى ئۆلكىلەر، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرى، خەنزۇلار رايونلىرى زامانىۋىلىق ئۈچۈن قانچىلىك قان-تەر ئاققۇزمىدى؟ قانچىلىغان ئادەم ئەقلىدىن ئازمىدى؟ قانچىلىغان ئادەم ئۆلۈۋالمىدى؟ قانچىلىغان كىشىلەر ئادەم ئۆلتۈرمىدى؟ تەڭقىسلىقتا قالغانلىقتىن شۇنىڭدەك ئۆزىمىزنىڭكىنى ساقلاپ قالماقچى بولغانلىقتىن، يەنى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى، ئازراق زەربىگىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقى، غەرب دۆلەتلىرىنىڭ تالان-تاراج قىلغانلىقىنى كۆرگەنلىك سەۋەبىدىن شۇنداق بولدى. غەربنىڭ نەرسىلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئۆگەنسەك، ئۆزىمىزنىڭ نەرسىلىرىمىزنى يوقىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرىسەك، مەدەنىيىتىمىز يوقىلىدۇ. ئۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ كەسكىن پىكىردىكىلەر جۇڭخۇانىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى يەتكۈزۈپ كېلىۋاتقان خەنزۇ يېزىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك، خەنزۇچە خەتنى يېزىش بەك تەس، پىنيىن يېزىقىلا ئىشلەتسەك ئىشىمىز تېخىمۇ ئاسان بولامدۇ، دېيىشتى. بۇ ئازاب نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ بىر قەدىمىي مەدەنىيەت زامانىۋىلىق ئالدىدا تەشۋىشلەندى، جىددىيلەشتى، خاتىرجەمسىزلەندى، تېڭىرقاپ قالدى، تەڭقىسلىقتا قالدى.

1978-يىلى 12-ئايدا پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش سىياسىتى بەلگىلەندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى بىر قېتىملىق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا زۇڭلى جۇ ئېنلەينىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغانىدى، باشقىلار ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن بەرگەن دوكلاتتا، «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى قەدىمى 1978-يىلى 12-ئايدا ئېچىلغان پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن باشلاندى. بۇ ئۇزاققا سوزۇلغان جەرياننى بېسىپ ئۆتۈشكە 1840-يىلدىن 1978-يىلغىچە جەمئىي 138 يىل ۋاقىت كەتتى، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن يەنە 36 يىل ئۆتتى، جۇڭگو زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇنى ھەممىمىز كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز، ھېچقايسىمىز رەت قىلالمايمىز، بۇنى بىز ئويلاپمۇ باقمىغان، شىنجاڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. مەن شىنجاڭدا 16 يىل تۇرغان، ئۇ چاغلاردا شىنجاڭدا بىر بوتۇلكا پىۋا ئېلىشمۇ ئىنتايىن تەس ئىدى، مەن ئۈرۈمچىدە ئىككى قېتىم پىۋا ئېلىپ باققان. سىرتقا چىققاندا ئەملى ناھايىتى چوڭ باشلىقلارلا پىكاپتا ئولتۇرالايتتى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى مىسلىسىز تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندە، كىشىلەرنىڭ ئىستېمال سەۋىيەسىمۇ مىسلىسىز ئۆستى، سىرتقا چىقىشتىن غەم قىلمايدىغان بولدى.

لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز، تۇرمۇش ئۇسۇلىمىزدا قىسمەن ئۆزگىرىش بولۇشقا، خەرىسقا دۇچ كېلىشكە باشلىدۇق. مەدەنىيەت قارىشىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىز كىشىلەر زامانىۋىلىق ئۈچۈن بەدەل تۆلەيدۇ، دەپ قارايمىز. مەدەنىيەتنىڭ ئىككى ئالاھىدىلىكى بولىدۇ، ئۇنىڭ بىرى ھەر كۈنى جۇغلىنىپ تۇرىدۇ. ھەممە نەرسە مەدەنىيەت، مېنىڭ مۇشۇ يەردە لېكسىيە سۆزلىشىممۇ مەدەنىيەت، بىز ئىشلىتىۋاتقان پىروyېكسىيە، مىكروفون، كومپيۇتېر، يانفون، mp3، ئۈنئالغۇنىڭ ھەممىسى مەدەنىيەت. بىز ھەر كۈنى كىتاب ئوقۇپ، ئۇچۇر قوبۇل قىلىپ، ئۇنى جۇغلاۋاتىمىز. لېكىن بىز مەدەنىيەتنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى يەنى مەدەنىيەتنىڭ ھەر كۈنى يوقىلىۋاتقانلىقىنى تېخىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەك.

مەن شىنجاڭدا 16 يىل ئىشلىدىم ۋە ياشىدىم، 1978-يىلدىن ھازىرغىچە 35 يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئەلۋەتتە، مەن ئايرىلغاندىن كېيىن شىنجاڭغا داۋاملىق بېرىپ تۇردۇم، بۇ يىل ئىككى قېتىم باردىم، بولتۇرمۇ ئىككى قېتىم بارغان. شىنجاڭدىكى مەدەنىيەتمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتىدۇ ھەم ئۈزلۈكسىز جۇغلىنىۋاتىدۇ، ھەم ئۈزلۈكسىز يوقىلىۋاتىدۇ. مەن شىنجاڭدىكى بىر مەنزىرىدىن يەنى تۈگمەندىن ناھايىتى ھۇزۇرلىنىمەن. شىنجاڭدىكى بەزى دەريا-

ئۆستەڭلەردە ئىلگىرى سۇ كۆپ ئىدى، تۈگمەنمۇ كۆپ ئىدى. بولۇپمۇ ئىلدا تۈگمەن كۆپ ئىدى، تۈگمەنگە قاترايدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى رۇسلار ئىدى. تۈگمەن هازىر بەكلا ئازىيىپ كېتىپتۇ، توك بىلەن ئايلىنىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. ئېشەك بىلەن تۈگمەن چۆرۈيدىغانلار تېخىمۇ ئازىيىپ كېتىپتۇ، هازىر توكلۇق يارغۇنچاق چىقىپتۇ، ئاشلىق پىششىقلاش زاۋۇتلىرىمۇ توك بىلەن هەرىكەتلىنىدىكەن. هەتتا بەزىلەردىن ئاڭلىشىمچە، بەزى جايدىكىلەر كەتمەن ئىشلىتىشنىمۇ بىلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ هەيران قالدىم. مەن كەتمەن تۇتۇپ باققان، كەتمەن شىنجاڭدىكى دېهقانلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئەمگەك قورالى ئىدىغۇ. هازىر تۈرلۈك قوراللاردىمۇ ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ، مەن ئۆزۈمنىڭ «بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى» دېگەن رومانىمدا، چالغا ئۈستىدە مەخسۇس توختالغانىدىم. هازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ چالغا ئىشلىتىشنى بىلىدىغان- بىلمەيدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئىلگىرىكىدەك كۆپ بولمىسا كېرەك، هازىر هەممىسى ماشىنىلىشىپ كەتتى. ئىلگىرى چالغىدا بىدە ئورۇيتتۇق، بىر قېتىمدا نۇرغۇن يەرنى ئوروپ بولاتتۇق، ناهايىتى چىرايلىق ئىدى. باشقا رايونلاردا چالغا ئىشلىتىدىغانلارنى ئانچە ئۇچرىتىپ باقمىدىم، چالغىنىڭ ئەدەبىي ئەهمىيىتى ناهايىتى يۇقىرى، «ئاننا كارېنىنا»دا، رومانىنىڭ باش پېرسوناژلىرىدىن بىرى بولغان يانچى ئىگىسى لېۋىنىنىڭ يانچىلار بىلەن بىرلىكتە چالغا ئىشلىتىۋاتقان هالىتى تەسۋىرلەنگەن ۋە بىر پارچە قىستۇرما رەسىم كىرگۈزۈلگەن. هازىر نۇرغۇن نەرسىلەر ئۆزگىرىۋاتىدۇ، نۇرغۇن كۆز قاراشلارمۇ ئۆزگىرىۋاتىدۇ. ئىلگىرى زامانىۋىلىق نەتىجىلىرىنى تىلغا ئالغىنىمىزدا، پۈتۈن مەملىكەت بىر تاختا شاهمات، پۈتۈن دۇنيا بىر تاختا شاهمات، دەيتتۇق. دۇنيا بىر بازار، شۇنداقلا بىرلىككە كەلگەن بازار. بىز ئۇيغۇر تىلىمىزنىڭ ئورنىنىڭ تەھدىتكە ئۇچراۋاتقانلىقىنى هېس قىلىۋاتىمىز. ئالىي مەكتەپكە ئىمتىهان بەرگەنلەر خەنزۇ تىلىنى بىلمىسە ئۆتەلەمدۇ؟ مەمۇرلۇققا ئىمتىهان بەرگەنلەر خەنزۇ تىلىنى بىلمىسە ئۆتەلەمدۇ؟ ئىچكى ئۆلكىدە تىجارەت قىلىدىغانلار خەنزۇ تىلىنى بىلمىسە بولامدۇ؟ بىز خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىپلا قالماي، ئىنگلىز تىلىنىمۇ ئۆگىنىشىمىز كېرەك. هازىر ئىچكى ئۆلكىدىكىلەر هەدەپ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىۋاتىدۇ، بەزىلەر بالىسىنى باللار باغچىسىغا بەرگەندىن تارتىپلا ئىنگلىز تىلى ئۆگىتىۋاتىدۇ. هازىر سىياسەت تەڭشىلىپ، باللار باغچىسىدا ئىنگلىز تىلى ئۆگىتىشكە يول قويۇلمايدىغان بولدى، مەن بۇ هەقتىكى ئەهۋاللارنى چۈشىنىپ كەتمەيمەن. لېكىن مۇشۇنداق بىر- بىرىگە باغلىنىشلىق بولغان چوڭ بازاردا بىزنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىمىزمۇ زور خىرىسقا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن ئىلىنى ئېلىپ ئېيتسام، ئىلگىرى ئۆتۈك تىكىش قاتارلىق بىر قانچە خىل قول هۈنەرۋەنچىلىك كەسپى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغانىدى. لېكىن هازىر بۇنىڭدا ئۆزگىرىش بولدى، ئۇلارنىڭ تىككەن ئۆتۈكلىرى ۋېنجۇلۇقلارنىڭكىدەك سىپتا ئەمەس، ۋېنجۇلۇقلاردەك كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىسى يوق. ئىلدا تىكىلگەن باش كىيىملەرمۇ شۇنداق، نۇرغۇن ئەنئەنىۋى كەسىپلەر قايتا تەشكىللىنىۋاتىدۇ ياكى ئۆزگىرىۋاتىدۇ. ئەسلىدە خوتەندە سۇجۇ ياردەم بېرىپ قۇرغان يىپەك زاۋۇتى بار ئىدى، ئاڭلىشىمچە تاقىلىپ قالغىلى خېلى بوپتۇ. هازىر بارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىمىزدا ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ، بۇ ئۆزگىرىش مەدەنىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ بىرىنچىدىن، بىز بەزى يېڭى نەرسىلەرگە ئېرىشتۇق، ئىككىنچىدىن، بەزى كونا نەرسىلىرىمىزنى يوقاتتۇق.

بۇنداق ئەهۋالدا شىنجاڭدىكى هەر مىللەت خەلقىنىڭ زامانىۋىلىق تېز پويىزىغا چىقىۋالالىشى ياكى چىقىۋالالماسلىقى هالقىلىق مەسىلە بولۇپ قالدى. ناۋادا تاۋار ئىگىلىكىنى پىششىق بىلىدىغان ياپونلۇقلار، ئامېرىكىلىقلار، تۈركىيەلىكلەر كەلسە، مەملىكەت ئىچىدە ۋېنجۇلۇقلار، شاڭخەيلىكلەر، شياڭگاڭلىقلار كەلسە، بىز ئىلگىرىكىدەك موخۇركا، قاق ياكى باشقا كىچىك ئېلىم- سېتىم قىلىش تەجرىبىمىزگە تايىنىپ بۇ تېز پويىزغا چىقالىشىمىز مۇمكىنمۇ؟ شۇڭا، مەدەنىيەتتىكى زامانىۋىلىق نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ، بەزىلەر بالاغا يولۇققاندەك هېس قىلىشىدۇ، قورقىدۇ، هېچ بولمىغاندا بۇنىڭغا كۆنەلمەيدۇ. بۇنداق يېڭى مەسىلىلەردە چېگرا سىرتىدىكىلەر ۋە زامانىۋىلىقنىڭ سىرتىدا قالغان بىر تۈركۈم ئادەملەر، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا بىنورمال، ئۆچمەنلىككە، ئۈمىدسىزلىككە تولغان بىر تۈركۈم ئادەملەر قۇتراتقۇلۇق قىلسا، مەدەنىيىتىمىز قانداق

بولىدۇ؟ بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز ئەسلىدىنلا تاماشا مەدەنىيىتى ئىدى، هازىر ئۈچمەنلىك مەدەنىيىتىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ، بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز ئەسلىدە قېرىنداشلىق مەدەنىيىتى ئىدى، هازىر قورقۇنچلۇق، قاراڭغۇ، تۇتۇق مەدەنىيەتكە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ.

بۇنىڭدىكى مەسىلە شۇكى، بىز زامانىۋىلىقنى رەت قىلماسلىقىمىز كېرەك، زامانىۋىلىقنىڭ قانداق ناتونۇش نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىشىدىن قەتئىينەزەر، زامانىۋىلىقنى رەت قىلىدىكەنمىز، چەتتە قېلىۋېرىمىز، زامانىۋىلىقنى رەت قىلىدىكەنمىز، مەڭگۈ نامرات، قالاق، نادان ئۆتىمىز، دۇنيادىن، دەۋردىن، كەلگۈسىدىن مۇستەسنا قالىمىز.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، زامانىۋىلىق تېز پويىزىدا مەدەنىيەت ئەنئەنىمىزنى، ئالاھىدىلىكىمىزنى ساقلاپ قېلىشقا ۋە جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. شىنجاڭدا، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا نۇرغۇن داڭلىق مەدەنىيەت شەھەرلىرى، ئەتىۋارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بار. ئىچكى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا ياردەم بېرىشكە بارغان خادىملارنىڭ شىنجاڭنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ياخشى ئۆگىنىشىنى ھەمدە بۇ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا كۈچ چىقىرىشىنى، قىلچە بىپەرۋالىق قىلماي، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئەنئەنىۋى نەرسىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بىز ھەل قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر مەسىلە شۇكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى زامانىۋىلىق تېز پويىزىغا چىقىرىشىمىز كېرەك. مۇشۇ زامانىۋىلىق تېز پويىزىدىلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى زامانىۋىلىق ئېلىپ كەلگەن بارلىق مەنپەئەتتىن، تۇرمۇشقا پايدىلىق نەرسىلەردىن، خەلققە پايدىلىق نەرسىلەردىن بەھرىلىنەلەيدۇ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قۇدرەتلىك ئەمەلىي كۈچى ئارقىلىق قوغدىيالايدۇ.

نېمە ئۈچۈن جۇڭگونىڭ هازىرقى مەدەنىيەت ئىشەنچى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا شۇنچە كۆپ ئاشتى؟ 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا دىپلوماتىيەدە مۇنداق بىر ئىشقا يولۇققاندۇق، يەنى بارلىق تەرەققىي قىلغان ئەللەر جۇڭگوغا ئىنتىلەتتى، جۇڭگودا مەدەنىيەت مەركىزى قۇرماقچى بولغان ۋە بۇنى ئۆز ئارا مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇش دەپ ئاتاشقانىدى. بىزنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىتىمىز بويىچە بىرنىمۇ سېلىشقا بولمايتتى. چەت ئەللىكلەر مەدەنىيەت مەركىزى قۇرسا، بىزنى تىنچ يول بىلەن ئۆزگەرتىۋېتەتتى، بىزنىڭ باشقا دۆلەتلەرگە مەدەنىيەت مەركىزى سېلىپ بەرگۈدەك پۇلىمىز بولمىغاچقا، بىز ئۇلارنى ئۆزگەرتەلمەيتتۇق. لېكىن هازىر دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرگە مەدەنىيەت مەركىزى سېلىپ بەردۇق، بىلىشىمچە تەجارەت باشلىغىنى 16 ئىكەن. مەدەنىيەت مەركىزى سېلىپ بېرىشتىن باشقا، يەنە نۇرغۇن پۇل چىقىرىپ، نۇرغۇن جايدا كۇڭزى ئىنستىتۇتى قۇردۇق. بۇ، دۆلىتىمىز كۈچىنىڭ بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى، ئىشەنچىنىڭ ئاشقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەكسىچە، بىز هازىر نۇرغۇن مەدەنىيەت مەركىزى سالدۇردۇق، ئەينى چاغدا بىزگە مەدەنىيەت مەركىزى سېلىپ بەرمەكچى بولغان دۆلەتلەرنىڭ پۇلى بولمىغاچقا جۇڭگودا مەدەنىيەت مەركىزى قۇرالمىدى. هازىر بېيجىڭدا قۇرۇلغان چەت ئەل مەدەنىيەت مەركىزىدىن بىر قانچىسى بار، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يەنى ئىسپانىيەنىڭ سېرۋانتېس ئىنستىتۇتى (Cervantes Inistitute)، گېرمانىيەنىڭ گېتې ئۇنىۋېرسىتېتى (Goethe Inistitute) قاتارلىق يەتتە ئورۇن ماڭا خەت ئەۋەتتى، لېكىن دۆلىتىمىز چەت ئەلدە 16 مەدەنىيەت مەركىزى سالدى. زامانىۋىلاشتۇرۇشتا نەتىجە قازانغاندىلا، تەرەققىي قىلغاندىلا، مەدەنىيەت جەھەتتىكى غەم ـ ئەندىشىمىزنى، بىنورماللىقنى تۈگىتەلەيمىز.

يېقىندا بولغان بىر ئىش مېنى بەك خۇش قىلىۋەتتى، مەن بېيجىڭدا قۇربانجان دېگەن بىر ئۇيغۇر يىگىت بىلەن تونۇشۇپ قالدىم، ئۇ مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئوپېراتورى ئىكەن، خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەيدىكەن. ئۇ شىنجاڭدىن كېلىپ مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئىشلەۋاتقان 110 كىشىنى زىيارەت قىپتۇ، ئۇلارنىڭ تەڭدىن تولىسى كەسپىدە ئۇتۇق قازانغانلار ئىكەن، بەزىلىرى داۋاملىق تىرىشىۋاتقانلار، يەنە بەزىلىرى تېخى ئۇنچە ئۇتۇق قازىنالمىغانلار ئىكەن. بەزىلىرى پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلىگەچ ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتقانلار، ئاشخانا ئاچىدىغانلار، كاۋاپچىلار ئىكەن، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ زامانىۋىلىق قاينىمىدا خېلى ئۇتۇق قازانغان شىنجاڭلىق ھەر مىللەت قېرىنداشلار

ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىز ئەلى بابانىڭ ئالىي باشقۇرغۇچىسى بولۇپ، كىرىمى ۋە ئىناۋىتى يۇقىرى ئىكەن. ئۇلاردىن بىز ئۈچچەنلىك، تەشۋىش، خاتىرجەمسىزلىك، خىجىللىق، ئازاب، قاراڭغۇلۇقنى ئەمەس، بەلكى چاقناپ تۇرغان نۇرنى كۆرگەندەك بولدۇق. چۈنكى، ئۇلار زامانىۋىلىق تېز پويىزىغا چىقىۋالغان. زامانىۋىلىقنىمۇ كەمچىلىكى يوق دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، چۈنكى، زامانىۋىلىق بىزنى ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزدىن بارغانسېرى يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش. لېكىن زامانىۋىلىقنىڭ يەنە بىر تەرىپىنىمۇ ئېنىق كۆرۈشىمىز كېرەك، زامانىۋىلىق بولغاندا، ئەمەلىي كۈچىمىز بولىدۇ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنى قوغداش، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش خىزمىتىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشلىيەلەيمىز. ئالايلۇق، دۆلىتىمىزدە نۇرغۇن ئەدەبىيات - سەنئەت تەشكىلاتلىرى بازارغا يۈزلەندۈرۈلدى، لېكىن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تۈرلىرىدىن بولغان جىڭجۇ، كۇنچۇ، بەزى يەرلىك دىراما ۋە ئەلنەغمە تەشكىلاتلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش ئۈچۈن، دۆلىتىمىز مەلۇم مەبلەغ سېلىۋاتىدۇ، مالىيەدىن ياردەم بېرىۋاتىدۇ، شىنجاڭمۇ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ.

زامانىۋىلاشتۇرۇش، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش يۇقىرى دولقۇنىدا، 12 مۇقامنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتى ئىنسانىيەتنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزدى، شىنجاڭدا مۇقام ئانسامبلى قۇرۇلدى. بىلىشىمچە، 12 مۇقام بېيجىڭدىكى دۆلەت تىياتىرخانىسىدا كەم دېگەندە ئىككى قېتىم ئورۇنلاندى، بۇنىڭ بىر قېتىملىقىنى لىۇ يۈنشەن تەكلىپ قىلغان، شۇ قېتىم دولان مۇقامى، قومۇل مۇقامى، تۇرپان مۇقامى ئورۇنلانغانىدى. شۇڭا بىز زامانىۋى مەدەنىيەت بىلەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى بىر - بىرىگە زىت قىلىپ قويماسلىقىمىز، زامانىۋىلىقنى قوغلىشىش جەريانىدا ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنى تېخىمۇ ياخشى قوغدىشىمىز، جارى قىلدۇرۇشىمىز، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز، ئۇنى قەدىرلىشىمىز كېرەك. زامانىۋىلىقنى رەت قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى قوغدىيالمايمىز. زامانىۋىلىقنى رەت قىلىش نەتىجىدە مىللەتنى خارابىلىشىشقا ۋە يوقىلىشقا يۈزلەندۈرىدۇ.


بۇنداق ئەندىشە ئۇيغۇرلاردىلا ئەمەس، قازاقلاردىمۇ، خەنزۇلاردىمۇ بار. زامانىۋىلىقنى رەت قىلساق، مەدەنىيىتىمىز پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. خەنزۇلاردىمۇ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى گۇ خۇڭمىڭغا ئوخشاش ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى ھەدەپ كۆپتۈرۈۋېتىدىغانلار بار، ئۇ ھازىرغىچە ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇپ يۈرىدۇ، كېسىۋېتىشكە ئۇنىمايدۇ. ئۇ ياۋروپادىكى بارلىق دۆلەتلەرنىڭ تىلىنى دېگۈدەك بىلىدۇ، خۇ شىمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا گەپ قىلالماي قالغان. بىر قېتىم باشقىلار ئۇنىڭغا خۇ شىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا چەت ئەل پەلسەپە تارىخى دەرسى ئۆتىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ خۇ شىدىن: «لاتىن تىلى بىلەمسىز؟» دەپ سورىغان. خۇ شى لاتىن تىلىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، گۇ خۇڭمىڭ: «لاتىن تىلىنىمۇ بىلمەي تۇرۇپ، چەت ئەل پەلسەپە تارىخىنى قانداق ئۆتىسىز» دېگەن. خۇ شى گەپ قىلالماي تۇرۇپلا قالغان. گۇ خۇڭمىڭ لوندوندىكى ۋاقتىدا «تايمىس گېزىتى»نى تەتۈر تۇتۇپ ئوقۇيتتى. شۇ يەرلىك ئىككى يىگىت بۇنى كۆرۈپ: «قاراڭلار ئۇنىڭ دۆتلۈكىگە، خەتنىڭ ئوڭ - تەتۈرىنى بىلمەي تۇرۇپ گېزىت ئوقۇپ كەتكىنىنى» دەپ مەسخىرە قىلغان. گۇ خۇڭمىڭ ئۇلارغا قاراپ ئۆلچەملىك كەمبرىج تەلەپپۇزىدا: «سىلەرنىڭ ئىنگلىزچىڭلار بەكلا ئاددىيكەن، ئوڭ تۇتۇپ ئوقۇسام ئەقلىمگە قىلىنغان ھاقارەت بولىدۇ. تەتۈر تۇتۇپ بىر قانچە مىنۇت كۆز يۈگۈرتۈپ قويسام، دۆلىتىڭلاردا يۈز بەرگەن ھەر قانداق ئىشنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە بىلىپ بولىمەن، شۇڭا بۇنى ئوڭ تۇتۇپ ئوقۇشنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟» دېگەن. ھېلىقى لوندونلۇق ئىككى يىگىت قورقۇپ كېتىپ غىپپىدە كېتىپ قالغان. ئۇ ئەنگلىيە مەدەنىيىتىگە خىرىس قىلىپ: «ئەنگلىيە مەدەنىيىتى ياخشىما؟ قەيىرى ياخشى؟ يەنىلا جۇڭگو مەدەنىيىتىگە يەتمەيدۇ. جۇڭگو مەدەنىيىتى نېمە ئۈچۈن ياخشى؟ بىر ئەر بەش خوتۇن ئالسا بولىدۇ دېگەنلىك، ئەر - ئايال باراۋەر بولمىغانلىق! قانداقسىگە باراۋەر بولمايدۇ؟ بىر چەينەككە بەش پىيالە ياندىپ قويسا بولىدۇ، نەدىمۇ بەش چەينەككە بىر پىيالە ياندىپ قويىدىغان ئىش بولسۇن» دېگەن. بۇنداق ئادەملەرگە تايانغاندا جۇڭگو

مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولامدۇ؟ ئۇ بىر غەلىتە ئادەم، ئۆزى تالانتلىق بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا قوشىدىغان تۆھپىسى زور بولمايدۇ.

زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدا بىز قانچىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقىمىزنى قوغداپ قالالىدۇق؟ دۆلەت مالىيە مىنىستىرلىقى مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ، «يۇگلې قامۇسى»، «جۇڭخۇا مەدەنىيەت قامۇسى»نى نەشر قىلدۇردى، «24 تارىخ»نىڭ بىر قانچە خىل نۇسخىسىنى چىقاردى، شىنجاڭدا ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ يېزىقىدا ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى توپلىمىدىنمۇ نۇرغۇنى چىقىرىلدى. بىلىشىمچە، «قۇتادغۇبىلىگ»نىڭ يېڭى نۇسخىسىدىن ئىككىسى بار، «تۈركىي تىللار دىۋانى»مۇ نەشىردىن چىقتى. ھازىر «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى» نەشر قىلىندى. 4-ئايدا مەن «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»نى تارقىتىش پائالىيىتىگە قاتناشتىم، «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى» ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز، شىبە يېزىقىدا نەشر قىلىندى. ئۇنىڭغا قەدىمكى خەن، تاڭ سۇلالىرىنىڭ غەربىي يۇرت توغرىسىدىكى خاتىرىلىرى، تەسۋىرلىرى، چەت ئەللىك سۋېن ھېدىن، بالدۇر، پېللىئوت، ئېينىشتېين، ئامېرىكىلىقلار، شۋېتسىيەلىكلەر، ئىشقىلىپ ئىلگىرى شىنجاڭغا بېرىپ باققان چەت ئەللىكلەرنىڭ شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا قالدۇرغان خاتىرىلىرى كىرگۈزۈلدى. زامانىۋى مەدەنىيەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى بولمىسا، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنى ساقلاپ قالالىشىمىز مۇمكىنمۇ؟ ئەلۋەتتە، ھازىر مەركىزىي كومىتېتمۇ بۇ ئەھۋالنى تولۇق بىلدى. يېقىندا ئېچىلغان مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ ھۆججىتىدە ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنىپتۇ. زامانىۋىلىقنىڭ ئىشسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى تامامەن مۇمكىن. ئىلگىرى ئىشلىگەن زاۋۇتىڭىز داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالماسلىق، تاقىلىپ قېلىش، ۋاھاكازالار. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز زامانىۋىلىق تېز پويىزىغا چىقىۋېلىشىمىز كېرەك. پارتىيەمىزمۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت قېرىنداشلارنى زامانىۋىلىق يۇقىرى سۈرئەتلىك پويىزىغا چىقىرىۋېلىش كېرەكلىكىنى، بۇنىڭ چېگرا رايونىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ، چېگرا رايوننى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا بىزنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىمىزمۇ تەرەققىي قىلدۇ. بىزمۇ مەدەنىيىتىمىزنى ئەينى پېتى ساقلاپ قالالايمىز.

ئېچكى ئۆلكىلەردە بۇنداق ئەھۋاللار ناھايىتى كۆپ، «4-ماي» ھەرىكىتىدىن باشلاپلا دىرامىلاردا دىكراتسىيە، چىراغ ئىشلىتىش كېرەكمۇ-يوق، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە غۇلغۇلا بولۇشقا باشلىغان. بۇنىڭدا تالاش-تارتىشمۇ بولغان، بەزىلەر قەتئىي ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، مېي لەنفاڭ، چېڭ يەنچيۇ، ما لىيەنلياڭ، ۋاڭ رېنمېي قاتارلىقلارنىڭ ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش دىكراتسىيە ئىشلىتىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتمەسلىك كېرەك، دېگەن قاراشتا چىڭ تۇردى، شۇنداق قىلساقمۇ بولۇۋېرەتتى ئەلۋەتتە، بەزى جەھەتلەرگە يېڭىدىن ئۆزگەرتىش كىرگۈزسەكمۇ ئوخشاشلا بولۇۋېرىدۇ. مىللىي مەدەنىيىتىمىزمۇ شۇنداق، زامانىۋىلىقنىڭ شىددەتلىك دولقۇنىدا مىللىي مەدەنىيەتنى توپلاش، ئاسراش، قۇتقۇزۇش، جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن شارائىت يارىتىشىمىز كېرەك. زامانىۋىلىقنى مىللىي مەدەنىيەتكە زىت نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويساق ھەرگىز بولمايدۇ.

(ئاپتور مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ سابىق مىنىستىرى، بۇ ماقالە يازغۇچى ۋاڭ مېڭنىڭ 2014-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى شىنجاڭ سىنىپىدا سۆزلىگەن «شىنجاڭنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىكى ئەندىشە ۋە مەدەنىيەت توقۇنۇشى» ناملىق نۇتقىدىن ئېلىندى، خەنزۇچە «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»نىڭ 2014-يىلى 9-ئاينىڭ 12-كۈندىكى سانىدىن **نۇرگۈل كېرەم** تەرجىمىسى)





ۋاڭ مېڭ

# شنجاڭ مەدەنيىتى ياشاشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش مەدەنيىتى

دۆلىتىمىزدە خېلى كۆپ مۇسۇلمان بار، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ناھايىتى كۆپ. بۇنىڭ ئىچىدە خۇيزۇلار ئەڭ كۆپ بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان، خۇيزۇلار خېيىنەن ئۆلكىسى، خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسى ۋە دېڭىز بويلىرىدىكى ئۆلكە شەھەرلەردىمۇ بار. يەنە نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىمۇ كۆپ. شىنجاڭدا ئۇيغۇرلاردىن باشقا خەنزۇ، موڭغۇل، شىبە، چاۋشيەن مىللىتى قاتارلىق مىللەتلەر ياشايدۇ. 40 نەچچە يىل ئىلگىرى مەن شىنجاڭنىڭ غۇلجا شەھىرى بايانداي بازىرىنىڭ بايانداي كەنتىدە مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن ۋاقتىمدا، ئابدۇراخمان ئىسىملىك ئۇيغۇر دېھقاننىڭ ئۆيىدە تۇرغاندىم، ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ئىسمى خەلچەم ئىدى.

مەن مۇسۇلمانلارنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن. بىرىنچىدىن، ئۇلار تازىلىققا بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئەتىدىن كەچكىچە سىزنى قول يۇيۇشقا دەۋەت قىلىپ تۇرىدۇ. مەن ئەسلىدە شەھەردىن كەلگەندىكىن، قولۇمنى ۋاقتىدا يۇيۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشۈم كېرەك ئىدى. لېكىن يېزىدا ئەمگەك قىلىپ ھېرىپ-ئېچىپ قايتقان ۋاقتىمدا، كەچلىك تاماق پىشقانلىقىنى كۆرسەملا، قولۇمنى يۇيۇشنى ئۇنتۇپ قالاتتىم، لەغمەن بولسۇن ياكى قوناق نېنى بولسۇن، يېيىشكە ئالدىراپ كېتەتتىم. ئۇلار ماڭا دائىم: «قولىڭىزنى يۇمايلا يەمسىز؟» دەپ ئەسكەرتىپ تۇراتتى، مەن بۇنى باشقىچە ھېس قىلاتتىم. چۈنكى، ئىسلام دىنى پاكىزلىقنى يادرولۇق قىممەت قارىشى دەپ بىلگەچكە، تازىلىققا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئۇلار خەير-ساخاۋەت ئىشلىرىغا بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، بۇنىڭدا سەدىقە بېرىشنى ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇلار قانداق نەرسە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، باشقىلارنىڭ ھاجىتى چۈشكەندە شۇ نەرسىسىنى باشقىلارغا بېرىۋېتىدۇ.

مەن ئىلىدىكى ۋاقتىمدا، ئۆيۈم غۇلجا شەھىرىنىڭ «ئازادلىق» يولىدا «بوستان» مېھمانخانىسىغا يېقىن جايدا ئىدى. ئۆيۈمنىڭ دېرىزىسىگە مىللىي ئوقۇتقۇچىلار تىكىپ بەرگەن پەردە تارتىپ قويغاندىم. بەزى كۈنلىرى كەچتە

قورسقى ئېچىپ كەتكەن تىلەمچىلەر دىرىزەمگە قاراپلا ئاز سانلىق مىللەت ئائىلىسىمىكىن دەپ قىلىپ، ئىشىكىمنى چېكەتتى. ئىشكنى ئېچىپ چىقىشىمغا مېنىڭ خەنزۇ ئىكەنلىكىمنى بىلىپ، پۇل بەرمەيدۇ دەپ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپلا كېتىپ قالاتتى. مەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىۋېلىپ ئۇلارغا پۇل بېرەتتىم. ئۇ چاغلاردا مېنىڭ يانچۇقۇمدىمۇ پۇل كۆپ ئەمەس ئىدى، ئىككى - ئۈچ موچەن چىقاتتى، ھازىر بۇنى پۇل دېگىلىمۇ بولمايدۇ، لېكىن ئاز بولسىمۇ بېرەتتىم. ئىسلام دىنىنىڭ يەنە بىر ياخشى تەرىپى ئۇلار مەبۇدقا چوقۇنمايدۇ، كونكرېت مەبۇد تىكلىمەيدۇ، ئاللاھنى ئادەملەشتۈرۈۋالمايدۇ.

بىر قېتىم يەنە ئىلىنىڭ يېزىسىدا تۆت - بەش ياشلاردىكى بىر قىزچاق بىلەن پاراڭلىشىپ قالغانىدىم. ئۇ چاغلار مېنىڭ ھەدەپ ئۇيغۇرچە ئۆگىنىۋاتقان ۋاقتىم بولغاچقا، كىمنى كۆرسەم پاراڭلاشقۇم كېلىپلا تۇراتتى. بىر قېتىم مەن ئاسماننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «ئاللاھ ئاسماندا» دېگەنىدىم، ئۇ قىز ماڭا قاراپ: «لاۋ ۋاڭ، ئاللاھ ئاسماندا ئەمەس، بىزنىڭ قەلبىمىزدە» دېدى. ئۇ بەك يامان قىز ئىكەن، نەزەرىيە سەۋىيەسى بەك يۇقىرى ئىكەن. بىزنىڭ دىنىدىن ئىزدەيدىغىنىمىزمۇ بىر خىل ئاخىرقى مەقسەت ئۇقۇمى. دىندا بىزگە قەيەردە ئەۋلىيا - ئەنبىيا بارلىقى ئېيتىلغان ئەمەس، ئايدا ئەۋلىيا - ئەنبىيا بار، دەپ كىشىلەر ئايغا چىققاندى، ئۇ يەردىن ئەۋلىيا - ئەنبىيالارنى تاپالمىدى، مارستىنمۇ تاپالمىدى، ئەۋلىيا - ئەنبىيالار پەقەت بىزنىڭ قەلبىمىزدە. بۇ جەھەتتە ئىسلام دىنىنىڭ نۇرغۇن ئىلغار تەرەپلىرى بار. ئۇ خىرىستىئان دىنى، بۇددا دىنى بىلەن بىرلىكتە دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ دىنلارنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشتى. دۇنيادىكى تۈنجى دورا قامۇسىنى ئەرەبلەر يېزىپ چىققان، ئەرەبلەرنىڭ رەقەم جەھەتتە قوشقان تۆھپىسىمۇ ئىنتايىن زور، بۇنى تەپسىلى دەپ يۈرمىسەممۇ بولىدۇ.

لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بىر مۇھىم مەسىلىنىمۇ كۆرۈۋېلىشىمىز كېرەككى، ئىسلام دىنى زادى ئېچىۋېتىش يولىغا مېڭىشى كېرەكمۇ ياكى باشقىلارنى چەتكە قېقىش يولىغا قاراپ مېڭىشى كېرەكمۇ؟ ھازىر ئىنتايىن ئاز ساندىكى شۇنداق ئادەملەر باركى، ئۇلار ئىسلام دىنىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، ئەلۋەتتە، لېكىن ئۇلار چەتكە قېقىش يولىغا قاراپ مېڭىۋاتىدۇ. مەن ئىلىدىكى ۋاقتىمدا بەزى مۇسۇلمان زىيالىيلارنىڭ كاللىسى ئىنتايىن ئوچۇق، كۆكسى - قارنى ئىنتايىن كەڭ ئىدى، تەپەككۇرىمۇ ناھايىتى ئوچۇق ئىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا، مەن باياندايي بازىرى باياندايي كەنتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسلىق ۋەزىپىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە قايتىپ كەلگەن ۋاقتىمدا، بىر ئۇيغۇر خىزمەتدىشىمنىڭ يېنىدا پارس شائىرى ئۆمەر ھەييامنىڭ «رۇبائىيلار»، گو مورو تەرجىمە قىلغان «رۇبائىيلار توپلىمى»نىڭ قولدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنى كۆرۈپ ئىنتايىن تەسىرلەنگەنىدىم. مەن كۆرگەن بىر رۇبائىيدا مۇنداق دېيىلگەنىدى: «بىر قۇرئان بار يەنە بىردە جام، بەزىدە ھالالمىز، بەزىدە ھارام. كۆك گۈمبەز تېگىدە ياشاپ ھەممىمىز، ئەمەس نە مۇسۇلمان، نە كاپىر تامام.» ئۇ 11 - ئەسىردە ياشىغان شائىر بولسىمۇ، دىنىي كەيپىيات قويۇق دۆلەتتە ياشىغان تۇرۇپمۇ، مۇشۇنداق كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويالىغانىدى.

بۇ قېتىم نۇتۇق سۆزلەشتىن ئىلگىرى، مەن ئىرانلىق داڭلىق شائىر ھافىز (ھاجى مۇھەممەد شەمشىدىن شىرازى) نىڭ بىر تۈركۈم شېئىرلىرىنى ئىزدەپ تاپتىم. ھافىز دېگەن بۇ ئىسمىنىڭ مەنىسى «قۇرئان كەرىم»نى پىششىق يادلىيالايدىغان كىشى» دېگەنلىكتۇر. مەن ئىراننىڭ شىرازى دېگەن يېرىگە بارغانىدىم، ئۇنىڭ مەقبەرىسى شۇ يەردە ئىكەن، ئۇنىڭ شېئىرلار توپلىمىنى ھەممە يەردە ئۇچراتقىلى بولىدىكەن، كىشىلەر ئۇنى بەك ياقتۇرىدىكەن. ئۇنىڭ مەقبەرىسىگە بارغانىدىن كېيىن، شېئىرلار توپلىمىنى ئاچسىڭىز، سىز ۋاراقلىغان ئاشۇ بەتتىكى شېئىرلار خۇددى پال ئاچتۇرغاندەك، سىزنىڭ بېشىڭىزغا كېلىدىغان ياخشىلىق، يامانلىق، بالا - قازا ۋە بەخت - سائادەتنى ئالدىن ئېيتىپ بېرەلەيدىكەن. ھافىزنىڭ ئەڭ قارشى تۇرىدىغىنى دىنىي ئەسەبىيلىك، ئىچى تارلىق ۋە باشقىلارنى چەتكە قېقىش ئىكەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى بەكلا كۆپ ئىكەن. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر شېئىردا مۇنداق يېزىلغانىكەن: «كەلگىنىمدە مەسچىتتىن چىقىپ قاۋاققا، ئەيىبلىمە مېنى سەن ئۆزۈڭچە تولا، ئەيىبلەش سۆزلىرى بەكمۇ ئارتۇقچە، ئېسىل مەينى ئىچمەيمىز كۆپلەپ نېمىشقا. ئاھ، قەلبىم! ئەتىمۇ بولساڭنىڭ خۇشال، تولىمۇ مەنىلىك ئۆتەتتى كۈنۈم، ئىنتىلىمەن ئاشۇ كۈنلەرگە».

يەنە بىر شېئىردا ئۇ تېخىمۇ كەسكىن قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «بىلىدىغىنىم كۆپتۇر مېنىڭ، دېيەلمەيمەن ئۆزۈمنى ئىراق، خىرىستىئان مۇرتى، ھىندى دىنى مۇرتى، مۇسۇلمان، بۇددا دىنى مۇرتى ياكى يەھۇدىي دىنى مۇرتى». ئۇ يەنە مۇنداق يازغان: «سۆيىمەن، چېركاۋ، مەسچىت، بۇتخانا ۋە ئىلاھىيەتخانىنى. بىلىمەن، خەقنىڭ بىر ئىلاھنى ھەر خىل نامدا ئاتايدىغىنىنى. مەيلى قايسى دىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كىشىلەر ياخشىلىققا ئىنتىلىدۇ، ھەممەيلەن ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىشنى، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ.» بۇ شېئىرلارنى تەرجىمە قىلىشقا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر قىسىم ئالىملار، شۇنداقلا يەنە باشقا جايدىكى ئالىملار ۋە مۇتەخەسسىسلەر، مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىدىكى مۇتەخەسسىسلەرمۇ قاتناشقان. بۇ شېئىرلارنىڭ ھەممىسى «پارس مەدەنىيەت خەزىنىسى»گە كىرگۈزۈلگەن. ئەينى چاغدا يولداش جياڭ زېمىن ئىراننى زىيارەت قىلغاندا ئىران زۇڭتۇڭى ھاتەمى بىلەن بىرلىكتە «پارس مەدەنىيەت خەزىنىسى»گە ئىمزا قويۇپ، ئۇنىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ نەشردىن چىققانلىقىنى تەبرىكلىگەنىدى. بۇ يەردە مەن ھاراق ـ شارابنى تەكىتلىمەكچى ئەمەسمەن، شۇنداقلا ئىلى ئالاھىدە ھارىقى ياكى ماۋتەي ھارىقى شىركىتىنىڭ ئوبراز ئەلچىسى بولۇش توغرىسىدىكى ھاۋالىسىنىمۇ قوبۇل قىلىپ باققىنىم يوق.

دېمەكچى بولغىنىم، قەدىمكى زاماندىكى مۇسۇلمان زىيالىيلار ئوچۇق ـ يورۇق ئىدى، نېمە دېگۈسى كەلسە شۇنى دېيەلەيتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارمۇ ناھايىتى ئوچۇق ـ يورۇق كېلىدۇ. بۇ دەل جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ئاغىنەمنىڭ دەپ بەرگىنىدەك: «موللامنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما» دېگەنگە ئوخشاش ئىش. بۇنداق دېگەنلىك موللىلارنى كۆزگە ئىلمىغانلىق ئەمەس، موللامۇ ئادەم، ئۇلاردىمۇ مۇسۇلمانلارچىلىققا يات بەزى ئەھۋاللار بولىدۇ، ئۇلارمۇ ئويۇن ـ تاماشا قىلىدۇ، سىم ـ سىم سۈيى (شارابنى دېمەكچى) ئىچىدۇ.

شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، دىن بىلەن بۇ تۇپراق بىرلىشىپ كەتكەن، يەرلىكنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بىلەن سىڭىشىپ كەتكەن، ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ تەقدىرىنى ئىلاھ بەلگىلەيدۇ دەيدىغان دىن ئەمەس. كىشىلەرنىڭ تەقدىرىنى ئىلاھ بەلگىلەيدۇ دەيدىغان دىن دېگەن نېمە؟ كەچۈرۈڭلار، شىنجاڭدا ئازراق شۇنداق، ئۇ يەردە شۇنداق بىر دىنىي مەزھەپ باركى، ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى بۇدالا سارىيىغا بېرىپ، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم باش ئۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، شۇ يەردە ياتقان پېتى ئۆلۈپ كېتىش، مانا بۇ، كىشىلەرنىڭ تەقدىرىنى ئىلاھ بەلگىلەيدىغان جەمئىيەت. شىنجاڭ ئۆرپ ـ ئادەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان، رېئال تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدىغان جەمئىيەت. بايا ئىلى توغرىسىدا توختالغانىدىم، ئىلىدىكى قازاقلار ئۇيغۇرلارنى «ساتلار» دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇيغۇرلار بىر كۈن تىجارەت قىلمىسا بىئارام بولىدىكەن، مانا بۇ بىر خىل تۇرمۇش ئادىتى.

شۇڭا بىز قەدىمكى زاماندىكى ھافىزدەك ئىدىيەمىزنى ئازاد قىلىشىمىز لازىم. بايا تىلغا ئالغان ئۆمەر ھەييامۇ تارىختا ئەمەلدار بولغان، كالېندارنى پىششىق بىلىدۇ، قايسى كۈنى روزا ھېيت بولىدىغانلىقى، كىشىلەرنىڭ قايسى كۈنى روزا تۇتىدىغانلىقى، قايسى كۈنى قۇربانلىق قىلىدىغانلىقى، قايسى كۈنى نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى بەكلا ئېنىق بىلىدۇ، لېكىن ئۇلار شۇنچە ئوچۇق ـ يورۇق، ئادىمىلىكى كۈچلۈك، ئوخشىمىغان شەيئىلەرنى قوبۇل قىلىش ئىدىيەسىگە ئىگە.

ئەمدى «تىرىشىپ ئىشلەش، ئىقتىسادچىل بولۇش، تۇرمۇشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش، ئىلگىرىلەش» ھەققىدە توختىلىمەن. تۆۋەندە مەن ئىلىدا ئىشلىگەن ۋاقتىمدا ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلغان مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرىمەن، بۇ، ئۇزاقتىن بۇيان يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپ قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يەرلىك خەلق بىر خىل يەرلىك سىيىر باقاتتى، بەزىدە سىيىردىن سۈت چىقمىسا ياكى سىيىرنىڭ سۈتى يېتىشمىسە قوشنىسىنىڭ ئۆيىدىن سۈت سورايتتى، يېقىنراق ئۆتىدىغانلار قاچىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ بىر قاچا سۈت سوراپ ئەتكەن چاي قىلاتتى. سۈتنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقاندا يەرگە تۆكۈلۈپ كەتسە، قاچىنى بىر چەتكە قويۇپ، تۆكۈلگەن سۈتنىڭ ئۈستىگە ئازراق توپا يېيىپ، كۆمۈپ قوياتتى. چۈنكى، سۈت ئاسان تېپىلمايدىغان، كالىدىن چىقىدىغان، دېھقانلار سېغىپ چىقىرىدىغان نەرسە بولغاچقا، ئۇلار سۈتنى يەرگە تۆكۈۋېتىشتىن تولىمۇ خىجىل بولاتتى، شۇڭا تۆكۈلگەن سۈتنى يەردە ئوچۇق قويۇشقا بولمايتتى، بۇ، سۈتنىڭ قىممىتىگە ھۆرمەت قىلمە-

غانلىق ھېسابلىناتتى، تۆكۈلگەن سۈتنى چوقۇم تۇپا بىلەن كۆمۈپ قويۇش كېرەك ئىدى.

ئۇيغۇرلار نان كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقاندا، نان يەرگە چۈشۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنى ئېلىپ يېگىلى بولسا، چوقۇم يەردىن ئېلىپ يەيتتى، يېگىلى بولمىسا، ئۇنى چوقۇم كۆمۈپ قوياتتى. مانا بۇ يېزا ئىگىلىك ئەمگىكىگە قىلىنغان ھۆرمەت. ناننى يېقىپ بولغاندىن كېيىن لىمىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ قويۇلىدىغانلىقى شىنجاڭلىقلارنىڭ ھەممىسىگە ئايان، ئۇ يەرگە مۈشۈك بىلەن چاشقان چىقالمايدۇ، يەنە بىر جەھەتتىن شامالداپ قۇرغاق تۇرىدۇ. ناننىڭ ياخشى تەرىپى ئۇنىڭ قۇرغاق، ئۇزاق ساقلىغىلى بولىدىغانلىقىدا. ئۇ موميغا ئوخشىمايدۇ، مومىنى دۈملەپ پىشۇرۇپ قويساق، ئىككى كۈندىلا بۇزۇلۇپ قالىدۇ، ئىسسىق كۈنلەردە بىر كۈنمۇ ساقلىغىلى بولمايدۇ...

يېزا ئىگىلىك ئەمگىكىگە قىلىنغان ھۆرمەت شىنجاڭنىڭ مەدەنىيىتىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيىتى ياشاشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش مەدەنىيىتى، شىنجاڭلىقلار كىشى چوقۇم خۇشال ياشىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. شىنجاڭلىقلار: «ئۆلۈمدىن باشقا ھەممىسى تاماشا» دېيىشىدۇ، شۇڭا ھەممەيلەن خۇشال ياشىشى كېرەك. ھايات ياشىغىنىڭىزغا خۇشال بولامسىز؟ بۇ كۇڭزىنىڭ ئىدىيەسى. كۇڭزى: «ئەقىللىق ئادەم سۇغا، مېھرىبان ئادەم تاغقا ئوخشايدۇ»، «جاسارەتلىك، تىرىشچان ئادەم ئاش - تاماقنى ئۇنتۇيدۇ، ئۆگەنگەنسېرى خاپىلىق ۋە غەم - قايغۇنى ئۇنتۇيدۇ، ئۆگىنىۋېرىپ قانداق قېرىپ كەتكىنىنىمۇ بىلەلمەي قالىدۇ» دېگەنىدى. باشقىلار كۇڭزىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئۇستازىڭلار قانداقراق ئادەم، دەپ سورىغاندا، ئۇلار كۇڭزىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن. كۇڭزى ئۇلارغا: «سىلەر نېمىشقا مېنى جاسارەتلىك، تىرىشچان، ئاش - تاماقنى ئۇنتۇپ قالىدىغان، ئۆگەنگەنسېرى خاپىلىق ۋە غەم - قايغۇنى ئۇنتۇيدىغان، ئۆگىنىۋېرىپ قانداق قېرىپ كەتكىنىنىمۇ بىلمەي قالغان ئادەم دېمەيسىلەر» دەيتتى. مانا بۇ، بىر خىل ياشاشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش روھى. بۇلار جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز غەربلىكلەر تەكىتلەۋاتقان رىقابەتلىشىشنى، يېڭىش - يېڭىلىشنى تەشەببۇس قىلىش، ياخشىلارنى تاللاپ ناچارلارنى شاللاش بىلەن ئوخشىمايدۇ.

مېنىڭچە «پەرققە ھۆرمەت قىلىش، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا يول قويۇش، ئۆزئارا ياقتۇرۇش» ئىنتايىن ياخشى بىر خىل قاراش. پەرقىمىز بولغانلىقى ئۈچۈنلا بىر - بىرىمىزگە ئۆچ بولساق، بىر - بىرىمىزنى كۆزگە ئىلمىساق بولمايدۇ. پەرق بولمىسا، تۇرمۇشنىڭ ھېچقانداق مەنىسى بولمايدۇ. شۇڭا بۇ ئىنتايىن ياخشى ئۇسۇل، توغرا پوزىتسىيە.


جۇڭگولۇق داڭلىق ئالىم فېي شۆتۆڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان، ئۇ ئەنگلىيە خانلىق جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، دۇنيانىڭ ئىلىم ساھەسىدىكى ئابرۇيلۇق شەخس. ئۇ: «ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇشى، ئۆزىدە يوق نەرسىلەرنى باشقىلاردىن ئۆگىنىشى، ئۆزىدە بار بولسىمۇ، باشقىلاردىن ئۆگىنىشى كېرەك. جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ناھايىتى ئېسىل، چوڭقۇر مەدەنىيەت، لېكىن غەرب مەدەنىيىتىمۇ ئىنتايىن ياخشى مەدەنىيەت، بىزمۇ غەربنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشىمىز، باشقىلارنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىدىن پايدىلىنىشىمىز كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، ھەرقايسى مىللەتلەر، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىگە يول قويغىلى، ئۆزئارا ئۆگەنگىلى، دۇنيانىڭ رەڭدارلىقىنى، مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىقىنى نامايان قىلغىلى بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا، ئەۋلادلىرىمىزنى تەربىيەلەپ، چوڭ جەھەتتىن ئوخشاش بولغان جەمئىيەت بەرپا قىلالايمىز» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ھەر قانداق كىشى ئۆزىنىڭ ياخشى نەرسىسىنى ئېتىراپ قىلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە باشقىلارنىڭ ياخشى نەرسىلىرىنىمۇ كۆرۈشى كېرەك، ئۇ گەرچە ئوخشاش بولمىسىمۇ، گۈزەل نەرسىلەردىن تەڭ پايدىلانساق بولىدۇ. مېنىڭچە بۇ ئىنتايىن ياخشى فاڭجېن ۋە شوئار.

(ئاپتور مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ سابىق مىنىستىرى، بۇ ماقالە يازغۇچى ۋاڭ مېڭنىڭ 2014 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى شىنجاڭ سىنىپىدا سۆزلىگەن «شىنجاڭنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىكى ئەندىشە ۋە مەدەنىيەت توقۇنۇشى» ناملىق نۇتۇقىدىن ئېلىندى، خەنزۇچە «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»نىڭ 2014 - يىلى 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىكى سانىدىن **نۇرگۈل كېرەم** تەرجىمىسى)

---

تىلماچ: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى تەرجىمە باشقارمىسىدىن.

# تەپەككۇر مېۋىلىرى



## تەپەككۇر تەرمەچلىرى

▲ ئويۇن-تاماشا، بەزمە-مەشرەپ كۆپ يەردە يالغان كۈلكىمۇ كۆپ بولىدۇ.

▲ نادان ئادەمنىڭ سەۋر-تاقىتى بەك چەكلىك بولىدۇ.

▲ تاشنى تەشكەن سۇنىڭ غەزەپ-نەپرىتى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ سەۋر-تاقىتى.

▲ چېچىلاڭغۇ تۇرمۇشتىن ئەخلەت ئادەملەر يېتىشىپ چىقىدۇ.

▲ ئىشەنچىسى سۇس ئادەمنىڭ گۇمانى كۆپ بولىدۇ.

▲ ھەرقانچە قۇۋۋەتلىك ياخشى دورىنىمۇ خاتا ئىستېمال قىلساڭ، ئەكس تەسىر بېرىدۇ.

▲ قۇرۇق ئارماندا ئۇچقان كىشى، ھالاكەتكە قاراپ ماڭغان بولىدۇ.

## تەپەككۇر كۆزى

▲ گۈل شېخىدا گۈزەل، شېخىدىن ئايرىلسا، ئۆمرى ئۇزۇن بولمايدۇ.

▲ مۇناپىق ئادەم بىر ئىشنى دىلى بىلەن ئەمەس، تىلى بىلەن قىلىدۇ.

▲ پۇل بىلەن پۇل تاپالايدىغان ئادەملەر كۆپ بولغان بىلەن، پۇل بىلەن ئەقىل تاپالايدىغان ئادەملەر ئاز.

▲ ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ئىشەنچلىك مەبلەغ سالىدىغان جاي كاللا.

▲ بىر ئەلنىڭ سانائىتى — بىر ئەلنىڭ كارامىتى، شۇنداقلا بەخت-سائادىتى.

▲ ئەقلى-ھوشى سەگراتقا چۈشۈپ بولغان ئادەمگە تەربىيە تەسىر قىلمايدۇ.

▲ مەسئۇلىيەتچان ئادەم ئەستايىدىل كېلىدۇ.

▲ مەدەنىيەتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ئۇنىڭ ئومۇمىيلىشىشى بىلەن بولىدۇ.

▲ يىلان-چايانىنىڭ قەھرى يوق بولغان بىلەن زەھرى بار.

▲ بايلىق كۈچ، ئىلىم ئەقىل دېمەكتۇر. ئەقىل بىلەن كۈچ بىرلەشسە غەلىبە دېمەكتۇر.

▲ بايلارنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىدىغان ئالىملار، ئالىملارنىڭ ئىززىتىنى قىلىدىغان بايلار شۇ يۇرتتىكى ئەڭ ياخشى كىشىلەردۇر.

▲ بىر خەلقنىڭ سانائەتلىشىش دەرىجىسى، مەدەنىيلىشىش دەرىجىسى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ.

▲ ئەمەلىي بىلىم ئالماي، ناتوغرا يوللار بىلەن ئۇنۋان ئالغانلارنىڭ سەۋىيەسىنى «مەدەنىيەت سەۋىيەسى» دېگەندىن، نادانلىق ياكى قالاقلىق سەۋىيەسى دېگەن توغرىراق بولىدۇ.

▲ ئالىي ئوقۇش يۇرتىغا پۇل تۆلەپ كىرگىلى بولغان بىلەن، ئىلىم-بىلىمنى بىۋاستە پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ.

▲ يالغانچىلىق قارغىشقا، راستچىللىق ئالقىشقا يېقىن.

▲ ئىشەنچ — خەزىنە، باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشسەڭ، خەزىنىسىگىمۇ ئېرىشىسەن.

▲ نادان رىۋايەتكە، ئەخمەق قۇرۇق گەپكە، ئاقىل ئەمەلىيەتكە ئىشىنىدۇ.

▲ نادان چۈشكە قاراپ، ئاقىل كۈچىگە قاراپ (بېقىپ) ئىش قىلىدۇ.

▲ پاكىزلىق بەخت-سائادەتكە، مەينەتچىلىك نەسلىك-پالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

▲ چىن قەلبىڭدىن بولمىغان ئىشلارنى دائىم سۆزلەپ تۇرمىساڭ ئۇنتۇپ قالىسەن.

▲ داڭلىق شىركەتلەر سۈپەتكە كۈچىسە، ئادەتتىكى شىركەتلەر تەشۋىقاتقا كۈچەيدىكەن. بىلەمسەن، مالىڭ سۈپىتىدىنمۇ ياخشى تەشۋىقاتچى بولمايدۇ.

▲ بىرگە ئۆزىنى ھەددىدىن ئارتۇق چوڭ بىلىدىغانلارنىڭ، بىرگە ئۆزىنى ھەددىدىن ئارتۇق تۆۋەن چاغلايدىغانلارنىڭ ئېغىزى يالغانغا يېقىن تۇرىدۇ.

▲ پاسىقلىق گۇمراھلىققا ئەڭ يېقىن، ھىدايەتكە ئەڭ يىراق.

▲ باشقىلارغا چىراغ كۆتۈرۈپ ماڭغان ئادەم كۆپ پۇتلىشىدۇ.

▲ ئەلنىڭ بېشىغا ئاپەت كەلگەندە موكۇۋالغان ئەرگە، ئاسمان-زېمىن لەنەت قىلىدۇ.

▲ بىكار تەلەتلەردە ئەڭ كۆپ بولىدىغىنىمۇ، ئەڭ كۆپ ئىسراپ قىلىنىدىغىنىمۇ ۋاقىت.

▲ ئىچىدە شۇملۇق كۆپ ئادەم، باشقىلاردىن نۇقسان ئىزدەشكە ئامراق.

▲ ئابرۇي-ئىناۋەتنى ھەقىقەتنىڭ ئۈستىگە قويۇش كىبىر-تەمەننانىڭ ئەڭ چوڭ ئالامىتى.

▲ مەسئۇلىيەتچان ئادەم ئاۋام-خەلقنىڭ ئىشەنچىسى، مەسئۇلىيەتسىز ئادەم ئاۋام-خەلقنىڭ كۆشەندىسى.

▲ داملانغاننىڭ كۆلكىسى جىق، داملىغاننىڭ تۆلكىسى.

▲ يالغانچىلىق كۆپ يەردە ئىشەنچ ئاز، ئىشەنچ ئاز يەردە يالغانلىق كۆپ بولىدۇ.

▲ ھەرقانداق ئادەمنىڭ قولىدىكى ناننى ئىشەنگەن ئادەمگە تەڭلىگۈسى كېلىدۇ.

▲ ئاتا-ئانىنىڭ بىرىنچى پەرزى بالىلىرىنىڭ ئاغزىغا ئىلىم سېلىش.

▲ ھەممە ئىشنى ئۆزىنىڭ پايدىسىغا كۆزلەيدىغان ئادەمدىن ساڭا مەڭگۈ ۋاپا كەلمەيدۇ.

▲ يالغان گەپنى تولا ئاڭلىغان ئادەمنىڭ ئىشلىرى ئالغا باسمايدۇ.

▲ ھەقىقىي موللامدىن بىرى بولمىسا موللا جىقلىشىپ كېتىدۇ. موللىنىڭ جىقلىقى ھەقىقىي بىرىنىڭ يوقلۇقىدىن بولىدۇ.

▲ ياخشىلىق ئۆمۈرنىڭ بەرىكىتىنى ئاشۇرىدۇ.

▲ ناھەق قولغا كەلگەن نەرسە باشقىلارنىڭ لەنەت-نەپرىتىنى ئەڭ ئېلىپ كېلىدۇ.

▲ باشقىلارنى قورقۇتتۇم دېمە، چۈنكى بىر قورقۇشقا بىر نەپرەت ئارىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. سەندىن قورقىدىغانلار كۆپ بولسا، ساڭا نەپرەتلىنىدىغانلارمۇ كۆپ بولىدۇ.

▲ بىلمىگەن، چۈشەنمىگەن ئىشلارغا ئەگەشكەن ئادەم، ئۆزىنىڭ بويىنىنى ئۆزى باغلاپ باشقىلارغا تۇتقۇزۇپ قويغان ئادەمدۇر.

▲ نادان ئادەم كىم ياخشى يولغا باشلىسا شۇنىڭدىن يىراق قاچىدۇ.

▲ پۇشايمان كېچىككەنسېرى ئەھمىيىتى كىچىكلەيدۇ.

▲ شەيتاننىڭ قويۇپ بېرىدىغىنى هاراق، يۇقتۇرىدىغىنى شالتاق، تېرىپ بېرىدىغىنى چاتاق، ماڭدۇرىدىغان يولى تۇزاق، ئەڭ ئاخىرقى ئاپىرىدىغان جايى دوزاخ.

▲ بىر ئېغىز يالغانغا ئىشەنسەڭ، پۈتۈن بىر قەدەم تايغان بولىدۇ.

▲ ھېچقانداق مۇئەييەن تەۋەلىكى يوق گەپنىڭ، ئەمەلىيەتتە يالغان گەپ بىلەن پەرقى يوق.

▲ پىلاننىڭ جېنى ئىراقنى كۆرۈشتە، تەدبىرنىڭ جېنى ئىنچىكە، ئەستايىدىل بولۇشتا.

▲ قۇرۇق خىيالدا چۈش كۆرۈپ يۈرگىچە، قۇرۇق قول بولساڭمۇ ئىش كۆرۈپ يۈر.

▲ مېنىڭچە، سېنىڭلا راست دەپلا يۈرگەن ئادەمدىن، مېنىڭمۇ راست دېيەلەيدىغان ئادەم جۈرئەتلىك ھەم ئىشەنچلىك كېلىدۇ.

▲ پۇشايمان قۇرۇق خىيالنىڭ، نادامەت بىغەملىكنىڭ، نەسلىك پەسكەشلىكنىڭ ئارقىسىدىن كېلىدۇ.

▲ ئايال كىشىنىڭ يۈزى قېلىنلاشقانسېرى، ئەخلاقى نېپىزلىشىدۇ.

▲ قۇرۇق گەپنى تىل كۆتۈرگەن بىلەن، دىل كۆتۈرەلمەيدۇ.

▲ ھەسەتخورنىڭ دىلغا ئازارىسى، پىتنە ـ پاساتچىنىڭ بالا ـ قازاسى، ئۇششۇق، ئۆكتەمنىڭ ئۇرۇش ـ ماجىراسى كۆپ بولىدۇ.

▲ پىتنە ـ پاساتچىلارنىڭ ئارىسى تىكەنلىككە ئوخشايدۇ.

▲ پوچى سىناقتىن، يالغانچى سوراقتىن قورقىدۇ.

▲ سۈكۈت كۆلگە چۆكقالغان سۇ، ئۇزاق تۇرسا ئۆزلۈكىدىن تىنىپ يوقاپ كېتىدۇ.

▲ يوقسۇزلۇق بۇگۈننىڭ كېمى، بىلىمسىزلىك كەلگۈسىنىڭ.

▲ تەربىيە ئەۋلادنىڭ غېمى، ئەجدادنىڭ چىرىغى.

▲ باشقىلارغا مەنپەئەت ئەكەلمەيدىغان تەربىيەنىڭ ئەھمىيتى يوق.

— مۇھەممەدجان ئابدۇغېنى

ئاپتور: كېرىيە ناھىيەلىك خەلق قورالىق بۆلۈمىدىن

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ ئۆز ئائىلىسىگە ساداقەتسىز، چېقىمچى، غۇرۇرسىز ئەردىن، ئىگىسىنىڭ بەرگىنىگە شۈكۈر قىلىپ ياتقان باغلاقتىكى ئىت مىڭ ياخشى.

▲ باغۋەن ئۆزى بىنا قىلغان مېۋىلىك دەرەخلەردىن مېۋە ئۈزۈپ يېگىنىگە كۆرسە زىنھار ئاچچىقلانمايدۇ. ئەكسىچە شېخىنى قايرىپ، سۇندۇرۇپ قويساڭ، بىر ئۆمۈر ساڭا نەپرەت كۆزى بىلەن قارايدۇ.

▲ تۇرمۇشتا ئېرىشكەن نەرسىنىڭ ھەممىسىنلا ئىلكىمدە تۇتۇپ تۇرىمەن دېگۈچى ھەقىقىي ئەخمەقتۇر.

▲ كىشىلىك تۇرمۇشتا تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئېرىشكەن نەرسەڭنىڭ كۆپ ۋە زىيادە بولۇشىنى تىلمەي، ساپ ۋە ھەقىقىي بولۇشىنى ئۈمىد قىل!

▲ باش — ئىشلىمىسە، ئۇ گويا بىر تاش.

▲ ئادىمىيلىك پەزىلىتىڭ بولسىلا، ئادىمىيلىك داستىخىنىڭدا زاغىرا نان بولسىمۇ، مېھمانغا سۇنۇۋەر.

▲ باشقىلار نەزەرىدە ئۇششاق، ئەرزىمەس ئىش دەپ قارالغان ئىشنىمۇ، پاكىز ۋە تەرتىپلىك قىلىپ بىر باشقا ئەپچىقالىغان كىشى — چوڭ ئىشلارنىمۇ قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان كىشىدۇر.

▲ باشقىلارغا چىدام ـ غەيرەتلىك بول، دەپ تەنبىھ بەرمەي، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭ چىدام ـ غەيرەتلىك بول!

▲ ھاياتنى چىن مەنىسى بىلەن چۈشەنگەن ئادەم — بېشىغا كەلگەن كۆلپەتنى ئۈن ـ تىنسىز يېڭەلىگەن ئادەمدۇر.

▲ ئۆزۈڭ ئۈچۈن سۆزلىسەڭمۇ، ئۆزۈڭ ئۈچۈن ياشىما.

▲ ھالال تەر ئارقىلىق ئېرىشكەن ئازغىنە بايلىقمۇ سېنى خۇرسەن قىلالىسا، سەن شۇندىلا ھەقىقىي ئادەمدەك ياشاۋېتىپتىمەن، دەپ ئويلا.

▲ ھاياتلىقتا كۈرەشتىن، تىرىشىش ـ تىرمىشىشتىن يالتىيىپ، ھەقىقىي بەختكە نائىل بولىمەن، دەپ ئويلىما.

— تۇرغۇنجان ئابلا تېرىمى

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيەسىدە، دېھقان.

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ ئەڭ تەس ئىش — سۆزنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇ-

رۇش.

▲ روھىي جەھەتتىكى زەئىپلىشىش تۇرمۇشتىكى ئىللەتلەرنىڭ كۆپىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

▲ زەئىپلەشكەن قەلبتە مېھىر ـ مۇھەببەت بولمايدۇ، دەپسەندە قىلىنغان قەلبتە ۋىجدان ـ غۇرۇر.

— ئىسمائىل يۈسۈپ

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىسى.

## ئۈمىد ھېكمەتلىرى

▲ بۈگۈنى بولمىغان ئادەمنىڭ ئەتىسىمۇ بولمايدۇ.

▲ ھاياتنى ھەقىقىي سۆيگەن كىشىلا ئۇنىڭ غوجايىنىغا ئايلىنالايدۇ.

▲ چېچەكنىڭ ئىززى مېۋىدۇر.

▲ مەسئۇلىيەتچان ھايات ئەبەدىيەتكە يۈزلەنگەن بولىدۇ.

▲ ياشاش ئىنساننىڭ ئۆزىنى ئىسپاتلاش جەريانىدۇر.

▲ ھەممە ئادەمنىڭ ئۆز تىرىشچانلىقىغا يارىشا نەتىجىسى بولىدۇ.

▲ بىزنىڭ ئېرىشەلەيدىغىنىمىز مەڭگۈلۈك قىممەت، ھەرگىزمۇ مەڭگۈلۈك خەزىنە ئەمەس.

▲ بىرەر نەتىجىگە ئېرىشمەي تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مۇھىملىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

▲ مەنىلىك ھايات ئۇزاق داۋاملىشىدۇ.

▲ تۈمەنمىڭ مۇمكىنچىلىك بىر تامچە تەرگە يەتمەيدۇ.

▲ ھەرىكەتلەنمىسەڭ دەريا بويىدا بولساڭمۇ تەشنالىقتا ئۆلىسەن.

▲ كۆزىنىڭ ئېچىلىشى قولنىڭ ئىشلىشىدىن كېلىدۇ.

▲ ھۇرۇنلۇق يوقلۇقنىڭ مەنبەسى.

▲ تەر بار يەردە تەشۋىش يوق.

▲ ئارزۇ قىلغان ئىشنىڭ جاپاسى بىلىنمەس.

▲ تۇرمۇش — پۇرسەت دېڭىزىدۇر.

▲ ئەسكىلەرنىڭ بۇرنى قانىماي قالمايدۇ.

▲ گۈزەللىكنىڭ دۈشمىنى ھەممىنىڭ دۈشمىنىدۇر.

▲ رەزىللىك تەگسىز سازلىققا ئوخشايدۇ، دەرھال چىقمىسىڭىز چۆكۈپ كېتىسىز.

▲ نىيىتى بۇزۇلغان ئادەمگە ھىدايەت كار قىلمايدۇ.

▲ پۇل بولمىسا بولمايدۇ، ئەمما پۇللا بولسا بولمايدۇ.

▲ چۈشەنگەن ئادەمگە نامراتلىقتىن يىرگىنىشلىك ئىش يوق.

▲ ۋىجداننى خاتالىققا قايىل قىلدۇرالىغان ئادەم رەزىلدۇر.

▲ ئەپۇنى بىلمىگەن ئادەم پۇشايماندا ياشايدۇ.

▲ ئەخلاق — تەقدىرگە سەۋەب بولىدۇ.

▲ ماددىغا ئۈمىد باغلىغان ئادەمنىڭ ئۆمرى قۇلچىلىقتا ئۆتىدۇ.

▲ ئېرىشىش تىرىشىش بىلەن ئۇلۇغ تاناسىپتۇر.

▲ ئۆزگىرىش ياسىيالمىغان بىلىش ئىككىنچى بىلمەسلىكتۇر.

▲ ئېرىشىدىغىنىڭىز ئۆگىنىۋالغىنىڭىزغا ئەمەس، قىلغانلىرىڭىزغا باغلىق.

▲ كۆلنىڭ سۈيى يېڭىلىنىپ تۇرمىسا ئېچىكلى بولمايدۇ.

▲ ئاخىرقى نۇقتىغا چىققاندا دۇنيا سىزنىڭ بولىدۇ.

▲ تەجرىبە ـ ساۋىقى يوق ئادەم ئاسان خاتالىشىدۇ.

▲ ئادىتىنى سەرخىللاشتۇرۇپ بارالايدىغان ئادەمنىڭ ئېرىشەلمەيدىغىنى يوق.

▲ رەقىبى بولمىغانلار ئۇيقۇچان ۋە ناباب كېلىدۇ.

▲ ئۆگىنەلەيدىغان ئادەمنىڭ قىلالمايدىغىنى يوق.

▲ بەدەل تۆلەشنى بىلمىگەن ئادەم ياخشى ئوقۇغۇچى بولالمايدۇ.

▲ تەربىيە ئالدى بىلەن بىر مىللەتنى كەلگۈسىگە تەييارلاش مەسلىسىدۇر.

▲ تەربىيەنىڭ قانۇنىيىتى روھنىڭ قانۇنىيىتىدۇر.

▲ ھاياتلىق يولى تەربىيەدىن باشلىنىدۇ.

▲ ئۆزىنى بىلمىگەنلەرنىڭ قىسمىتى كۆپ.

▲ ئۆزىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئۆزىگە ئىگە بولۇشتۇر.

▲ مۇقەسسىز ئادەم خۇشامەتچىگە ۋە ئەخلەتكە ئايلىنىدۇ.

▲ ئىدىيەسى يوق ئادەمنىڭ ھېچنىمىسى بولمايدۇ.

▲ قانائەتسىز ئادەم پۇشايمان ئىچىدە ئۆلىدۇ.

▲ هالاللىق — خاتىرجەملىكنىڭ ئانىسى.

▲ ھەقىقەتتى يوق ئادەمنىڭ مەنۋىيىتىمۇ بولمايدۇ.

▲ ئاساسسىز گۇمان خاتالىقتۇر.

▲ ئويلىنىشقا ئىرىنىدىغانلارنىڭ پۇشايمىنى كۆپ بولىدۇ.

▲ توپاندىن ئامان قالاي دېسەڭ، ئۆز كېمەڭنى ياسا.

▲ بىر ئادەمگە ئۆزىنىڭ ئىشەنچىسىلا يېتىپ ئاشىدۇ.

▲ ھەرىكەتسىز ئىشەنچ ئەخمەقلىقتۇر.

▲ پىچىقىڭ بولسىلا كەسمەسلىكتىن غەم يېمە.

— ئابدۇرەھىمجان يۈسۈپ ئۈمىد

ئاپتور: ئاقسۇ شەھىرى ئايكۆل بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپ

## قىر بېشىدىكى ھېسلار

▲ يىلان - چايانلار دورا بولغاچ، بەزى كىشىلەر ساقىيالىغان، نادان - گوللار بولغاچ بەزى كىشىلەر بىپىالىغان.

▲ يۈرىكى دەرد تارتمىغان بىلىمسىز ئەخمەقلەرگە ئەل تۇتقۇزۇلسا مالىمانچىلىق، بۇرىتى خەت تارتمىغان تەجرىبىسىز گۆدەكلەرگە يەر تۇتقۇزۇلسا، ئاچارچىلىق يۈز بېرىدۇ.

▲ يىلاننى ئۆلتۈرمەسلىك مالچىنى ئۆلسۇن دېگەنلىك، ياماننى ئەيىبلىمەسلىك ياخشىنى يۇتسۇن دېگەنلىك.

▲ دەرەخنىڭ غولىنى چوڭايتىدىغىنى شېخىدىكى ياپراق، دۆلەتنىڭ ئۇلىنى چىڭىتىدىغىنى پۇقرادىكى ئەخلاق.

▲ ئات بىلەن يول تالاشقان ئېشەك، تاش بىلەن كۈچ سىناشقان كىسەك بىچارە.

▲ بۆرىنى قوتانغا، بەگنى خامانغا يولاتما.

▲ ھەرە بار يەرگە ھەسەل، خەتەر بار يەرگە گۆھەر جايلاشقان.

▲ مېھىرسىز تۇغقىنىڭغا چىشىڭنىڭ ئېقىنى، رەھىمسىز دۈشمىنىڭگە كۆزۈڭنىڭ يېشىنى كۆرسەتمە.

▲ ھەسەتتىن — غەيۋەت، ئىشرەتتىن — ھەسرەت تۇغۇلار.

▲ بويۇڭ يوغان غۇرۇر يوق، يېرىڭ ئوبدان ھوسۇل يوق بولۇپ قالمىسۇن.

▲ ئېشەك ياتقان يەردە تېزەك بىلەن تۈك قالىدۇ، ئەخمەق تۇرغان يەردە ئەخلەت بىلەن يۈك قالىدۇ.

▲ ئادەمنىڭ زېرىكى ئەلنى، ھايۋاننىڭ تېزىكى يەرنى ياخشىلار.

▲ تاغدىكى قارىغاينىڭ شېخىنى يىرغان تىيىن بىلەن مايمۇن، ئۆيدىكى مومايىنىڭ چېچىنى يۇلغان كېلىن بىلەن يانفون.

▲ قىممەتلىك بۇيۇم تازىلانماي قالماس، ھۆرمەتلىك ئالىم ئەسلەنمەي قالماس.

▲ بويتاقلىق غېرىبلىقنى، ئىتتىپاقلىق تىنچلىقنى تۇغىدۇ.

▲ قېرىلىقتىكى غۇربەتچىلىك، ياشلىقتىكى بەتخەجلىك.

▲ مايلامچىلارنىڭ قولىدا ئاياغ بىلەن چوتكا، ئاقنانچىلارنىڭ ئالدىدا هاراق بىلەن رومكا.

▲ شەھەرنى كۆرمىگەنلەر جاھاندىن، سەھرانى بىلمىگەنلەر خاماندىن خەۋەرسىز.

▲ چۈشىنىڭ ئوزۇقى پاسكىنا - مەينەت نەرسىلەر، ھۇرۇننىڭ دوستى چاكىنا - ئەخمەق كىشىلەر بولىدۇ.

▲ ھاپ - ھاپ ئىتتىڭغا سۆڭەك، كاپ - كاپ دوستۇڭغا ساۋاق بەر.

— تۇردى ئالاۋۇش

ئاپتور: كۇچا ناھىيە خانىقاتام يېزا چىمەن كەنتىدە، دېھقان.

## قىزلار ئۈچۈن ئەيىبلەر

▲ قىزلار ئۈچۈن بىلمەسلىك ئەيىب ئەمەس، تىرىشماسلىق ئەيىب.

▲ تىلسىزلىق ئەيىب ئەمەس، بىلىمسىزلىك ئەيىب.

▲ بويى پاكارلىق ئەيىب ئەمەس، كۆڭلى پەسلىك ئەيىب.

▲ كەمبەغەللىك ئەيىب ئەمەس، نادانلىق ئەيىب.

▲ تېرىنىڭ قارىلىقى ئەيىب ئەمەس، كۆڭۈلنىڭ قارىلىقى ئەيىب.

▲ ياسىنىش ئەيىب ئەمەس، چاكىنىلىق ئەيىب.

▲ ياۋاشلىق ئەيىب ئەمەس، ئىقتىدارسىزلىق ئەيىب.

▲ ئۆزىگە ئىشىنىش ئەيىب ئەمەس، تەكەببۇرلۇق ئەيىب.

▲ جانلىقلىق ئەيىب ئەمەس، شاللاقلىق ئەيىب.

## تەپەككۇرۇمدىن تامچىلار

▲كىشىمەن ئالتۇندىن بولسىمۇ بەربىر كىشىمەن!

▲ كىتابلىرى غېرىب بولغان خەلقنىڭ ئەرلىرى نادانلىقتا بىچارە قۇل، ئاياللىرى روھىي ئاجىز تۇل بولۇپ قالىدۇ.

▲ قىلىچنىڭ كۈچىدىن قەلەمنىڭ كۈچى يامان.

▲ قىشنىڭ گۈلى ــ ئوت.

▲ قايسىدۇر بىر ماتېرىيالدىن 20 ياشتا ساغلام بولالمىساڭ، 30 ياشتا دۇنيا قاراش تۇرغۇزالمىساڭ، 40 ياشتا باي بولالمىساڭ، 50 ياشتا ئەقىل تاپالمىساڭ، 60 ياشتا ئويغاقلىق مەقامىغا يېتەلمىسەڭ، دۇنيادىن قۇرۇق قول يانغان بولىسەن، دېگەن قۇرلارنى ئوقۇغانلىقىم يادىمدا.

▲ كىيىمگە قاراپ قارشى ئالىدۇ، ئەقلىگە قاراپ ئۇزىتىدۇ.

▲ دوستۇم: تۇرمۇشنىڭ ھەر تۈرلۈك تۇرمۇش ھەلەكچىلىكلىرىگە ئۇلگۇرۇپ يۈرۈۋاتسىز يۇ، يوقىتىشتىن ئۆزگىرىشكە يېتەكلەيدىغان، ئىككى ئايدا ئاران بىر قېتىم كېلىدىغان مېھمان، دانىش دوستىمىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى»نى سېتىۋېلىپ ئوقۇشقا ئۇلگۇرۇۋاتامسىز ؟

▲ ئەي زاماندىشلىرىم ـ ئەخلاقلىقنى مەتۇ، شەرم ـ ھايالىقنى تومپاي دېسەك، مىللەت مەدەنىيلىكى بىزدىن يىراقلىشىدۇ ـ دە، ئەخلاق قەھەتچىلىكى بىلەن پاجىئەلىنىمىز.

**ــ گۇلسەيدەم ياسىن**

ئاپتور: شىنجاڭ چاقىلىق ناھىيەسىدىن.

## قەلب چېقىنلىرى

▲ كەسپچانلىق روھى سۇس ئادەم، چىللاپ يۈرەر بەختىگە ماتەم...

▲ ئانا تىلغا سەل قارىغان يازغۇچى، شائىر، قەۋمىگە بىرىنچى ساتقۇندۇر ئاخىر.

▲ ئەدىبلەرنىڭ سالامەتلىكى، قەلبلەرنىڭ ھارارەتلىكى...

▲ ئۆگىنىشكە ئىنتىلمەس خەلق، كۆز يېشىغا بولغۇسى غەرق...

▲ ئەجدادتىن قېپقالغان مەنىۋى بايلىق، تۇرمۇشقا چارىلەر توپى قولايلىق...

**ــ ئابلىز ئوبۇلخەيرى (مەرپەت)**

ئاپتور: لوپ ناھىيە دول يېزا مازار ئۆستەڭ كەنتى 143 ـ قورۇدا

## قەلب نىدالىرى

▲ھەر بىر ئىنسان ئۆزىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ھايات مۇساپىسىنى بىر قۇر ئەسلىسىلا، قايسى دەرىجىدىكى ئىنسان ئىكەنلىكىگە لىللا جاۋاب تاپالايدۇ.

▲ ۋىجدانىغا باشقىلار ھۆكۈمرانلىق قىلالمىغاندىكىن ئۇنى قانداق ساقلاش پەقەت شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە باغلىق.

▲ گۈزەللەرنى سۆيۈشتىن بۇرۇن گۈزەللىكنى سۆيۈشنى ئۆگەن.

▲ شەرم ـ ھايا بىر جەمئىيەتنىڭ نازۇك پوستى، بىر مىللەتنىڭ ئېسىل ئەڭگۈشتەرى.

▲ گۈزەللىك دەرىخىنىڭ بىر شېخى ھايا.

▲ دانادىن ھېكمەت، ناداندىن ئىبرەت، قەھرىماندىن جاسارەت قالىدۇ.

▲ بىر ئەلنىڭ بەختى ۋە پاراۋانلىقى بىر پارلىل پادىشاھقا باغلىق، بىر ئائىلىنىڭ بەختى ۋە پاراۋانلىقى بىر دىيانەتلىك ئايالغا باغلىق.

▲ كىشى بىر يامانلىقنى دەپنە قىلسا، بىر ياخشىلىققا يول ئېچىلىدۇ.

## قەلب چۇقانلىرى

▲ ھاياتلىق خۇددى قەلەندەرنىڭ خۇرجۇنىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭغا ئازاب ـ ھەسرەت، قايغۇ ـ ئەلەم، كۈلكە ـ چاقچاق، بەخت ۋە تالايەت لىققىدە قاچىلانغان بولىدۇ. ھەر قېتىم خۇرجۇنىغا قولۇڭنى سالغاندا، ئالىدىغانلىرىڭغا نېمىلەرنىڭ ئىلىنىدىغىنىنى ئەسلا بىلمەيسەن. خەۋپسىرەيسەن، باشقا كەلگەننى كۆرمەي ئىلاجىڭ يوق! بەلكىم بۇ ھاياتنىڭ سىرى بولىسا كېرەك.

### قەلب سىگناللىرى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئېپتىخارىمىز، سەن بىلەن ئاچتى كۆچ مادارىمىز، شۇڭلاشقا سەن بىزنىڭ تىلتۇمارىمىز. ھېكمەتلەر كاندۇر ھەر خىل بەتلىرىڭ، كۆزىمىزگە تۇتىيا مارجان خەتلىرىڭ. سېنى دوست تۇتقاننىڭ ئېچىلار بەختى، قۇچىدۇ چىن ۋىسال دىلدىكى ئەھدى.

### قەلب ۋۇلقانلىرى

▲ ھايات قەبرە ئۈستىدە ئېچىلغان ئاددىيغىنا بىر تال چېچەككە ئوخشايدۇ، تۇيۇقسىزلا توزۇپ قەبرىگە سىڭىپ كېتىدۇ.

▲ ئادەم ئاڭسىز ياكى ئاڭلىق ھالدا پىسخىك قانۇنىيەت دۇنياسىدا ياشايدۇ، خۇددى ھاۋادىن ئايرىلالمىغاندەك كۈنبويى پىسخىك ئالەمدىن ئايرىلالمايدۇ.

### قەلب سادالىرى

▲ ھاياتنى نۇرلاندۇرۇش تەقدىرنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان ئەڭ ئېسىل سوۋغىسى.

▲ قانائەتسىزلىك ماددىي موھتاجلىقنىڭ ئانىسى، ئەمما ئۇنىڭغا خورلۇق بىلەن تولغان قىسمەتلەر يوشۇرۇنغان.

▲ ئۆز نېنىڭنى باشقىلارنىڭ داستىخىنىدا يېمە.

▲ ئىغۋاگەر ئادەم بىلەن ھەمسۆھبەت بولما.

▲ بىر ئادەم قانداق ۋاقىت قارىشىدا بولسا شۇنداق ۋاقىتقا ئېرىشەلەيدۇ، قانداق ھايات بولسا شۇنداق ۋاقىت بولىدۇ.

▲ ئەي بىغەم ئادەملەر يىراققا نەزەر تاشلاپ بېقىڭلار، سىلەرنى يېڭى ئەسىر، يېڭى ئىستىقبال، يېڭى تەرەققىياتلار كۈتۈپ تۇرىدۇ.

— ئىمىن ھاشىم

ئاپتور: تېكەس ناھىيە بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىدىن.

### تەپەككۇر ئۇزۇندىلىرى

▲ ئىنساندىكى شۈكۈر، ئۆز رىزىقلىرىنى زىيادىلەشتۇرگەندەك، شىكايەتلىرىمۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرنى زىيادىلەشتۇرىدۇ.

▲ دۈشمەن بىلەن بىللە چۆل پىيالىچىلىك تار، دوست بىلەن بىللە يىڭنە تۆشۈكى زېمىنچىلىك كەڭدۇر.

▲ خۇددى سائەتنىڭ سائەت، مىنۇت، سېكۇنت كۆرسەتكۈچلىرى كۆرۈنۈشتە بىر-بىرىگە ئوخشىسىمۇ، ئەمما تېزلىكتە بىر-بىرىگە ئوخشىمىغاندەك؛ ئىنساندىكى جىسىم، نەپس، قەلب ۋە روھ دائىرىلىرى ئەنە شۇنداق پەرقلىقتۇر.

▲ ئىنسان كىچىك بىر ئالەم بولغىنىدەك، ئالەممۇ چوڭ بىر ئىنساندۇر. بۇ كىچىك ئىنسان ئۇ چوڭ ئىنساننىڭ بىر مۇندەرىجىسى ۋە خۇلاسىسىدۇر.

— نۇربىيە داۋۇت (نىدائى)

ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوت ئۆچۈرۈش ئوتتۇرا ئەترىتى ئوت مۇداپىئە بۆلۈمىدىن.

### ھەقىقەت تۇيۇشلىرى

▲ ئادەم قانچىكى ئاجىزلىشىپ، قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغانسېرى كۈتىدىغان ئارزۇ-ئۈمىدلىرى ماس ھالدا كۆپىيىپ بارىدۇ.

▲ سەن ھايات مۇساپەڭدە توسالغۇلارغا ئۇچراپ، روھىڭ چۈشكۈنلىشىپ كەتكەن چېغىڭدا ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭدىن تۆۋەن، ئاجىزلار بىلەن سېلىشتۇر. غەلىبە قازىنىپ، شەرەپ قۇچقاندا بولسا، ئۆزۈڭدىن يۇقىرى كۈچلۈكلەر بىلەن سېلىشتۇر.

▲ ھاۋايى-ھەۋەس يامغۇر تامچىسىغا ئوخشاش ئۆتكۈر قىلىچ ئۈستىگە چۈشۈپ، ئۇنى داتلاشتۇرۇۋەتسە؛ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئىقتىدارلىق، ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ ئۇلارنى نابۇت قىلىۋېتىدۇ.

▲ ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىش، قانچە چوڭقۇرلاشقانسېرى، ئارىسىدىكى رىشتە زەنجىرى شۇنچە ئىنچىكىلىشىدۇ.

▲ ھازىر قىسمەن قىزلاردا يېمەك-ئىچمەكنى ئىسراپ قىلىش ناھايىتى ئېغىر، بىراق لاتا-پۇتىنى «تېجەش» قاتتىق ئەۋج ئالماقتا.

▲ مۇمكىنچىلىكى ئىنتايىن كىچىك بولغان ئىشلارغا ھەددىدىن زىيادە كۈچ سەرپ قىلىۋېتىش — «ئىش» بىلەن «ئىش ئۈنۈمى»نى سېلىشتۇرۇپ يېتەلمىگەنلىكنىڭ ئىپادىسى.

▲ ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاشقا باشلىغاندا، كۈن-

لۇكىنىڭ غېمىدە بولۇشنى بىل.

▲ كەچ ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزلارنى كۆرۈپلا ئەتىكى هاۋارايىغا باها بەرمە.

▲ كەچكى قۇياشنىڭ پېتىشى قايتىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقمايدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمىگىنىگە ئوخشاش، بىر ئادەمنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ئۇنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقالمايدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

▲ بۇلبۇلنىڭ بىر مەھەل سىنىڭ بېغىڭدا سايرىغىنىنى ھەرگىزمۇ گۈللىرىڭنىڭ مەڭگۈلۈك ئاشىقى دەپ قالما.

**— ئەنۋەر يۈسۈپ (تىركەش)**

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيە تار - تاجىك مىللىي يېزا ئاققوم مەكتەپتە.

## كۆمۈش قەترىلەر

▲ ئەقىلسىزلىق كىشىنى ھالاكەتكە باشلايدۇ، ئەخلاقسىزلىق پالاكەتكە باشلايدۇ.

▲ ۋاقىتنىڭ خىيانەتچىلىرى مۇنداق پەلسەپىنى سۆزلەيدۇ: ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەت، شۇڭا بىز ھەرقانداق ئىشتا ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئالدىرىماي ساقلايلى!

▲ دۇنيادا ھەرقانچە چوڭقۇر قايىنامنىڭمۇ تېگى بولىدۇ، بىراق مۇھەببەت قايىنىمىنىڭ تېگى يوقتۇر.

▲ قېلىنلىقنىڭمۇ چېكى بولىدۇ، قېلىنلىق تەرەققىي قىلىدۇ. قېلىنلىق بىر قەۋەت قېلىنلىغاندا، ئۇ كىشىگە بىر غەم بولىدۇ. ئىككى قەۋەت قېلىنلىغاندا ئاياغقا چەم بولىدۇ، ئۈچ قەۋەت قېلىنلىغاندا نومۇسقا «يەم» بولىدۇ. قېلىنلىقنى تېرەڭدىن كۆرمە ئەخمەق، چۈنكى تېرەڭنىڭ قېلىنلىشى ئۇنىڭ ئۆز مەيلى ئەمەس، ئۇنىڭ قېلىنلىشىغا ئۆزۈڭ بۇيرۇق قىلسەن ئەمەسمۇ...

▲ يىغلاشقا توغرا كەلگەندىمۇ، ھەقىقىي يىگىت كۆزىدە ئەمەس، يۈرىكىدە يىغلايدۇ.

▲ كىشى ئۆمرىدە تاپقان-تەرگىنىگە شۈكۈر قىلىپ ئۆتۈشى كېرەك، لېكىن بىلىم ئىگىلەشتە «شۈكۈر» قىلىشقا بولمايدۇ.

▲ يىغلاش — ئۇ بىر تاشقى ئىپادە خالاس، گەپ نېمە سەۋەبتىن يىغلىغانلىقتا.

▲ ئەگەر كۆزۈڭ ئەما بولسا، باشقا نەرسىنىڭ ياردىمىدە يول يۈرەلەيسەن، لېكىن قەلبىڭ ئەما بولسا، ھالاكەت گىردابىغا قانداق بېرىپ قالغانلىقىڭنى بىلەلمەيسەن.

▲ پۇرسەت بەزى چاغدا ئۆزى كېلىپ ساڭا پۇرىتىپ قويىدۇ، بەزى چاغدا سەن شۇ پۇراق ئارقىلىق ئۇنى ئىزدەيسەن.

▲ چىرايىڭنىڭ ئاقلىقى پاكلىقىڭنى، قارىلىقى يامانلىقىڭنى ئىپادىلىمەيدۇ.

**— قەيسەر**

ئاپتور: شىنجاڭ كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى تەييارلىق سىنىپ جۇڭگو تىل - يېزىق فاكۇلتېتى كومپيۇتېر كەسپىي ئوقۇغۇچىسى.

## تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى

▲ مېۋىلىك دەرەختكە كىشىلەر دائىم تاش-چالما ئېتىپ يارىلاندۇرۇپلا تۇرىدىكەن، مېۋىسىز دەرەخ بولسا مېۋىلىك دەرەخنىڭ زەخمە يېگەن ھالىتىگە قاراپ غادىيىپلا تۇرىدىكەن.

▲ دەرەخ يوپۇرماقلىرى چۈشۈپ كەتسە قايتا چىقىدىكەن، باھار ئۆتۈپ كەتسە يەنە قايتا كېلىدىكەن، لېكىن ئالتۇندەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتسە قايتا كەلمەيدىكەن.

▲ مۇھەببەتكە رەسمىيەت كەتمەيدۇ، ئۇ پەقەت ئۆزئارا كۆيۈنۈش، ئۆزئارا قەدىرلەش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

**— نۇرئەخمەتجان ئەخەت (ھىجران)**

ئاپتور: يەكەن ناھىيە ۋاكتوڭ ئوتتۇرا مەكتىپى تولۇق 3 - يىللىق 10 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى.

▲ سىنىڭ كىچە-كۈندۈز ئىزدىنىپ ئىلىم ئۆگىنىشىڭ ماھىيەتتە ئۆزۈڭنى تەربىيەلەشلا ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىمۇ تەربىيەلەشنى مەقسەت قىلغان بولىدۇ.

▲ كۆركەم تىزىلغان كىتاب ئىشكاپىدىكى كىتابلارغا قاراپ 15 — 20 مىنۇت خىيال سۈرۈشىڭ ئۆزى بىر خىل لەززەت.

**— ماخمۇتجان ئابىت**

ئاپتور: قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ 3 - يىللىق 6 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى.

## تەپەككۇرۇمدىن تامچىلار

▲ «تەپەككۇر دېگەن نېمە؟» مەن بۇ سوئالغا پەقەت «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىدىنلا قايىل بولغۇدەك جاۋابقا ئېرىشتىم.

▲ نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماددىي جەھەتتىكى نامراتلىقى دۆلەتنىڭ «ھەقسىز ئوقۇتۇش» پروگراممىسى بىلەن تۈگەپمۇ قالدى، ئەمدى مەنىۋى جەھەتتىكى نامراتلىقنى تۈگىتىشكە ئاتلىنايلى.

▲ ئۆزۈڭ ھەققىدە ۋە تەقدىرىڭ ئۈستىدە ئويدانراق ئويلاپ كۆر، چۈنكى، سېنىڭ تەقدىرىڭ يالغۇز ئۆزۈڭنىڭلا ئەمەس، بەلكى بىر مىللەتنىڭ تەقدىرىدۇر.

▲ ئويلىنىپ قالدىم، مۇشۇ كۈنلەردە «تامنىڭ ئۇلىنى كولىساڭ ئۆيۈڭ ئۆرۈلەر» دېگەن ماقالىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىدىغانلار زادى قانچىلىكتۇر؟

▲ قەلبىڭدە باھار بولسا، باھارنى كۈتۈشۈڭنىڭ نېمە ۋەجى؟

▲ بايلىق كۆمۈلۈپ قالسا، ھەممە ئادەمنىڭ قازغۇسى كېلىدىكەن، بىراق «ھەقىقەت»نى قېزىشقا جۈرئەت قىلىدىغانلار زادى قانچىلىك؟

**— ئىبادەت ھەسەن**

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى ئەدەبىيات سىنىپ ئوقۇغۇچىسى.

## ھاياتلىق يەكۈنلىرى

▲ سۆيگۈنىڭ قەدرىنى سۆيگۈگە ئېرىشكۈچى ئەمەس، بەلكى سۆيگۈ بەرگۈچى بەكرەك بىلىدۇ.

▲ ھېسسىياتنىڭ يۈگىنى شەيتاننىڭ قولىدا.

▲ مەن تاشلانغاچقىلا مۇھەببەتنى چۈشەندىم، سەن مۇھەببەتنى چۈشەنمىگەچكە مېنى تاشلىدىڭ.

▲ سەنئەت سەھنىسىدە چاقناۋاتقان چولپانلار، ئېلان سەھنىسى ئارقىلىق خىرەلىشىشكە باشلىدى.

▲ قىزى بار تۇرۇپ سىرتتا ئاشنا ئوينىغان ئاتىنى ئۆز قىزىنى بۇزغان نائەھلى دېگەن تۈزۈك.

▲ «تەپەككۇر مېۋىلىرى» تۇرمۇش خام ماتېرىيالىنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتى.

▲ سودىگەرلىرىمىز مېلىنى سېتىپ جان باقىدۇ. بەزى ھوقۇقدارلىرىمىز گېلىنى سېتىپ، بەزى لايغەزەل يىگىتلىرىمىز قېنىنى سېتىپ جان باقسا، ھاياسىز قىزلىرىمىز تېنىنى سېتىپ جان بېقىۋاتىدۇ.

▲ كىچىك چېغىمدا سادىر بولغۇم كېلەتتى، ياش ۋاقتىمدا شائىر بولغۇم كەلدى. قېرىلىقتا ھەممىگە قادىر بولغۇم كېلىدۇ، قېرىغاندا ھەممە ئىشتا ئادىل.

▲ قويمىچىنىڭ يالغىنى كۆپ، بەرگىنىدىن ئالغىنى كۆپ.

▲ ئايال گۇمانخور بولسا، ئەر زىناخور بولىدۇ.

▲ تاشلانغان تاشلىمايدۇ، تاشلىغان تاشلىنىدۇ.

▲ جاپا كۆرمىگەن ئەردىن، خۇمداندىكى كېسەك چىداملىق.

▲ تولا گەپ قىلغان ئادەم قەدىرسىز، تولا پو ئاتقان ئادەم ئەجىرسىز كېلىدۇ.

▲ مېھمان كەلسە بىزار بولىدىغان كىشىلەر بىرىگە مېھماندارچىلىقتا ئامراق كىشىلەر، يەنە بىرىگە پىخسىق ۋە ھۇرۇن كىشىلەر.

▲ ساڭا قاراپ قاۋىغان ئىتتىن قورقماي، ئارقاڭدىن قۇيرۇق شىپاڭلىتىپ ئەگەشكەن ئىتتىن قورق.

▲ خۇشامەتچىنىڭ ئىككى يۈزى بار، بىرى خۇشامەت كۆلكىسى يامراپ تۇرىدىغان يۈزى. يەنە بىرى شۇملۇق يوشۇرۇنغان مۇز چىراي يۈزى.

▲ تۆھمەتخور ئادەم قەسەمخور كېلىدۇ.

▲ نادانىنىڭ گېپى ئۆزىگە ئورۇنلۇق.

▲ ئىشچان ياتمايدۇ، ھۇرۇن دادلايدۇ.

▲ بالاڭنىڭ ئەقلىنى بالاغەتكە يەتكەندە بىلسەن.

▲ قېرىندىشىڭنىڭ قېرىنداشلىقىنى مىراس بۆلگەندە بىلسەن.

▲ زەنجىرنىڭ ھەر بىر تال ھالقىسى بىر-بىرىنى قويۇۋەتمەي چىڭ تۇتۇپ تۇرغاچقىلا غالجىر ئىت قاچالمايدۇ.

▲ ھوقۇقداردا كامالەت بولسا، پۇقراغا ئادالەت يېتىدۇ.

▲«ماقۇل» دەپ ياشاۋەرمەي «ياق» دەپمۇ ياشاپ باق، بەلكىم بۇ سۆز سېنى بويسۇنغۇچىدىن بويسۇندۇرغۇچىغا ئايلاندۇرۇشى مۇمكىن.

▲ بالاڭنىڭ «ئىڭگە»لەپ يەرگە چۈشۈشى، سېنىڭ مىراسخورۇڭنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەردى.

ئەمما سەندە بالاڭغا قالدۇرغۇدەك نېمە بار؟

▲ ئانىسىنىڭ دادىسى تەرىپىدىن خورلانغانلىقىنى كۆرگەن ئوغۇل چوڭ بولغاندا بىر بولسا دادىسىغا ئوخشاش ئائىلە زوراۋانى بولۇپ چىقىدۇ، بىر بولسا ئايال كىشىنى ھەقىقىي تۈردە ئاسرايدىغان ۋە قوغداپ، كۆيۈنىدىغان ۋاپادار ئەر بولۇپ چىقىدۇ.

▲ ھۆرمەتنى ساقالغا ئەمەس، ئاقىلغا بىلدۈر.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى بىر تال گۈل بولسا، «تەپەككۇر مېۋىلىرى» بۇ گۈلنىڭ بەرگىسى.

▲ قۇشقاچ ئاتقان ئوۋچى ئەمەس، خوتۇننى ئۇرغان نوچى ئەمەس.

▲ ئاۋۋال ئۆزىمىزدىكى ئىللەتلەرنى سۈپۈرۈپ تازىلاپ، ئاندىن «تەپەككۇر مېۋىلىرى» بېغىغا كۆچەت تىكەيلى.

— گۈلبوستان ئابدۇسالام

ئاپتور: غۇلجا شەھەر ئالتە شوتار مەھەللە تاڭنۇر كوچا 11 - قورۇ.

## تەپەككۇر دۇردانىلىرى

▲ قانداق ياشاشنى بىلمەسلىك ئىنسان بەختسىزلىكىنىڭ تۈپ مەنبەسىدۇر.

▲ سەن دۈشمىنىڭگە رەھىم قىلساڭ، ئۇنىڭغا ئىلھام بەرگەن بولىسەن.

▲ توغرا قاراشلارنىڭ تېزلا كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولالماسلىقىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ بىر مەزگىل نادانلارنىڭ قولىغا قالغانلىقىدىندۇر.

▲ روھىيەتنى بۇلغىغان مەنىۋى زەھەر تارقاتقۇچىلار جەمئىيەتنىڭ مىتىسىگە ئوخشايدۇ.

▲ ئاجىزلىق بىر بولسا ئامالسىزلىقتىن، بىر بولسا جۈرئەتسىزلىكتىن بولىدۇ.

▲ ھەقىقەت — ناھەق مەيداندا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

— توختىھاجى ئابدۇلكېرىم

ئاپتور: قەشقەر پەيزاۋات ناھىيە مىشا يېزا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى.

## تەپەككۇر جەۋھەرلىرىدىن تەرمىچىلەر

▲ سەن ئايغا چىقىمەن، دەپ داۋراڭ سېلىۋاتقاندا باشقىلار ئايغا چىقىپ بولغان بولۇشى مۇمكىن، سەن ئالتۇن كاننى قازىمەن دەپ يۈرگەن چاغدا باشقىلار ئالتۇن قېزىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

▲ ئەگەر ئىككى پۇتۇڭنىڭ بىرى مېيىپ بولسا، ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش ماھىرى بولۇشۇڭنىڭ ھاجىتى يوق. ئەگەر بوكسچىلىقتىن مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇدەك بولساڭ، يازغۇچى بولۇشۇڭنىڭ ھاجىتى يوق، بىلسەڭ ياشاش دېگەن شۇ.

▲ يىغلاۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى بىچارە ئەمەس، بەلكى نېمە ئۈچۈن يىغلاۋاتقىنىنى بىلمەيدىغان كىشى ئەڭ بىچارە.

▲ ئەگەر دۇنيا بىزگە قايتا ئويلىنىش پۇرسىتى بەرگەن بولسا، ھەممىمىز مەغلۇبىيەتچى ئەمەس، غالىبىيەتچى بولۇپ چىقاتتۇق.

▲ ئەگەر كېيىممىزگە چاچرىغان لايىنىڭ ئۆزلۈكىدىن قۇرۇپ چۈشۈپ كېتىشىنى ساقلاپ ئولتۇرساق، بىز دۇنيادىكى بىرىنچى ئەخمەققە ئايلىنىمىز.

▲ «يولۋاس ئىزىدىن قايتماس، يىگىت سۆزىدىن» دېگەن سۆزنى ئەڭ دەسلەپ ئېغىزىدىن چىقارغان كىشى نۇرغۇن جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئېنىقكى، بۇنداق مۇقامغا ناخشا توقۇلايدىغان بىر تۈركۈم ئەخمەقلەردۇر.

— ئابدۇنىياز تۇرسۇن

ئاپتور: شىنجاڭ ئالىي كەسپىي تېخنىكومى يېڭى مەكتەپ رايونى ئىنگلىز تىلى 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى.

## تەپەككۇردىن تۇغۇلغان يېڭى ئويلار

▲ ئاغزىدا دېيىشنى بىلىپ، ئەمەلىيەتتە قىلىشنى بىلمەسلىكنىڭ ئۆزى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىغا قويۇلغان ئەڭ چوڭ توساقتۇر.

▲ ئادەمنىڭ ئويلىغانلىرى كۆپىيىپ، قىلىدىغانلىرى ئازلىغانسېرى ئۆز - ئۆزىگە بولغان بېسىمى ئۆزلۈكسىز ئېشىپ بارىدۇ.

▲ نادانلارغا يول قويۇش بىر بولسا دانالارنىڭ ئىشى، بىر بولسا ئەخمەقلەرنىڭ.

▲ ئەمەل قىلىنمىغان پىلان، چىرتىيوژى سىزىپ قويۇلۇپ سېلىنمىغان ئىمارەتكە ئوخشايدۇ.

▲ ئۆزى ئەڭ خەتەرلىك ئەھۋالدا تۇرۇپمۇ رېئاللىققا توغرا قارىيالىغان ئادەم — ھاياتتىكى ئەڭ غالىب ئادەمدۇر.

▲ ئادەم ئۆزىنى-ئۆزى تاشلىۋەتمىسىلا باشقا ھېچقانداق نەرسە تەرىپىدىن تاشلىنىپ قالمايدۇ.

▲ بالىلىرى ئالدىدا توختىماستىن ئېرىنىڭ يامان گېپىنى قىلىدىغان ئايال، ئاتا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ قەبىھ دۈشمەندۇر.

▲ ئېغىر-بېسىق بول، لېكىن گالۋاڭ بولۇپ قالما.

— ئايزىمگۈل تۇنىياز

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتىدىن.

## تۇنجى تەپەككۇر

▲ ئاقىللار بىر تۇپ مېۋىلىك دەرەخنىڭ قۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قايغۇرۇپ يىغلىسا، ئەكسىچە نادانلار ئۇنى ئوتۇن قىلىپ قالايدۇ.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەپەككۇر ئارقىلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەيدىغان ژۇرنال!

▲ پۇل گويا ئىككى بىسلىق خەنجەرگە ئوخشايدۇ، بىر بىسىدا ئىنسانلارغا بەخت-خۇشاللىق، تۈگمەس راھەت-پاراغەت ئاتا قىلسا، يەنە بىر بىسىدا ئىنسانلارغا تۈگمەس ئازاب-ئوقۇبەت، غەم-قايغۇ، دەرد-ئەلەم، شۇنداقلا ئىنسانلار ھېس قىلالمىغان ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرنى ئاتا قىلىدۇ.

▲ قەيسەر ئادەم ئىنتايىن ناچار شارائىتتىمۇ تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئۆز ئائىلىسىگە تۈگمەس-بەخت خۇشاللىق ئاتا قىلالايدۇ.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ھاياتىمنى توغرا يولغا باشلايدىغان خەرىتە.

— تۇردى ئاۋۇت (ئۆچمەس)

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە تېرىم يېزا «ئۇزۇن سەپەر» موتوسىكلىت رېمونت قىلىش تەربىيىلەش مەركىزىدە.

## چەت ئەللەردىكى مۇشتەرىلەر سەمىگە

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا چەت ئەللەردىن مۇشتەرى قوبۇل قىلىشنى جۇڭگو كىتاب ئىمپورت-ئېكسپورت (گۇرۇھى) باش شىركىتى ۋاكالىتەن بېجىرىدۇ.

ژۇرنىلىمىزنىڭ چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM.

ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولماقچى بولغان چەت ئەللەردىكى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ جۇڭگو كىتاب ئىمپورت-ئېكسپورت (گۇرۇھى) باش شىركىتىنىڭ ئېكسپورت بۆلۈمى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.


شىركەت ئادرېسى: جۇڭگو بېيجىڭ چاۋياڭ رايونى ئىشچىلار تەنتەربىيە سارىيى شەرقىي يولى 16-قورۇ.

## 告海外读者

"新疆文化"杂志向海外发行事宜由中国图书进出口(集团)总公司代理,如海外读者要订阅本刊,与中国进出口(集团)总公司出口部联系。

本刊海外发行代号:6498BM

China National Publications Import & Export Corporation
P.O.Box 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020 China
Fax: (010) 65063101



ئابدۇقادىر جالالىددىن

# ئۇيغۇر يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭدىكى ئىنسانپەرۋەرلىك*

1

ئەدىب ئۆزى مەنسۇپ بولغان دەۋرگە قارىتا مۇئەييەن بىر پوزىتسىيە بىلەن ياشايدۇ. ئۇ بىر بولسا دەۋر ئېقىملىرى بىلەن قوشۇلۇپ، ئېقىمنى بويلىغان ھالدا شۇ دەۋرگە قارىتا مايىللىقىنى بىلدۈرىدۇ، مەسىلەن، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 ـ، 60 ـ يىللىرىدا ئېلىپ بېرىلغان «يەر ئىسلاھاتى»، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» چاقىرىقلىرىغا ئاۋاز قوشقان ئۇيغۇر شائىرلىرى دەۋر ملودىيەسىگە ياڭداشقان خىتاپلارنى ۋە قەسىدىلەرنى يېزىشقان ئىدى. (ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيوف، تاجىدىن قادىرى قاتارلىقلاردەك...) بۇ شېئىرلاردا ئەينى دەۋردىكى سىياسىي ئىدىئولوگىيە ۋە رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇش شائىرنىڭ سوبىيېكتىدىن كۆرە ناھايىتى قويۇق ئىپادىلەنگەن ئىدى. شائىرلار گويا سوبىيېكتىپ ئىزتىراپلىرىنى ئۇنتۇشقان ھالدا دەۋرنىڭ كاتىپلىرىغا ياكى مۇراجەتكارلىرىغا ئايلانغان ئىدى. ئەدىب دەۋر بىلەن سىغىشالمايدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇ ئىسيانكارلىق يولىنى تۇتۇپ، دەۋر مۇئەسسەسەلىرىنىڭ چىشىغا تېگىدىغان ئەسەرلەرنى يازىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ يەنە ئەينى زاماننىڭ تۈرلۈك رەۋىشتىكى دىكتاتۇرىسىنىڭ تەمنى تېتىيدۇ. مەھبۇسلۇق، ئۆلۈم، چەتكە قېقىش، نازارەت ئاستىغا ئېلىش، ئەسەر ئېلان قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش، ۋەھىمە سېلىش ئەنە شۇ دىكتاتۇرنىڭ نىسبەتەن كۆپ ئۇچرايدىغان شەكىللىرى بولۇپ، ئەدەبىيات تارىخى سەھىپىلىرىدە بىز كۆنۈككەن ئېيتىملاردا كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. پۇشكىن، رۇشى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئابدۇلھەمىد چولپان، شاكىرجان مۇسا قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەر ئىسيانكارلىققا ياندىشى تىراگېدىيەنىڭ قىممىتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ئەدىب دەۋر بىلەن سىغىشالمىغاندا، يەنە بىر مەۋقەنى تاللايدۇ، ئۇ ھالدا ئەدىب ئۆزى ئۇچۇن بىخەتەر، دەخلىسىز تۇرمۇش مۇھىتىنى تاللاپ، ساب تەبىئەت، ئىلاھىي ئىشق، مىستىك تۇيغۇلار

ئوبزورچىلار مۇنبىرى

* بۇ ماقالە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پەلسەپە ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى فوندىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن تۈر «يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى گۇڭگا شېئىرلار ھەققىدە تەتقىقات» (تۈر نومۇرى: 11BZW092)نىڭ باسقۇچلۇق تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ بىرى.

ھەققدە يېزىشقا بېرىلگەن بولىدۇ. رۇسىيە سوتسىيالىزمچە-
سى پىلېخانوف (G.Plekhanov) نىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقان-
دا، «ئۇلارنىڭ مۇددىئالىرى بىلەن ئۇلار مەنسۇپ بولغان
جەمئىيەتنىڭ مۇددىئالىرى ئوتتۇرىسىدا ھەل قىلغىلى بولماي-
دىغان زىددىيەت مەۋجۇد. سەنئەتكارلار جەزمەن ئۆزى يا-
شاۋاتقان جەمئىيەتتىن ئىنتايىن يىرگىنىدۇ، يەنە كېلىپ
چوقۇم ئۆزلىرى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشتىن
ئۈمىد يوق دەپ قارايدۇ» [1] روشەنكى، «سەنئەت
ئۈچۈن سەنئەت» مەسلىكىنى تاللىۋالغان ئەدىب جەمئىيەتتىن
ئۆزىنى ھەرقانچە تارتسىمۇ، ھەرقانچە تەركىدۇنيا بولۇپ
كەتكەندىمۇ، ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ سەزگۈر مەسى-
لىلىرىدىن ھەزەر ئەيلىسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزىنى قاچۇرۇش سە-
ۋەبلىرىنىڭ كەينىدە شەكلى ئۆزگەرگەن بىر ئىجتىمائىيلىق-
نىڭ بارلىقىنى ھېس قىلماي تۇرالمايمىز. دېمەك، ئەدىب
مەيلى سۈرگۈندە ياشىسۇن، مەيلى جەمئىيەتتىن ئۆزىنى
ئېلىپ قاچسۇن، مەيلى جىم تۇرۇۋالسۇن، ئۇنىڭ ھاياتى ئۇ
مەنسۇپ سىنىپ ياكى دەۋر ھاياتىنىڭ بىر قىسمىدۇر. شۇڭا،
ھەرقانداق بىر ئەدىبنى ۋە ئۇنىڭ ئەسىرىنى دەۋرىدىن مۇس-
تەسنا ھالدا چۈشىنىش ۋە ئىزاھلاش مۇمكىن ئەمەس.

«يېزىقچىلىق» — دەيدۇ ر. ئېسكارپىت (R.Escapit) —
«بۇگۈنكى شارائىتتا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە دائىرىسىدىكى بىر
تۈرلۈك كەسىپ، ھېچبولمىغاندا، پايدا كۆزدە تۇتۇلىدىغان
پائالىيەت. شۇنداق ئىكەن، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئىجادىد-
يەتكە بولغان تەسىرىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ» [2] ئېسكار-
پىت يېزىقچىلىقنى ئالدى بىلەن مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئىدېئو-
لوگىيەدىن خالىي بىر تۈرلۈك كەسىپ سۈپىتىدە كۆز ئالدىغا
كەلتۈرۈپ، ئۇنى ئىقتىساد بىلەن باغلايدۇ. ئەگەر بىز يېزىق-
چىلىق پائالىيىتىنى مۇئەييەن بىر ئاپتورنىڭ مۇئەييەن
مەۋقە، مۇئەييەن مەيداندىكى ئەقىدە پائالىيىتى دەپ قىياس
قىلغىنىمىزدا، ئۇ مۇقەررەر رەۋىشتە ئاپتور ياشىغان جەمئى-
يەتتىكى سىياسىي ئىدېئولوگىيە بىلەن يا ئۇنداق، يا مۇنداق
مۇناسىۋەتتە بولماي قالمايدۇ، شۇ ۋەجىدىن ئېيتقاندا، ئەدە-
بىياتنى ئىجتىمائىيەت مۇھىتىدىن ئايرىپ چۈشەندۈرۈش
قىيىن بولىدۇ. ئادەتتە، بىز ئەدەبىيات تارىخىنى چۈشەندۈر-
گەندە، ئۇنى ئوخشىمىغان دەۋرلەرگە بۆلىمىز، بۇ يەردىكى
دەۋر ئەدەبىياتنىڭ شەكلى ۋە مەزمۇن جەھەتتىكى مەلۇم تە-
رەققىيات يۆزلىنىشىنى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىكى بۇ-
رۇلۇشنى كۆزدە تۇتىدۇ. روشەنكى، ئەدەبىياتنىڭ تەرەققى-
ياتىدىمۇ بۇرۇلۇش بولىدۇ دېسەك، بۇ بۇرۇلۇشنى قانداق
چۈشەندۈرۈش مۇمكىن؟

يەنىلا جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە كۈلتۇ-
رەل ئۆزگۈرىشلىرىگە دىققەت قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.
ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمىنىڭ مۇھىم
تەتقىقات مەزمۇنلىرىدىن بىرىدۇر. ئامېرىكىلىق جەمئىيەت-
شۇناس جون. ج.مەيشىنوس (John.J.Macionis) ئىجتىما-
ئىي ئۆزگىرىشنىڭ كۈلتۈردىكى ئۆزگىرىش، جەمئىيەتتىكى
ھەرخىل كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش، تۈپ قاراش
ۋە نۇقتىئىنەزەرلەردىكى يەڭگۈشلىنىش، نوپۇس قۇرۇلمىسى-
نىڭ يېڭىلىنىشى قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى
چۈشەندۈرىدۇ.[3] ئالەم كېمىسى، تور ئالاقىسى، يانفون،
قانداقتۇر بىر تېببىي يېڭىلىق، گېن ۋە كلون تېخنىكىسى،
غىزالىنىش يوسۇنلىرى، سايلام ئۇقۇمى، تەقسىمات ئۇقۇمى،
كۆچمەنلەر دولقۇنى، ھاكىممۇتلەق سىياسىئونىنىڭ ئۆشتۈم-
تۇت ئۆلۈمى قاتارلىق ھادىسىلەر جەمئىيەتنىڭ بۇرۇلۇشىغا
ۋاستىلىك ۋە بىۋاستە ھالدا تەسىر كۆرسىتىدۇ، بۇ تەسىر
قايسىدۇر بىر يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت روھىي ھالىتىگە، ئە-
دەبىيات مۇنبىرىدىكى ئورنى ھەم ئوبرازىغا ئايلىنىپ تەسىر
كۆرسەتمەي قالمايدۇ. ئامېرىكىلىق يەنە بىر جەمئىيەتشۇ-
ناس ستېۋېن ۋاگو (Steven Vago) ئىجتىمائىي بۇرۇلۇشنى
سىياسىي ئىقتىساد، ئىدېئولوگىيە، توقۇنۇش، پەن-تېخنىكا،
يەر شارىلىشىش، قۇرۇلما خاراكتېرلىك بېسىم قاتارلىق سا-
ھەلەرگە باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. بىر جەمئىيەتنى بىر پۈتۈن
سىستېما دەپ قارىساق، ئۇنىڭدا كۆپلىگەن تەشكىلىي قىسىم-
لار ۋە تەركىبلەر بار، شۇنداقلا بۇ تەركىبلەر ئوتتۇرىسىدىكى
مۇناسىۋەتمۇ بار. بۇ تەركىبلەر جەمئىيەتنىڭ ھايات مېخانىز-
مىدا ئۆزىگە خاس ئورۇن تۇتۇپ، سىستېمىنىڭ ئىجرا شەك-
لىدە مۇئەييەن چەكتە رول ئوينايدۇ. ئەمما بۇ تەركىبلەر-
نىڭ مۇناسىۋىتى نىسبىي تۇراقلىق بولۇپ، بەزىدە ئېغىر
تەڭپۇڭسىزلىق ئاقىۋىتى كېلىپ چىقىشىمۇ مۇمكىن. مەسى-
لەن، غايە بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش، ھەر-
قايسى تەبىقىلەر ۋە ئېتنىك گۇرۇپپىلارنىڭ مەنپەئەتلىرى
ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش، نوپۇس تەڭپۇڭسىزلىقى دېگەن-
لەردەك. بىر جەمئىيەتنىڭ نىشانى بىلەن نىشانغا يېتىدىغان
ۋاستىسى بىردەك بولمىغاندا، مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ ئەزالى

رى ئۆزىنىڭ سىنىپىي ئورنىغا مۇناسىپ ھالدا، پەرقلىق دەـ
رىجىدە بېسىم ھېس قىلىشى مۇمكىن. بېسىم ھالىتى مەۋجۇد
سىستېمىدىن نارازى ئىجتىمائىيي كۈچلەرنى ئاستا ـ ئاستا يېـ
تىلدۈرۈپ، كۆڭۈلەرنىڭ بىرىدىكى قارشىلىق ھەرىكىتىگە
تۈرتكە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن» [4]
جەمئىيەت ئۆزگىرىشى ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىـ
ياتىنىڭ رىتىمى، ئۇ بەزىدە تېز، بەزىدە ئاستا بولىدۇ. ئەلـ
ۋەتتە، بۇ يەردىكى جەمئىيەت ئۆزگىرىشى ئۇ جەمئىيەتتىكى
ئاڭ فورمىسىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز
ئىچىگە ئالماي قالمايدۇ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گورباـ
چېف دەۋرىدىكى «ئاشكارىلىق» سىياستى ئىتتىپاقنىڭ ھەرـ
قايسى ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۆكتىچى زىيالىيلارـ
نىڭ ئۆزلىرىنىڭ جەمئىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىـ
غا قويۇشىغا نىسبەتەن كەڭچىلىك ئاتا قىلدى. ئەدەبىيات ـ
سەنئەت ساھەسىدىكى بۇرۇقتۇم سەنئەتكارلار توپى ستالىـ
نىزم دەۋرىدىكى سىياسى تېررورلۇق يەتكۈزگەن ئاپەتلەر
ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشقا پېتىنالىدى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىـ
رى ئۆز نۆۋىتىدە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىنىڭ
ئالدى ـ كەينىدىكى مىللىي روھنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە
رول ئوينىشىغا مەنىۋى قۇۋۋەت ھازىرلىدى. قازاق يازغۇـ
چىسى مۇختار شاخانوف، ئولجاس سۇلايمانوف، قىرغىز يازـ
غۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوف، ئۆزبېك شائىرى مۇھەممەد
سالىھ، ئۆزبېكىستان ئۇيغۇر يازغۇچىسى ئىمىن ئوسمان قاـ
تارلىقلار ستالىنىزم تەھسىلكىدە ھالىدىن كەتكەن خەلقىنىڭ
روھىنى جانلاندۇرۇشتا پائال رول ئوينىغان ئىدى. سابىق
سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى فىزىكا ئالىمى ئاندرى ساخاـ
روف، سۈرگۈندىكى يازغۇچى ئالېكساندىر سولژېنىتسىن قاـ
تارلىقلارنىڭ ئىنسان قەدرى ھەققىدىكى جەڭگىۋار چۇقانلىـ
رى قاتمال، ھالسىز، كونا ئىدېئولوگىيە ئاتموسفېراسىنى
تەۋرىتىۋەتكەنىدى. ئايتماتوفنىڭ «ئەسىردىنمۇ ئۇزاق بىر
كۈن»، «چىڭگىزخاننىڭ ئاق بۇلۇتى» قاتارلىق ئەسەرلىـ
رى، ئىمىن ئوسماننىڭ «پادىشاھنىڭ كېيىمى بارمۇ؟»،
«يىلتىز» قاتارلىق ئەسەرلىرى ياتلاشتۇرۇلغان ئىنساننىڭ
تەلۋىلىكلىرى ۋە يامان سۈپەتلىك ئاينىشلىرىدىن كەلگەن
قورقۇنچلۇق جەمئىيەت كارتىنىسىنى كىشىلەرگە سۈرەتلەپ
بەرگەن ئىدى. «ئەدەبىياتنىڭ ھازىرقى زامان مىللەتچىلىكـ
نىڭ باش كۆتۈرۈشىدە قانچىلىك رولى بار؟ شەكسىزكى،

شوتلاندىيەلىك سكوت، پولشالىق سېنكېۋىچ
(H.Sienkiewice) ۋە سابىق چېخوسلوۋاكىيەلىك جىراسېك
قاتارلىقلارنىڭ تارىخىي رومانلىرى مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيـ
غۇسىنى كۈچەيتىش ۋە ئومۇمىي تارىخىي خاتىرىلەرنى مۇسـ
تەھكەملەش جەھەتلەردە بەزى روشەن تۆھپىلەرنى
ياراتتى» [5].
ئەلۋەتتە، ئەدەبىيات جەمئىيەتشۇناسلىق ياكى تارىخ
ئىلمى ئەمەس، ئەدەبىيات جەمئىيەتكە بولغان ئالاھىدە ئىنـ
كاسنى ئالاھىدە بىر سەنئەت شەكلى بىلەن ئىپادىلەيدۇ. بەـ
زىدە ئەدەبىياتنىڭ جەمئىيەت ۋە ئادەم ھەققىدە دەپ بېرىـ
دىغانلىرى جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ ئىنكاسلىرىدىن خېلىلا
كەڭ ۋە ئىنچىكە بولىدۇ. يازغۇچى جەمئىيەتتىن ئۆزىنى
خالىي تۇتۇشقا شۇنچە ئۇرۇنسىمۇ، جەمئىيەتتىكى بۇرۇـ
لۇش، مەيلى سىياسىي تۈزۈلمە جەھەتتىكى بۇرۇلۇش،
مەيلى كۈلتۈر جەھەتتىكى بۇرۇلۇش بولسۇن، ئۇنىڭ ئىجاـ
دىيىتىگە مەلۇم ئىزنالارنى قالدۇرىدۇ. بىر مىللەت ياكى بىر
دەۋرنىڭ ئەدەبىياتىدىكى مۇئەييەن ئۆزگىرىش ياكى بۇرۇـ
لۇش كۆپ ھاللاردا چوڭ ئىجتىمائىيي ئارقا كۆرۈنۈشتىكى
روشەن بۇرۇلۇشلارنى شەرت قىلىدۇ.

2

1976 ـ يىلى جياڭ چىڭ قاتارلىق «تۆت كىشىلىك گۇـ
رۇھ»نىڭ جىمىقتۇرۇلۇشى جۇڭگو كومپارتىيەسى رەھبەرلىـ
كىدىكى يېڭى جۇڭگونىڭ يېڭى بىر تارىخى بۇرۇلۇشىدىن
دېرەك بەردى. 1977 ـ يىلى 8 ـ ئايدا بېيجىڭدا ئېچىلغان 11 ـ
قۇرۇلتاي 10 يىل داۋاملاشقان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»ـ
نىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى، جۇڭگونىڭ «سوتسىيالىستىك زامانىـ
ۋىلاشتۇرۇش» دەۋرىگە كىرگەنلىكىنى جاكارلىدى. بۇ
دەۋر ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىدە «يېڭى
دەۋر» دەپ سۈپەتلىنىپ، «جاھالەتپەرەسلىك، ئىدېئالىزم،
كۈلتۈرەل مۇستەبىتلىك»نى ماھىيەت قىلغان «مەدەنىيەت
زور ئىنقىلابى» دەۋرىنىڭ قارا بىر ئۆتمۈشكە ئايلانغانلىقىـ
دىن دالالەت بەردى. [6] «خەلق گېزىتى»نىڭ 1980 ـ يىلى
18 ـ ئىيۇلدىكى سانىدا بېرىلگەن «ئالاھىدە ئوبزورچى»ماـ
قالىسىدە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىكى 10 يىل «مۇستەبىتـ
لىك پادىشاھلىق ئىدىيەسى، پادىشاھلىق ئالاھىدە ھوقۇق
ئىدىيەسى، ئىمتىياز ئىدىيەسى، دەرىجە قارىشى، پاترىئارـ

خاللىق ئىدىيەسى، جاھالەتچىلىك» قاتارلىق «فېئودالىزم
نىڭ قالدۇق زەھەرلىرى يامراپ، ھەممە يەرنى قاپلاپ
كەتكەن» مەزگىل بولدى دەپ خاراكتېرلىدى. [7] روشەن-
كى، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ ماھىيىتى بىۋاسىتە ھالدا
پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېكىتىلگەن بولۇپ، بۇ
جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە خەلق ئاممىسىنىڭ جۈملىدىن زىيا-
لىيلار ئاممىسىنىڭ قەلبىدىكى تۆگۈننى يېشۋەتتى. «مەدەنى-
يەت ئىنقىلابى»نىڭ كۆلپەتلىرىنى تارتقان، روھىي دۇنياسى
زەخىملەنگەن، ئىچى پىغان ۋە ھەسرەت بىلەن تولغان كىشى-
لەرنىڭ شىكايەت قىلىشىغا، تارىخ توغرىسىدا قايتا ئويلىنىش،
ئىبرەتلىك خۇلاسىلەرنى چىقىرىشىغا، ئاچچىق تەجرىبىلەر-
دىن كېلەچەككە يول بەلگىسى بولالايدىغان پاراسەت ھاسىل
قىلىشىغا سىياسىي كاپالەت تەل بولدى. ئەينى ۋاقىتتىكى
جۇڭگو ئىقتىساد، سىياسىي ۋە ئەخلاق جەھەتتىن ئادەمنىڭ
ئىچى سىيرىلىدىغان خارابىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. بۇ خا-
رابىدىن گۈللىنىش مەنزىرىسى پەيدا قىلىش ئۈچۈن تۈزۈم
جەھەتتىن كەسكىن ئويلىنىش، تەرەققىياتنىڭ تەلپىگە لايىق
ھەقىقىي بۇرۇلۇش پەيدا قىلىش كېرەك ئىدى. دەل مۇشۇ-
داق تەخىرسىز پەيتتە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى رەھبەرلە-
رىدىن دېڭ شياۋپىڭ تۇنجى بولۇپ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا
قويدى. ئۇ 1980 - يىلى 8 - ئايدا، «پارتىيە ۋە دۆلەت رەھ-
بەرلىرى سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى» دېگەن نۇتۇقىدا
مۇنداق دېگەن ئىدى: « تۈزۈم ياخشى بولسا بۇزۇق ئا-
دەملەرمۇ خالىغانچە بۇزغۇنچىلىق قىلالمايدۇ. تۈزۈم ناچار
بولسا، ياخشى ئادەملەرمۇ ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئامالسىز
قالىدۇ، ھەتتا، ئۇلارمۇ بۇزۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن. يولداش
ماۋزېدوڭدەك ئۇلۇغ ئادەممۇ ناچار تۈزۈمنىڭ تەسىرىگە
ئۇچراپ پارتىيە، دۆلەت ۋە ئۆزىگە زور بەختسىزلىكلەرنى
پەيدا قىلغان...ئەگەر ھازىرقى تۈزۈمدىكى ئىللەتلەرنى
قەتئىي تۈزەتمىسەك، بۇرۇن سادىر بولغان مەسىلىلەر قايتا
سادىر بولۇشى مۇمكىن» [8] دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ سۆزى
ھە دېسىلا مەدھىيە سادالىرىغا تۇشۇپ كەتكەن، شەخسكە
چوقۇنۇپ، قارىغۇلارچە ئەگىشىش ئەۋج ئېلىپ كەتكەن،
تەنقىد روھىغا ئىگە ئادەملەرمۇ يۈرىكىدىكى گەپنى ئېيتىشقا
جۈرئەت قىلالمايدىغان، تەشۋىش، گاڭگىراش ئومۇمىي ئې-
قىمغا ئايلانغان ئالاھىدە شارائىتتا، كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر-
دىكى يېڭىلىنىشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ئىدى، دېمەك «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ»، «ئۆز ئۆ-
زىنى تەنقىدلەش»نى بىۋاسىتە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن
باشلاپ بەرمىسە، فېئودال ئەنئەنىگە ئىگە جۇڭگو جەمئىيىتى-
دە روشەن بىر تۈزۈلمە بۇرۇلۇشىنىڭ بولۇشى قىيىن ئىدى.
جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىدىن ئېيتقاندا، چوڭ
ئىجتىمائىي بۇرۇلۇشلار رەھبەرلەرنىڭ ئوي - پىكرى بىلەن
زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. تەپەككۇرى ئۆتكۈر، يىراقنى
كۆرىدىغان، ئەمەلىي تەدبىرلىك سىياسىئونىڭ ئوتتۇرىغا چى-
قىشى خەلق ئاممىسى تەقەززا بولىدىغان بىر ئىش بولۇپ،
ھەتتا، چوڭقۇر مۇلاھىزىلىك، مول بىلىملىك زىيالىيلارمۇ ئو-
مۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزەتمەي تۇرۇپ، پىكىر بايان قىلىشقا
تەۋەككۈل قىلالمايدۇ. دېڭ شياۋپىڭنىڭ يۇقىرىقى سۆزى
جۇڭگودىكى چوڭ بىر ئىجتىمائىي، سىياسىي بۇرۇلۇشنىڭ
بېشارىتى بولۇپ، ئىسلاھ قىلىش، ئىدىيەدە ئازات بولۇش
چاقىرىقى دېڭ شياۋپىڭنىڭ كۆپ قېتىملىق نۇتۇق ۋە سۆھ-
بەتلىرىدە ئىزچىل تەكىتلىنىپ تۇرغان. تارىخنىڭ بۈگۈنكى
پەللىسىدە تۇرۇپ ئارقىمىزغا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، 1980 -
يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى بىر قانچە يىل جۇڭگونىڭ سىيا-
سىي تۈزۈم بۇرۇلۇشىدىكى ھالقىلىق پەيتلەر بولۇپ، ئەينى
ۋاقىتتىكى كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتى ۋە ۋەزىيەت قارىشىمۇ
ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىدى. پارتىيە ئىچىدىكى لۇشيەن كۆرە-
شىمۇ كەسكىن بولغان. ئەگەر مۇشۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي
بۇرلۇشنىڭ سەۋەبىنى ئىزاھلاشقا توغرا كەلسە، ۋاگو كۆر-
سەتكەن سەۋەبلەردىن، قۇرۇلما خاراكتېرلىك بېسىم كەلتۈ-
رۈپ چىقارغان سەۋەبنى بىر قەدەر تېپىك، دەپ مۇئەييەن-
لەشتۈرۈش مۇمكىن. يەنى نىشان بىلەن ۋاسىتە ئۆزئارا سې-
غىشالمىغاچقا، مۇنداقچە ئېيتقاندا، جۇڭگونىڭ روناق تېپىش
غايىسى بىلەن قوللانغان تۈزۈم بىردەك بولمىغاچقا، جۇڭگو-
نىڭ نەچچە مىڭ يىللىق فېئوداللىق مەدەنىيىتىنىڭ ئاسارەتلە-
رى زامانىۋىلىق يۆنىلىشىگە پۇتلىكاشاڭ بولغاچقا، ئېغىر
سىياسىي، ئىجتىمائىي بوھران كېلىپ چىقتى. بۇ بوھرانغا
ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپى بويىچە قويۇل-
غان دىياگنوزدىن ئىجتىمائىي ئىسلاھات ۋە تۈزۈم ئىسلاھا-
تى تەخىرسىزلىكى دەل ۋاقتىدىكى ئېتىراپ شەكلىدە سەھنى-
گە چىقتى.

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىن كېيىنكى ئىدىيەدە ئازات
بولۇش چاقىرىقىنىڭ تۈرتكىسىدە، ئەدەبىيات ساھەسىدىكى

دەۋرنى مەدھىيەلەش، كوللېكتىپ ھاياتنى تەسۋىرلەش، ئە-
دەبىياتنى سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، داھىيغا
چوقۇنۇش دېگەنگە ئوخشاش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ئەدە-
بىيتىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن تەدرىجىي بوشاپ، ئەدەبلەردە
ئۆزىنىڭ مىللەت ۋە دەۋر ئالدىدىكى بۇرچى ھەققىدە قايتا
ئويلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. يازغۇچى ليۇ
شىنۋۇ (刘心武) نىڭ 1977 - يىلى ئېلان قىلغان «سىنىپ
مەسئۇلى» (班主任) ناملىق ھېكايىسى، لۇ شىنخۇا (卢新华)
نىڭ 1978 - يىلى ئېلان قىلغان «جاراھەت» (伤痕) ناملىق
ھېكايىسى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيەسىدىكى توڭنىڭ ئېرى-
گەنلىكىدىن دېرەك بەردى. پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش،
ئىنسان تەقدىرى ۋە قىممىتى توغرىسىدا ئويلىنىش،
شەخسنىڭ مەۋجۇدلۇقى ئۈچۈن چۇقان سېلىش، رېئاللىقلار-
نىڭ پاجىئەلىك ھاياتنى ئەكس ئەتتۈرۈش تېمىسىدىكى ئە-
دەبىي ئەسەرلەر مەتبۇئات يۈزىدە ئاۋۇشقا باشلىدى.

دەل مۇشۇ مەزگىلدە، پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەتكە تەشنا
بولۇپ تۇرغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئۆزلىرىنىڭ زەردابلىرىنى
قەغەز يۈزىگە تۆكۈشكە باشلىدى. شۇ مەزگىلدە ئېلان قى-
لىنغان شېئىرلارنىڭ ئىچىدە مەمتىلى زۇنۇننىڭ «مەھبۇس
چۇقانلىرى»، «قوچاقلا،ئۇ سېنىڭ داداڭ»، شائىر ئابدۇ-
رېھىم ئۆتكۈرنىڭ «توۋا دەپ تۇتتۇم ياقا»، «كۆز كېچە-
سى» ھەمدە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەۋرىدە يېزىلغان
رۇبائىيلىرى، شائىر قۇربان باراتنىڭ «دەريا شارقىرايدۇ قا-
راڭغۇلۇقتا»، «دىۋانىنىڭ ھەيكىلى»، «قىزنىڭ ئۆلۈمى»،
شائىر ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ «ياڭرا، ئەجەم»، «ۋەتىنىم
سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق» قاتارلىق شېئىرلىرى كىشى-
لىك ئىززىتى دەپسەندە قىلىنغان، بىباھا ئىمكانىيەتلىرى
تالان - تاراج قىلىنغان نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ يىغان ۋە
ئەلەملىرىنى، قارا يىللار ئۈستىدىكى قان - ياشلىق شىكايەت-
لىرىنى تېپىك ھالدا نامايان قىلىپ بەردى. ھېسسىياتقا تويۇن-
غان ئۇرغۇلۇق مىسرالار، زامان ئاھانەتلىرىگە ئىشارە بولى-
دىغان مەنزىرە ۋە كارتىنلار، لىرىك پەريادلار بىلەن ئارد-
لىشىپ كەتكەن ئېپىك كەچۈرمىشلەر، تۇتۇق ئوبرازلارنىڭ
قات - قېتىغا سىڭىپ كەتكەن ئىنسانىي قەدىر - قىممەت دەۋا-
لىرى زامان پەيلىگە ئاشنا بولۇپ، گۇيياڭچىلىق قىلىدىغان
غۇرۇرسىز شېئىرىيەت خورلۇقلىرىغا سېلىشتۇرما بولغان
ھالدا، ئەدەبىياتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىگە، ئەدىبنىڭ ئىنسانى-
يەت ئالدىدىكى بۇرچىغا، ئىستېتىكىنىڭ ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەن
نازۇك تەلەپلىرىگە قايتىۋاتقان يېڭى بىر ئەدەبىياتنىڭ سىما-
سىنى ياراتتى. پىروزا ئەسەرلىرىنىڭ ئىچىدە يازغۇچى ئابلى-
مىت سابىرنىڭ «ئۇنىڭ ماكانى»، يازغۇچى ئەھەت ھاشىم-
نىڭ «ياۋا سادىق»، يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ
«قەرزدار» قاتارلىق ھېكايىلىرى يۇقىرىقى شائىرلار لەنەتلى-
گەن مەشئۇم دەۋرنى كونكرېت پېرسوناژلارنىڭ سەرگۈ-
زەشتىلىرى ۋە تەقدىرى ئارقىلىق سىيۇژېتلاشتۇرۇپ تەس-
ۋىرلەيدۇ. ئادەملەر نورمال جەمئىيەتتە جېنىنى جان ئېتىشكە
ئامالسىز قېلىپ، تۇرمىدىن ۋە باياۋاندىن ئاراملىق ئىزدەي-
دىغان ئاقىۋەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. ئادەملەر ئۆزلىرى ياشى-
غان شۇ سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇھىتتا، بىر - بىرىدىن ياتلى-
شىدۇ، بىر - بىرىگە ئاسىي بولىدۇ، ئاتا - بالا ۋە ئۇرۇق -
تۇغقانلار بىر - بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ، ئىنسانلار ئوتتۇرى-
سىدىكى ئەقەللىي ئىنسانىي رىشتىلەر ۋە قېرىنداشلىق مېھرى
خاراب بولۇپ، كىشىلەر ئىلاجسىز، پېقىر، كۆزلىرى باغلانغان
ئاجىزلار توپىغا ئايلىنىدۇ. زوردۇن سابىر «ئىزدىنىش» ناملىق
رومانىدىمۇ مەدەنىيەتنى، سەنئەتنى ۋە ھاياتنىڭ بار گۈزەللىكى-
نى سۆيگەن بىر زىيالىينىڭ مۇشەققەتلىك، ئىزا - ئاھانەتلىك تۇر-
مۇشىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئىنسانىي تەقدىرى توغرىسىدىكى
پاجىئەنىڭ مەدەنىيەت ۋە مەرىپەت ساھەسىدىكى بەرباتلىقتا
ئەڭ ئېچىنىشلىق كۆرۈلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

بىز ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا نەشر قىلىنغان
شېئىر توپلاملىرى ۋە ھېكايە توپلاملىرىغا قارايدىغان
بولساق، ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە يې-
زىلغان ئەسەرلەرنىڭ ھەققەتەن ئاز ئەمەسلىكىنى بايقايمىز.
ئەينى ۋاقىتتا ئاستىرتتىن يېزىلغان، ئەمما ئېلان قىلىش خە-
تەرلىك بولغان ئەدەبىي ئەسەرلەر يازغۇچى، شائىرلارنىڭ
مەخپىي ئارخىپلىرى ياكى خۇسۇسىي قوليازما خالتىسىدا ئېھتى-
يات بىلەن ساقلانمىسا بولمايتتى. يېڭى دەۋر باھارى
(بىزنىڭ شائىرلىرىمىز مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىن كېيىنكى
دەۋرنى باھارغا ئوخشىتىپ، نۇرغۇن شېئىرلارنى يېزىشتى)
يېتىپ كەلگەندە، يەر ئاستىدا پۇرسەت كۈتۈپ ياتقان ئە-
سەرلەر جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ ھال ئۇيغۇر
يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدا «جاراھەت ئەدەبىياتى» (شىكا-
يەت ئەدەبىياتى دېيىشكىمۇ بولىدۇ)بارلىققا كېلىشتىن ئىلگە-
رى «يەر ئاستى ئەدەبىياتى» نىڭ مەۋجۇدلۇقىنى

بىلدۈردۇ.

ئەدەبىياتتا «يەر ئاستى يازغۇچىلىرى» دېگەن بىر
ئۇقۇم بار بولۇپ، بۇ ئۇقۇم ئادەتتە، خېلى كۆپ تەتقىقات-
چىلارنىڭ دىققىتىگە ئانچە سازاۋەر ئەمەس. بىر يازغۇچە-
نىڭ مەلۇم بىر دەۋردىكى ھاكىم ئىدېئولوگىيەنى قوللىماي-
دىغان ياكى ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدىغان ئەسەرلەرنى يېزىپ
قويۇشى تۇپەيلى زىيانكەشلىككە ياكى چەتكە قېقىلىشقا
ئۇچرىشى «يەر ئاستى يازغۇچىلىرى»نى پەيدا قىلىدۇ.
بۇنداق ئەھۋالدا، چەت ئەلگە خۇپىيانە چىقىپ كېتىشكەن
يازغۇچىلارنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ «سۈرگۈن ئەدەبىياتى»-
نىڭ پەيدا بولۇش ئېھتىماللىقىمۇ بار بولىدۇ. «يەر ئاستى
يازغۇچىلىرى» ئۈچۈن ئېيتقاندا، راست گەپ قىلىش
خەۋپ - خەتەرگە ئايلانغاندا، ئۇلار ئەسەر ئېلان قىلىشتىن
توختايدۇ. لېكىن، يېزىقچىلىقنى مەخپىي ھالدا داۋاملاشتۇ-
رىدۇ، ئەسەرلەرنى قانداقتۇر بىر يەرگە يوشۇرۇپ ساقلاي-
دۇ ياكى باشقا بىر ئەۋزەل مۇھىتتا باشقا ئىسىم ياكى تە
خەللۇستا ئېلان قىلىدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدى-
كى پاستېرناك، سولژېنتسىن قاتارلىق يازغۇچىلار دەل
شۇنداق قىسمەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى. ئىدىيە ۋە كىتابلارنى
چەكلەش بىر جەمئىيەتنىڭ نورمال تەرتىپكە ئايلانغاندا،
يېزىقچىلىق يازغۇچىنىڭ ھاياتىغا تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغان
پائالىيەت بولۇپ قالىدۇ. پىكىر قىلىشنى ئۆزىنىڭ ھاياتى
دەپ قارايدىغان قەلەم ساھىبلىرىغا نىسبەتەن ئەركىن پىكىر
قىلىشنىڭ خەۋپلىك بولۇشى ھاياتنىڭ گۆرۈگە ئېلىنىشى
بىلەن باراۋەر بولۇپ قالىدۇ. بۇ ھالدا يازغۇچى بىر بولسا
دەۋر شاماللىرىغا قومۇشتەك ئۇسسۇل ئويناشنى تاللىۋېلى-
شى، بۇ ئارقىلىق جىسمانىي ھاياتىنى كاپالەتلەندۈرۈشى
كېرەك. بىر بولسا يەر ئاستى يېزىقچىلىقنى تاللاپ،
پىكرىي ھاياتىنى كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك. بىر بولسا مە-
نىۋى تېررورلۇق قاپلاپ كەتكەن ئىجتىمائىي مۇھىتتا، ياز-
غۇچىنىڭ ھەر ئىككى خىل تاللىشى پاجىئەلىك بولۇپ چىقى-
دۇ. ھەر ئىككىسىدە ئىنساننىڭ ھاياتى گۆرۈگە ئېلىنغان
بولىدۇ.

يېڭى دەۋرنى مەدھىيەلەپ «ۋەتەن» دەپ مەستانە
كۈيلىگەن نىمشېھىت قارا يىللارنىڭ باتۇرلىرىنىڭ قولىدا
ئۆلدى. زۇنۇن قادىرى، ئەھمەد زىيائىي، ھاجى مىرزاھىد
كېرىمى قاتارلىق يازغۇچىلار ئىجادىيەت روھى ئۇرغۇپ
تۇرغان نادىر ئۆمرىنى تۈرمىدە ئۆتكۈزدى، تالاي يىللار
رىنجىم ئاستىدا ياشىدى، ماددىي قەھەتچىلىك، تەشۋىش،
ئەندىشە، بىقارارلىق ئۆلكىدە قەلەم ئىشىغا ئاشكارا يۈرۈش
قىلالمىدى.

شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئاشۇ يىللاردىكى كەچمىش-
لىرىنى تۆۋەندىكى مىسرالار بىلەن ئىزھار قىلدى:

قەلەم سۇندى، ئەلەم ئەزدى دىلىمنى،
شامالدارىپ كېكەچ قىلدى تىلىمنى.
قولۇم تۇتماس، پۇتۇم باسماس پالەچ مەن،
نېمەم بىرلە قىلاي رازى ئېلىمنى؟!

تىرىك دېسەم، تىرىكلىكتىن مەنا يوق،
ئۆلەي دېسەم، ئۆلمىكىمگە باھانە يوق.
كۆندە خىيال، كۆندە تەشۋىش، كۆندە غەم،
دەردىم ئېيتسام، دەردكە دەرمان دانا يوق. [9]

كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا پىكرىي ئالاقە يوق، بىلىمنىڭ
كېرەكلىكى يوق، ئىدىيەسىز ئادەم خاتىرجەم ئۆتىدىغان
بۇنداق دەۋردە شائىر چەكسىز غېرىبلىققا پالانغان بولىدۇ،
ئۇ ھالدا شائىر ئۆزى يېنىپ، ئۆزى ئۆچىدۇ، ئۆزى تۇتىدى-
دۇ. شائىرنىڭ يۈرىكىدىكى ئۇرغۇپ تۇرغان قان تېشىغا
تەپەي زەردابقا ئايلىنىپ، شائىرنى قىينايدۇ. شائىرنىڭ
قولىغا قەلەم ئېلىشى خەتەر ئېلىپ كەلگەندە، ۋەتەن شائىر
ئۈچۈن سۈرگۈنگاھقا ئايلىنىدۇ.

«يەر ئاستى ئەدەبىياتى» ھەققىدە سابىق سوۋېت ئىت-
تىپاقىدىكى ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى يازغۇچىلارنىڭ بىۋا-
ستە كەچۈرمىشلىرى ئىنتايىن مول بولۇپ، دىققەتتىكە ئەر-
زىگۈدەك خاتىرىلەرنى يېزىپ قالدۇرۇشقان ئىدى. ئالېك-
ساندىر سولژېنتسىن «يەر ئاستى يازغۇچىلىرى» دېگەن
ماۋزۇدىكى ماقالىسىدا: «ئىنقىلابچىنىڭ يەر ئاستى خىزمەت-
چىسىگە ئايلىنىپ كېتىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، يازغۇچى-
نىڭ يەر ئاستى ئۇنسۇرىغا ئايلىنىپ قېلىشى بەكلا غەلىتە
ئىش!» [10] دەيدۇ. سولژېنتسىن بۇ سۆزىدە بىر ئىنساد-
نىڭ پىكىر تۇپەيلى ئۆزىنى چەتكە ئېلىشنى قوبۇل قىلالمى-
غاندەك كۆرۈنىدۇ. ئۇ گويا پىكىر ئىنساننىڭ ئىككىنچى ھا-
ياتى، دېمەكچى بولغاندەك قىلاتتى. ئەمما ئۇ «يەر ئاستى
يازغۇچىلىرى»نىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرىنى تۆۋەندىكى

جۈملىلەر بىلەن ئىزاھلاپ بېرىدۇ: «ھەقىقەت ئۈچۈن ئۆرتىنىدىغان يازغۇچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھايات بۇرۇنمۇ ۋە ھازىرمۇ قىيىن بولغان (بۇندىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىدۇ). بەزى يازغۇچىلار تۆھمەتكە قالدۇ، بەزى يازغۇچىلار ئۆلدۇ، بەزىلىرىنىڭ ئائىلىسى بۇزۇلدۇ، بەزى يازغۇچىلار خانىۋەيران بولۇپ نامراتلىققا پېتىپ قالدۇ، بەزى يازغۇچىلار ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا سولىنىدۇ، بەزى يازغۇچىلار تۈرمىدە قېرىپ ئۆلدۇ» [11].

سولژېنىتسىننىڭ بۇ سۆزى تەتقىقات يۈزىسىدىن ئەمەس، بىۋاستە كەچۈرمىش يۈزىسىدىن كەلگەن بولۇپ، سولژېنىتسىننىڭ شەخسىي تۇرمۇشى ۋە ئۇ ياشىغان دەۋردىكى زىيالىيلارنىڭ كۈلپەتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرگەن.

«يەر ئاستى ئەدەبىياتى» ئىنسان ھەقلىرى ئاياق ئاستى قىلىنغان، بىر ئېغىز راست گەپ بىر ئادەم ياكى بىر تۈركۈم ئادەملەرنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىغان، بىر گۇرۇھ ئادەملەرنىڭ جۆيلۈشلىرى ھەقىقەتكە ئايلاندۇرۇلغان ھەرقانداق بىر دەۋرنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلىدۇر. ئەدەبىيات تارىخى بۇ مەزمۇن ئۈچۈن مۇۋاپىق سەھىپە ئاجراتمىغاندا، ئەدەبىياتنىڭ غۇرۇرى ۋە ئار - نومۇسى، ئەدەبىياتنىڭ ئىنسان تەقدىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى تەلتۆكۈس نەزەرگە ئېلىنمىغان بولىدۇ. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى خوڭ زىچېڭ (洪子诚) ئەپەندى «جۇڭگو چاغداش ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق كىتابىدا «يەر ئاستى ئەدەبىياتى»غا بەلگىلىك سەھىپە ئاجراتقان. مەلۇم بولۇشىچە، خۇفېڭ (胡风) گۇرۇھىغا تەۋە خۇفېڭ، نيۇ خەن (牛汉)، لۈ يۈەن (绿源) قاتارلىقلار، «بەيياڭدىيەن شېئىرىيەت گۇرۇھى»غا تەۋە بېيداۋ (北岛)، شۇ تىڭ (舒婷)، گۇچېڭ (顾城)، جياڭ خې (江河) قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەسەرلىرى مەخپىي ھالەتتە ياكى يېرىم مەخپىي ھالەتتە كۆچۈرۈپ تارقىتىلغان. جاڭ ياڭ (张扬)نىڭ «ئىككىنچى قېتىملىق كۆرۈشۈش» ناملىق رومانى ئۆز ئارا كۆچۈرۈپ تارقىتىلغان. ئەينى يىللاردا غەربنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرى تىقىپ ساقلىنىپ، مەخپىي ئوقۇلغان. كىشىلەرنىڭ مەنىۋى زوقىغا نەقەدەر تەشنالىقى، ئەدەبىي ئەسەرلەر بىلەن بولغان ھاياتىي ئاشنالىقى مەدەنىيەت خاراپلاشقان ئەنسىز يىللاردا تېخىمۇ يارقىن ئىسپاتلىنىدۇ. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىللىرىدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئاۋام بىلەن يۈز كۆرۈشۈشى مۇمكىن بولمىغان ئىدى. «غېرىب - سەنەم»، «تاھىر - زۆھرە»، «فەرھاد - شېرىن» قاتارلىق كىشىلىك مۇھەببەت تېمىسىدىكى ئەسەرلەرمۇ مەھكۇم ئېتىلگەن ئىدى. ئابدۇللا قادىرى، ئايبېك، مۇختار ئەۋەزوف، ئابدۇللا توقايلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئاشكارا ئوقۇش ئوت بىلەن ئويناشقانلىق ئىدى. «پۇل»، «مۇھەببەت لوگىكىسى» قاتارلىق ھېكايىلەر ئاستىرتىن كۆچۈرۈپ تارقىتىلغان ئىدى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى ئەدەبىيات بىر-بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان ئىككى تەركىبىي قىسىمغا ئىگە ئىدى. بىرى، ئاشكارە ئەدەبىيات (شۇ ۋاقىتتىكى ئىدېئولوگىيەنىڭ جارچىسى بولغان مەتبۇئاتتا ئاشكارە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر) بولۇپ، «ئاساسىي ئېقىم»غا ۋەكىللىك قىلاتتى. يەنە بىرى، پىنھان، تارقاق ئەدەبىيات بولۇپ، يات كۈچلەرگە ۋەكىللىك قىلاتتى. بۇ كۈچلەر كېيىنكى دەۋردىكى ئەدەبىياتتا ئىسلاھاتنىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن بولۇپ قالدى» [12].

ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ دەسلەپكى قەدىمىنى ئۆزىنىڭ تارىخىي شارائىتى، چوڭ سىياسىي مۇھىتتىكى تەدرىجىي ئۆزگىرىشى، ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاچچىق بەدەللىرى ئاساسىدا تىمىسقىلاپ ئالدى. مەلۇم مەنىدە، ئەدىبلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى سۈكۈت قىلىشنى تاللىدى ياكى ئۆز شارائىتىغا يارىشا يەر ئاستى پائالىيەت قىلدى دېيىشكە بولىدۇ. ۋاراقلىرى سارغىيىپ كەتكەن قەدىمىي قوليازمىلار ئېھتىياتچان ئالىمنىڭ خىلۋەت ھۇجرىسىدا پىكىر چاقماقلىرىنى ياندۇراتتى. كۆزلەر كۆرىدۇ، قۇلاقلار ئاڭلايدۇ، مېڭە ئويلايدۇ، يۈرەكلەر تىپىرلايدۇ، ئېغىزلار جىم. ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان شائىرلار شېئىر يازىدۇ، قەدىناسىغا ئوقۇپ بېرىپلا يىرتىۋېتىدۇ ياكى نەگىدۇر يوشۇرىدۇ. بۇ ھال ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى زاھىدلىقىنى، يېڭى دەۋر كىرگەندىن كېيىنكى ئاشكارىلىقىنى بەلگىلىگەن. بىر چاغلاردىكى تىقىلما شېئىرلار بۇ دەۋردە يورۇق كۆرۈپ، ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىغا زەرداپلىق، لېكىن، جۇشقۇن ئادىمىيەت روھى بەخش ئەتتى. ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنى ئۇ كۆتۈرۈپ چىققان تىندىنسىيەلەردىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شەكەستىلەنگەن

ئىنسانىيلىق ئۇستىدىكى ھازا، ئەدەبىياتىنىڭ غورۇرىنىڭ تە-
رىلىشى ھەققىدىكى غەمكىن جاكار، دېيىشكە بولىدۇ. شائىر
قۇربان باراتىنىڭ «دىۋانىنىڭ ھەيكىلى» (1968 ـ يىل)،
«كېسىلگەن توغراق» (1969 ـ يىل)، «ئامىنە» (1969 ـ
يىل)، «دەريا شارقىرايدۇ قاراڭغۇلۇقتا» (1970 ـ يىل)،
«يىغا قوشىقى» ( 1972 ـ يىل)، «قىزنىڭ ئۆلۈمى» (1970 ـ
1979 ـ يىللار)، قاتارلىق شېئىرلىرى مۇدھىش يىللاردا تۇ-
غۇلۇپ، يېڭى دەۋرنىڭ تېڭى ئاتقاندا، يورۇق كۆرگەن
ئەسەرلەردۇر. بۇ ئەسەرلەر يېزىلغان ۋاقىتتىكى قىسمىتى
نوقتىسىدىن، ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىغا كىرىدۇ. بۇ
ھال قۇربان باراتتىن باشقا كۆپلىگەن شائىرلارغىمۇ ئور-
تاقتۇر. شائىر ئوتتۇن ئۈچۈن كېسىلگەن توغراقنىڭ قىشتا
مۇزلاپ، ئەتىياز كەلگەندە قايتا كۆكەرگىنىنى بىر شېئى-
رىي مونولوگقا ئايلاندۇرۇپ، توغراق ئارقىلىق ئۆزىنىڭ
ۋە خەلقىنىڭ ھاياتىي كۈچىدىن كۆرۈپ يەتكەن ئۈمىدىنى
سىمۋوللاشتۇرۇپ ئىپادىلىگەن.

ئۈنىڭ بۇ ئاجايىپ گۈللەشلىرىدە،
ياردار جەڭچىنىڭ كۈلۈشلىرى بار.
ئۆلۈمى ئالدىدا ئاخىرقى قېتىم،
قىلىچقا تايىنىپ يۈرۈشلىرى بار. [13]

قۇربان بارات شېئىرلىرىدا لىرو-ئېپىك ئامىللار ئايرى-
غىلى بولمايدىغان دەرىجىدە يۇغۇرۇلۇپ كېتىدۇ، شائىر
ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى شېئىردىكى ھەربىر دېتالىغا، ھەربىر
مەنزىرىگە سىڭدۈرۈۋېتىدۇ، يارقىن ۋە غۇۋا شېئىرىي ئوب-
رازلار چېتىشمىسىدىن مۇئەييەن بىر سىمۋوللۇق مەنا
ھاسىل بولىدۇ. ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېزىدىغان تىراگېدىيە-
لىك كەيپىيات ئىچىدە شائىرنىڭ جەڭگىۋارلىقى يىتمەيدۇ.
غۇۋا، پەرىشان، كۈلرەڭ رەسىمدىن شائىرنىڭ جۇشقۇن
روھىي ھالىتى ئايان بولىدۇ. كېسىلگەن توغراقمۇ شائىردى-
كى ۋەزمىن ئۈمىدنى كۆرۈۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدىغان
سىمۋوللۇق ئوبراز ھالىتىگە كەلگەن. «ئامىنە» دېگەن شې-
ئىردىكى ئامىنە ئوبرازى كۆز ئالدىمىزغا شوخ، تېتىك،
زېھنى ۋە تالانتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان چىرايلىق بىر قىزنى
تاشلايدۇ. لېكىن ئاچلىق ۋە يالىڭاچلىق قىزىل گۈلدەك
بۇ قىزنى سارغايغان سامانىنىڭ سىياقىغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

ۋۇجۇدىدىن سەنئەت ۋە گۈزەللىك بالقىپ تۇرغان بۇ قىز
ئاخىرى تىلەمچى بولۇپ كېتىدۇ.

چۈشەندىمكى، ئارزۇلارنىڭ كۈلمىگى،
باغلىق ئىكەن ماكان بىلەن زامانغا.
تالانتلارنىڭ گۈللىنىش ياكى ئۆلمىكى،
باقىدىكەن شارائىتقا، ئىمكانغا. [14]
ــ قۇربان بارات: «ئامىنە»دىن

قۇربان بارات شېئىرلىرىدىكى لىرىك بالاغەتنى
پۈتۈن شېئىرنى ئوقۇپ بولغاندىلا ھەقىقىي بايقىغىلى بول-
دۇ. شائىر ئۆزىنىڭ شېئىرىدىكى لىرىك قويۇقلۇقنى تەپسى-
لاتلاشتۇرۇش، دېتاللاشتۇرۇش ئارقىلىق بىر پۈتۈنلۈككە
يايىدۇ، ئاردا ھايات ھېكمەتلىرى، شائىرنىڭ ھەسرەتلىك
خىتابلىرى يېلىنجاپ تۇرىدۇ. «ئامىنە» دېگەن بۇ شېئىر
شائىرنىڭ ۋەيران بولغان ئىنسان، ياشلىق، گۈزەللىك،
تالانت ۋە سەنئەت بابىدىكى مەرسىيەسىدۇر. شائىرنىڭ
سەنئەتنىڭ خاراب بولۇشى ھەققىدىكى غەزەپلىك نالەشلى-
رى «دىۋانىنىڭ ھەيكىلى» دېگەن شېئىرىدا تېخىمۇ يۇقى-
رى پەللىگە يېتىدۇ. شائىر كوچىدا ساپايى چېلىپ، كونا
شېئىرلارنى ناخشا قىلىپ ئوقۇۋاتقان تىلەمچىدىن ئەجدادلار
ياراتقان شېئىرىيەت ۋە مۇزىكا مىراسلىرىنى تېپىۋالغاندەك
بولىدۇ. مەدەنىيەت نامىدا يېڭى ياۋايىلىق ھۆكۈم سۈرگەن
ئەشۇ يىللاردا قوشاقچى دىۋانە سەنئەتنىڭ ئەلچىسى ھەم
ۋارىسىغا ئايلىنىدۇ.

نە كىتاب، نە شېئىر، نە شائىر قالدى،
ھەممىسى ئۈستىدە كۆتەردى ئىسيان.
خارابە دۇنيادا قالدۇق قەبرىدەك،
پەقەت مۇشت بىردىنبىر ئالىي ھۆكۈمران.
قۇربان بارات: «دىۋانىنىڭ ھەيكىلى»دىن [15]
تۈرمىگە سولاندى سانسىز يارانلار،
ئىپلاس كامىرلاردا ياتار قانسىراپ.
ئازغىنە ساۋادلىق بولسا كۈپايە،
قاسساپنىڭ قولىغا چۈشسەن ياراپ.
قۇربان بارات: «دەريا شارقىرايدۇ قاراڭغۇلۇقتا»دىن [16]

شائىر شېئىرلىرى «ئاپەتلىك يىللاردىن ئاچچىق خاتىرە»لەردىن ئىدى. ئۇ سىزغان كارتىنىلاردىن «مەدەنىيەت ئىنقىلابى »دېگەن ئىبارە تەبىئىي ھالدا قارا يۇمۇر بولۇپ چىقىدۇ. بۇ دەۋردە مەدەنىيەتكە ئائىت ھەرقانداق نەرسە «مەدەنىيەت» نامى ئاستىدا يوق قىلىنغان ئىدى. ئۈمىد، خۇشاللىق، گۈزەللىكنىڭ ئورنىنى قورقۇنچ، تۆھمەت، ياۋايىلىق ئىگىلىگەن بولۇپ، قارا قورساقلىق مەرىپەتنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ، جاھالەت ئۈچۈن ھېيت بولغان ئىدى.

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى يەر ئاستى خەنزۇ شېئىرىيىتىدە، شائىر گولۇشىڭ (郭路生 تەخەللۇسى شى جىژ 食指) ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ كېيىنكى خەنزۇ كۆڭگا شائىرلىرىغمۇ روشەن تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۆتكۈر، چىن، چوڭقۇر، جەڭگەۋار بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا يېزىغا چۈشۈرۈلگەن زىيالىي ياشلار ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى يادلىغان، خاتىرىلىرىگە كۆچۈرۈۋالغان. تۆۋەندىكى ئىككى كۇبلېت ئۆرنەكتىن ئۇنىڭ خاسلىقىنى كۆرگىلى بولۇشى مۇمكىن:

شەپقەتسىز ئالدىنىپ، قىلىنىپ ئەخمەق،
يۈرمىدىم ئۆزۈمنى ئادەم دەپ ئاتاپ.
ئايلىنىپ گوياكى غالجىر بىر ئىتقا،
ئادەملەر ئارىسىدا يۈرىمەن قاتراپ.

غالجىر شۇ ئىتقىمۇ يەتمەيمەن، ھەتتا —
ئۇ قورشاۋ تاملاردىن ئۆتىدۇ ئاتلاپ.
مەندە بار ھەممىگە ئىتائەت، تاقەت،
شۇڭا، ھەممىدىن كۆپ مەندىكى ئازاب. [17]

— شى جىژ: «غالجىر ئىت»دىن

مەيلى قۇربان بارات ياكى شى جىژنىڭ مىسرالىرىغا قارىساق، ئورتاق بىر چۇقانىنى ئاڭلايمىز، ئۇ بولسىمۇ، ئادەم، ئادەم،ئادەم!.. بىر جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقى ئادەمنىڭ قىممىتىنى قانچىلىك نەزەرگە ئېلىشتا ئۆلچىنىدۇ، ئادەمنىڭ قىممىتى ئادەمنىڭ ئۆزىگە تەۋە شەخسىيەت ۋە خاسلىقىنىڭ جارى بولۇشىدا كۆرۈلىدۇ، ئادەمنىڭ خاسلىقىنى ئۇنتۇلدۇرغان، ئادەمنىڭ قىممىتىدىن ھالقىپ، ئابستراكت غايىلەرنى قوغلاشقان جەمئىيەت شەكلى ئۆزگەرگەن ياۋايىلىق بولۇپ، كۆپ ساندىكى ئادەملەر ئۆزلىرى چۈشەنمەيدىغان چوڭ گەپلەر بىلەن سېھىرلىنىپ، ھەقىقىي ئادىمىيلىكتىن قانداقىسىگە چەتنەپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قالىدۇ.

ئامېرىكىلىق ئىقتىسادشۇناس ۋالتېر ئا. ۋېسكوف (Walter.A.Weisskopfg) ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى پسىخولوگىيەگە باغلاپ ئىزاھلاشقا تىرىشقان. ئۇ «ھاياتلىق ۋە قىممەت قاراش» ناملىق ماقالىسىدە، بېسىم خاراكتېرلىك قىممەت سىستېمىسى ۋە پۈتۈنلىمە قىممەت سىستېمىسى دېگەن ئۇقۇملارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇلارنى ئايرىم - ئايرىم شەرھلەيدۇ. ئاندىن بۇ ئۇقۇملارنى ئادەمنىڭ ياتلىششىدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە تەدبىقلايدۇ.

ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىدە، بېسىم خاراكتېرلىك سىستېما زىددىيەتنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىنى بېسىۋېتىش ئارقىلىق يۈزەكي بىردەكلىكنى قولغا كەلتۈرگەندەك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مەغلۇب بولىدۇ. بېسىم خاراكتېرلىك سىستېمىدا، ئىنسانىي مەۋجۇدلۇقنىڭ بەزى تەرەپلىرى ئىنكار قىلىنىدۇ، ئەيىبلىنىدۇ ياكى بېسىلىدۇ، ياخشى-يامانغا قاتمال ئايرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئادەملەرنىڭ مۇئەييەن پائالىيەتلىرى ئىنكار قىلىنىپ، ئادىمىيلىككە زىت قىلىقلار مەدھىيىلىنىدىغان بولىدۇ. ياراتقۇچىنىڭ ھۆكۈمدە مەۋجۇدلۇقتا ئېرىشتۈرۈلگەن نەرسە بېسىم تۈپەيلى يوقاپ كەتمەيدۇ، ئەكسىچە يوشۇرۇن ئاڭدا ئۆزىنى ئاشكارىلاش پۇرسىتىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئۇزاق مۇددەتلىك بېسىم بېسىملانغۇچىدا روھىي بىنورماللىق ۋە تەلۋىلىك ھالەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، جەمئىيەت زوراۋانلىق قىلمىشلىرى تۈپەيلى مۇۋازىنىتىنى يوقىتىدۇ. ئادەمنىڭ ئۆز سۈبيېكتىنى ئۇنۇتقان ھالدا، سىرتقى كۈچكە ئۆزىنى تاپشۇرۇشى ئادەمنىڭ تەبىئىتىدىكى ياتلىششىنىڭ تىپىك كۆرۈنۈشى بولۇپ، بۇ ھالدا پۈتكۈل ئىجتىمائىي سىستېما ئادەمدىكى ئاكتىپچانلىق، قىزغىنلىق ۋە ئىجادىيلىقنىڭ خارابىسىدە ھۆكۈم سۈرگەن بولىدۇ [18].

خاسلىقنى يول تاپالمىغان ئىنسان ھامان چۈشكۈنلىشىدۇ، چۈشكۈنلۈك بىر دەۋرنىڭ ئومۇمىي روھىغا ئايلانغا-

ىدا، شائىر ئىنساننىڭ روھىدىكى چۆكمىلەرنى لەيلىتىپ چە-
قىرىپ، ھەقىقىي رەۋىشتىكى ئىنساننى ياتلاشقان ئىنساننىڭ
يادىغا سالىدۇ، نەتىجىدە بەزىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ياتلاشقان
ئەپتىنى تونۇپ يېتىشكە مۇۋەپپەق بولىدۇ. خۇددى خەنزۇ
شېئىرىيىتىدە، يەر ئاستى ئىجادىيەت مەۋجۇد بولغىنىدەك،
«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەۋرىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدى-
مۇ يەر ئاستى يېزىقچىلىق بولغان ۋە ئىنسانىيەت ۋىجدانى-
نىڭ يوقاپ كەتمەيدىغانلىقىغا دەلىل بولغان. «يەر ئاستى
شېئىرىي ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى
شۇكى، ئۇ ئەسەرلەر ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ تەبىئىي
ئېقىپ چىقىشى بولۇپ، ئىجادىيەتتىكى توقۇنۇشنىڭ نەتى-
جىسى. بۇ شېئىرلار ئاشكارە ئېلان قىلىنغان شېئىرلارغا قا-
رىغاندا چىن بولۇپ، كىشىلەرنىڭ پسىخىكىسى، كەيپىياتى،
ئىدىيەسى ۋە ھېسسىياتىنى ھەممىدە ئاساسى ئېقىم شېئىرىيىتى-
دە تاپقىلى بولمايدىغان بەدىئىي ئىزدىنىشنى بەكرەك ناما-
يان قىلىپ بەرگەن. [19]

### 3

1980 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى جۇڭگونىڭ ئىجتى-
مائىي بۇرۇلۇشى سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بىلەن باشلى-
نىپ، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت جە-
ھەتتىكى بۇرۇلۇشلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە پائال تەسىر
كۆرسەتتى. قۇرۇق گەپ، قۇرۇق شوئار، قۇرۇق مەدھىيە-
نىڭ ئاسارەتلىرىدىن غۇرۇرى ۋە سەنئەت خاسلىقىنى يو-
قاتقان ئەدەبىيات دەۋرنىڭ ئۇشتۇمتۇت بۇرۇلۇشىدىن
دەرھال ئېسىگە كېلەلمىگەندەك بولدى. ئەدىبلەرنىڭ ئى-
جادىيەت ھاياتى ئەمەس، بەلكى ئىنسانىي ھاياتىمۇ
تەھدىت ئىچىدە قالغان ئەنسىز دەۋر ئاياغلاشقاندا، ئەدە-
بىيات - سەنئەتنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى ئويلىنىش ئىستېتىك
ئويلىنىشتىن باشلانمايتتى، ئەلۋەتتە. بۇ چاغدىكى ئويلى-
نىش «كۆڭۈلدىكى گەپنى دېيىش»، «گەپ ساتماسلىق»،
«رېئاللىققا يۈزلىنىش»نى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ئەخلا-
قىي ئويغىنىشتىن ئىبارەت بولدى. ئىنسانىيەتنىڭ چۈش-
كۈنلۈكى، بىر دەۋرنىڭ بەرباتلىقى ئالدى بىلەن بىر ئەخ-
لاقىي مەسىلىدۇر. ئىستېتىكىدىكى «ياخشىلىق، چىنلىق،
گۈزەللىك»نىڭ غايىۋى بىرلىكى تەشەببۇسىدىكى ياخشى-
لىق ئىدىيەسى زەئىپلەشكەندە، چىنلىقنىڭ ئورنىنى ساختى-
لىق ئالىدۇ، گۈزەللىك دەۋرنىڭ ئۇپۇقىدا ئايلىنىپ قالىدۇ.
ئىنساننىڭ خارابلىشىشى بىر ئەخلاقىي مەسىلە بولغان
ئىكەن، ئىنساننىڭ دەرد - ھەسرەتلىرىنى يېزىش، ئىنسان-
نىڭ ئازادلىقىنى كۈيلەش، ئىنساننىڭ قىممىتىنى ئەسكە
ئېلىش زۆرۈر بولغان ئەخلاقىي شەرتلەر بولۇپ ھېسابلىنى-
دۇ. دېمەك، ئەخلاقىي شەرتنى ئورۇندىمىغان ئىستېتىك
ئىنقىلاپ بولمايدۇ، چۈنكى، ھەرقانداق ئىستېتىك پىكىر
ئېقىمىنىڭ مەركىزىدە «ئىنسان» دېگەن ئۇقۇم ياتىدۇ.
ئىنساننىڭ ئىززىتىنى نەزەرگە ئالمىغان ئىستېتىكا شاكال-
دۇر. خۇلاسە، جۇڭگو يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى دەس-
لەپكى بۇرۇلۇشنىڭ ئەخلاقىي نېگىز قىلىشى بىر خىل مۇ-
قەررەرلىك بولۇپ، ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە قايتىشى ئۈچۈن،
ئۇنىڭ لاپ ئۇرۇش، شەخسكە چوقۇنۇش، سىياسىي خۇرا-
پاتلىق ئىللەتلىرىدىن خالاس بولۇشى زۆرۈر بولىدۇ.
شائىر بەي خۇانىڭ 1978 - يىلى ئېلان قىلغان «ھېچكىم
مونوپول قىلالماس كۈننى» دېگەن شېئىرىدا:

ياق، ھەقىقەت خەلقنىڭ مۈلكى،
قۇياش ئۇ، مونوپول قىلالماس ئۇنى. [20]

دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئۇ ئىدىيەۋى ئازادلىققا
بولغان تەشنالىقىنى ئىپادىلەپ:

ئىدىيەدە يەنىمۇ بولايلى ئازاد،
تېخىمۇ دادىل بولايلى يەنە.
يەنىمۇ كۆپەيسۇن ئۇسۇل - چارىمىز،
قەدەمنى تېزراق ئالايلى يەنە. [21]

دەپ يازىدۇ. بۇ مىسرالار شېئىرىيەتنىڭ بەدىئىيات
تەلۋىدىن ئېيتقاندا، ئۇنچە يېڭىلىققا ئىگە ئەمەس. ئوبراز
ۋە سۆز تاراشلىقتا ئالاھىدە ئىجادىي ئامىللارنى تاپقىلى
بولمايدۇ. بىراق ئەينى دەۋرنىڭ مەنىۋى ھاۋاسىدا شۇنچە-
لىك چوقان سېلىشنىڭ ئۆزىلا باتۇرلۇق بولاتتى. بۇ شائىر-
نىڭ 1979 - يىلىدىكى مەملىكەتلىك شېئىرىيەت سۆھبەت يە-
غىنىدىكى مۇنۇ باياني بىلەن بىردەك ئىدى:
«شائىر رېئاللىقنى كۆرۈپ يەتمىسە، ئالدىن كۆرەر-
لىككە ئىگە بولمىسا، بۆسۈپ ئۆتۈشكە، چوقان سېلىشقا

جۈرئەت قىلالمىسا، شاتۇتىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، خەلقمۇ ئۇنداق شائىرنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ» [22].

شېئىر ئىنسانىيى مەۋجۇدلۇقىنىڭ بىر ۋارىيانتى بولۇپ، چىن يېزىلغان بىر پارچە شېئىرنىڭ ئۆزىلا ئىنسانىيلىقنىڭ بىر قېتىملىق ئەھدىنامىسىدۇر، بۇ ئەھدىنامە بەزىدە شەخسنىڭ ئىنتىم كەچۈرمىشى شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۆزىلا مەنىۋى زوراۋانلىققا بېرىلگەن رەددىيە بولالايدۇ. خىتاپنامە شەكلىدىكى شېئىرلار بولسا مەدەنىيەت تېررورىزمىغا بېۋاستە قايتۇرۇلغان جاۋاب بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن شائىردا باشقىلاردا كەم تېپىلىدىغان جاسارەت ۋە سەممىيەت بولۇشى كېرەك.

خەنزۇ ئەدەبىياتىدىكى يۇقىرىقىدەك قايتا ئويلىنىش، ھەققىي ئەدەبىياتقا قايتىش، ئەدەبىياتنىڭ رېئالىستىك مەۋقەسنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يۈزلىنىشى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ ئۆزىگە خاس رايون خۇسۇسىيىتى، تەرەققىيات ھالىتى ۋە كۇلتۇرەل بوشلۇقىدا ئەكس ئەتمەي قالمىدى. بۇنى پروفېسسور ئازات رەھمىتۇللا سۇلتان مۇنداق يەكۈنلىدى: ① ئون يىل مابەينىدە بەدنامالار تۈپەيلى قولىغا قەلەم ئالالمىغان شائىرلار، ئىجادىيەتكە ئۆتۈپ، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ھەسسىدارلىرىدىن بولدى. ② شېئىرىي تېمىدىكى چەكلەنگەن رايونلار بىكار قىلىنىپ، تېمىلار خىلمۇخىللاشتى. يورۇقلۇق مەدھىيەلىنىش بىلەن بىرگە قاراڭغۇلۇقمۇ پاش قىلىندى. ③ لىرىك شېئىرلار كۆپىيىپ، شائىرلار «مەن»نى قورۇنماي يازالايدىغان بولدى. ④ شېئىرلاردىكى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى نىسبەتەن يېڭىلاندى. ⑤ سۇبيېكتىپلىققا قىزغىن ئىنتىلگەن «گۇڭگا شېئىرلار» مەيدانغا كېلىپ، ئەركىن مۇنازىرىگە سەۋەبچى بولدى. [23] بۇ يەكۈنلەردىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نورماللىشىش يۈنىلىشىگە قاراپ مېڭىپ، كىشىلەرنىڭ ھەققىي روھىي ھالىتى ۋە رېئال تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە باشلىغانلىقىنى ھېس قىلىش مۇمكىن. گېرمانىيەلىك جۇڭگوشۇناس، شائىر ۋە ئەدەبىي تەرجىمان ۋالفگاڭ كۇبىن (Wolfgang Kubin.1945) جۇڭگونىڭ 1979 ـ يىلىدىن 1989 ـ يىلغىچە بولغان ئەدەبىياتىنى «ئىنسانپەرۋەرلىك ئەدەبىياتى»دەپ ئاتاپ مەخسۇس مۇھاكىمە قىلىدۇ. پەقەت «بىز» بار، «مەن» يوق، كوللېكتىپ بار، شەخس يوق، ئورتاق گەپ بار، خاس گەپ يوق بىر ئىجتىمائىي شارائىتتا دەي خۇيىيىڭ (戴厚英)، ۋاڭ مېڭ (王蒙)، بېيداۋ (北岛)، گۇچېڭ (顾城) قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ سۇبيېكتىۋىزملىق خاھىشىغا تويۇنغان ئەسەرلىرى كىشىلەرنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى. «شەخس»نىڭ جەمئىيەتتىكى ۋە ھاكىمىيەتتىكى ئورنىنى سۈرۈشتۈرۈش، شەخسنىڭ قىممەتىنى ئۈستۈرۈش ئەينى ۋاقىتتا سەزگۈر مەسىلە ھېسابلىناتتى. فېئودال بىر مەدەنىيەتكە نىسبەتەن شەخس ئەرزىمەس بىر كۈچ بولۇپ، يېڭى تۈزۈم شارائىتىدىمۇ شەخسىي ئاۋازنىڭ بولماسلىقى مەنىۋىيىتى زىل ئەدىبلەرنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيتتى. كۇبىن بېيداۋنىڭ «جاۋاب» (回答) ناملىق شېئىرىنى «جۇڭگونىڭ تەقدىر خاراكتېرلىك بۇرۇلۇشىغا سىمۋول بولالايدۇ» [24] دەپ تەرىپلىگەن. بۇ شېئىر يىتتۈرۈۋەتكەن ئۆزلۈكنى ئىزدەش، قايتا ئويلىنىش، مەدەنىيەتكە گۇمانىي سوئال قويۇش قاتارلىق گۇمانتار روھ بىلەن سۇغۇرغان خىتاپنامە تۈسىدىكى ئەسەر بولۇپ، ئوقۇرمەنلەر بىلەن تولۇق ھەمبەھىرلىنىشنىڭ قىممىتى بار:

### جاۋاب

پەسكەشلىك پەسكەشلەرنىڭ يول خېتىدۇر،
ئالىيجانابلىق ئالىيجانابلارنىڭ ئابىدىسى.
باق ئەنە، زەرگۈن كۆكتە يۈرەر لەيلەپ،
مۇردىنىڭ ئەگرى ـ بۈگرى كۆلەڭگۈسى.

مۇزلۇقلار ئېرىپ كەتكەن ئەمەسمىدى،
جاھاننى نىچۈن يەنە مۇز باسىدۇ؟
شۇنچە كەڭ سۇ يوللىرى ئېچىلدى ـ يۇ،
يەلكەنلەر نىچۈك دېڭىز تالىشىدۇ؟

مەن كەلدىم بۇ دۇنياغا ئېلىپ پەقەت،
قەغەزنى، سىرتماقنى ۋە كۆلەڭگىنى.
جاكارلاپ ئۆتەي كېسىم ئالدىدا مەن،
كېسىمگە بەند قىلىنغان سۆزلىرىمنى.

ئەي دۇنيا، ئاڭلا مېنىڭ جاكارىمنى،
مەن زىنھار ئىشەنمەيمەن، ئىشەنمەيمەن.
مىڭ بولسا رىقابەتچىڭ مەگەر سېنىڭ،

قوشۇلۇپ مىلىك بىرىنچى بولاي دەيمەن.

ئىشەنمەيمەن ئاسماننى گەر كۆپكۆك دېسە،
ئىشەنمەيمەن، چاقماقنىڭ ئەكس ساداسىغا.
ئىشەنمەيمەن، چۈشنى تامام يالغان دېسە،
قالمايسەن دېسە ئۆلۈم قىساسىغا.

ئوكيانلار مەۋج ئۇرۇپ تاشسا ئەگەر،
زەرداپلار يۈرىكىمگە كىرسۇن ئېقىپ.
ئىنسانلار ياشاش ئۈچۈن چوققىلارنى،
تاللىسۇن، زېمىن كۆككە كەتسە چىقىپ.

بۇرۇلۇش يالقۇنلىرى، يۇلتۇزلىرى،
قامالسىز كۆكنى شۇ دەم بېزىمەكتە.
تەسۋىرىي يېزىقلار ئۇ بەش مىڭ يىللىق،
چاقنىغان كۆزلەردۇر ئۇ كېلەچەكتە.
—— «ئوت ئارىلى» [25]

بېيداۋنىڭ بۇ شېئىرىنىڭ تۇنجى ئارگىنالى 1973 - يىلى قولدىن چىققان، 1976 - يىلى «تيەنئەنمىن ۋەقەسى» يۈز بەرگەندە، ئاپتور بۇ شېئىرغا ئازراق تۈزىتىش كىرگۈزگەن. 1978 - يىلى بېيداۋ ئۆزى باشلامچى بولۇپ چىقارغان «بۈگۈن» (今天) ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان. كېيىن «شېئىرىيەت» ژۇرنىلىدىمۇ كۆچۈرۈپ ئېلان قىلىنغان.

شېئىر 1976 - يىلى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تيەنئەنمېن ياشلار ھەرىكىتىنى باستۇرۇش ھەرىكىتىگە بېرىلگەن جاۋابتۇر. شېئىر ئىستىل جەھەتتىن ئەركىن، قايناق يېزىلغان، ۋەزنىلىك شېئىر ھەم ئەركىن شېئىر ئامىللىرى يۇغۇرۇۋېتىلگەن. شېئىرنىڭ ئالدىنقى ئىككى مىسراسى ھەق - ناھەق مەسىلىلىرى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىنىپ، ھەممىشە كاززاپلار نەپ ئالىدىغان، ھەققانىيەتچىلەر زىيان تارتىدىغان تارىخىي رېئاللىق ھەققىدىكى ئەقلىيە خاراكتېرلىك يەكۈن بولۇپ، ئۇزۇن يىللىق قىسمەتنىڭ فورمۇلاسى دېيىشكە بولىدۇ. ئايرىم تۇرغاندا، ئۇ قۇرغاق جۈملىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما شېئىرنىڭ باشقا بۆلەكلىرى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ قارىغاندا، غەزەپ ۋە تىراگېدىيە بىلەن يۇغۇرۇلغان تەسىرلىك مىسرالاردىن بولۇپ چىقىدۇ. «زەرگۈن كۆك» غالىبىيەت سادالىرى بىلەن تولغان دەۋرنىڭ بەلگىسى بولۇپ، بۇ ئىماگ ئالىيجاناپلارنىڭ جەسەتلىرىنىڭ كۆلەڭگۈسى بىلەن بىرلىشىپ، شائىرنىڭ قەلبىدىكى ئاچچىق كىنايىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

مۇزلۇقلار ئېرىپ كەتكەن ئەمەسمىدى،
جاھاننى نېچۈك يەنە مۇز باسىدۇ؟

شائىر بىز ئەمدىلا ئازاد بولدۇق، دېسەك، يەنە نېمە ئۈچۈن ئاپەتلىك ئون يىل كېلىپ قەھرىتان سايىلەرنى تاشلايدۇ، دەيدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى گەپلەرنى سىدام جۈملىلەر بىلەن ئەمەس، يالقۇنلۇق ھېسسىيات بىلەن سۇغۇرۇلغان ئىماگلار ۋە جۇشقۇن شېئىرىي رىتىملار بىلەن ئىزھار قىلىدۇ.

«ئىنسان ئېسىل بىر بارلىقتۇر» —— دەيدۇ مۇتەپەككۇر ئەلى شەرىئەتى —— «پۈتكۈل فىزىكىلىق ۋە مېتافىزىكىلىق بارلىقلار ئارىسىدا، ھېچنېمىگە بېقىنمايدىغان شەخسىيەت ۋە ئۈستۈن ئۆزلۈككە ساھىب يەككە مەۋجۇدىيەت دەل ئىنساندۇر» [26] ئىنساندا ماددىي بارلىق ئامىللىرى بار، چۈنكى، ئۇ بەدىنى بىلەن ياشايدۇ، ئىنسان چەكسىز مەنىۋىيەت دۇنياسى. چۈنكى، ئۇ روھ ۋە تەپەككۇر بىلەن ياشايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، پەرىشتىلەرمۇ ئىنسانغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلغان. ياراتقۇچىنىڭ نەزىرىدە پاك، غۇبارسىز بولغان پەرىشتىلەردىن گۇناھلارغا شېرىك بولۇپ تۇرىدىغان ئىنسان مۇھىم ئورۇنغا قويۇلدى. ئىنسان ئۆز روھى بىلەن غايىبقا تەلپۈنىدۇ، ئۆز تەپەككۇرى بىلەن ماددىي بارلىقتىن ھالقىيدۇ، ئۆزىدىكى زىددىيەتلىك ئۇنسۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشتە ئارىسالدى بولىدۇ ۋە ئازابلىنىدۇ. ئەقلىنىڭ چەكلىكلىكى بىلەن خاتا ھۆكۈم چىقىرىدۇ ۋە ئاخىرىدا پۇشايمان قىلىدۇ. دېمەك، ئىنسان مەڭگۈلۈك تىراگېدىيە سۇپىسى بولۇپ، ئىنساننىڭ بالاغىتى دەل ئاشۇ تىراگېدىيەدە بەرق ئۇرىدۇ. شۇڭا، مەۋجۇدىيەتچى يازغۇچى دوستويېۋسكى ئۆزىنىڭ «جىنايەت ۋە جازا» ناملىق رومانىدا «ئەي ئىنسان، مەن ساڭا ئەمەس، سېنىڭ ئازابلىرىڭغا چوقۇنىمەن» دەپ خىتاپ قىلىدۇ. تارىخ ئىنساننى ئىنسانغا بېقىندى قىلىپ قويۇشتەك بەدقىلىقنى تولا قىلىدۇ، شۇڭلاشقا، ئىسيانكار شائىرلار ئۇ-

زۇلمەي چىقىپ تۇرىدۇ.

دەۋر شارائىت ئوخشاش، قىسمەت ئوخشاش، تۈزۈل-مە ئوخشاش بولغان شارائىتتا، ئىنسانىيلىقنىڭ بارومېترى بارچە مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مىزاجلاردىن ئوخشاشلا دېرەك بېرىدۇ. ئۇيغۇر «جاراھەت ئەدەبىياتى» (شىكايەت ئەدەبىياتى) مۇ خەنزۇ ئەدەبىياتى بىلەن ماس قەدەمدە ئۆزىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ئويغىنىشىنى «مەدەنىيەت ئىنقى-لابى» مەزگىلىدە ناھەق خورلانغان، سوتلانغان ۋە ھەپ-سىگە ئېلىنغان زىيالىيلارنىڭ تەقدىرىگە بولغان ئېچىنىش، ماتارىپ ۋە ئېسىل مەنىۋى مىراسلارنىڭ ۋەيران بولۇشىغا قارىتا شىكايەت قىلىشتىن باشلىدى. بۇ خۇسۇستا ئەينى دەۋردە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن ئەسەرلەر-نىڭ ئىچىدە، شائىر ۋە دراماتورگ مەمتىلى زۇنۇن تەشنا-ئىنىڭ «قۇچاقلا، ئۇ سېنىڭ داداڭ» ناملىق شېئىرى ئەدە-بىيات تارىخىمىزدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. شېئىر ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيەت ئەنئەنىسىدە كۆپ ئۇچرايدىغان مۇ-رەببە شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، كۈچلۈك رېئالستىك خاھىش، يېنىك ھەم راۋان تىل، ئېپىك دېتاللار كەينىدىكى ئۇرغۇپ تۇرغان ھېسسىيات ئوقۇرمەننىڭ دىققىتىنى ئۆزى-گە تارتىدۇ. بالا مەكتەپتىن كېلىپلا كۆز چاناقلىرى ئولتۇ-رۇشۇپ كەتكەن، يۈز مۇسكۇللىرى سۆڭەكلىرىگە چاپلى-شىپ كەتكەن دادىسىنى كۆرۈپ كىملىكىنى بىلەلمەي، گاڭ-گىراپ تۇرۇپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن باغرى ئېزىلگەن ئانا ئوغلىغا دادىسىنىڭ مەھبۇسلۇق ھاياتىنى تونۇشتۇرۇپ:

دادىڭ شۇ، ئات ئۆزۈڭ ئوغلۇم،
قۇچاقلاپ ئېيت سۆزۈڭ ئوغلۇم!

دەپ چاقىرىق قىلىدۇ.

دادا ئىلىم ۋە ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغۇچى زىيا-لىي بولۇپ، ئۇنىڭ گۇناھى ئەنە شۇ ئىدى.

ۋەتەنىنىڭ تەقدىرى، بەختى،
داداڭنىڭ شۆھرىتى ئوغلۇم.
گۇناھى ئەل ئۈچۈن تۆككەن
ھالال تەر-مېھنىتى ئوغلۇم...

داداڭ شۇ قوي يېتىرقاشنى،
قۇچاقلا بۇ گۆھەر تاشنى!

م. تەشنائى «مەشرەپ»دىن [27]

بىر زامانىۋى جەمئىيەتتە، زىيالىي ئىنسانىيەت ئازادلى-قىنىڭ ئىلگىرى سۈرگۈچىلىرىدىن بولۇشى كېرەك. ئەمما، ھەق - ناھەقنى ئايرىيدىغان ئۆلچەم خەلقنىڭ قولىدا ئەمەس، ھوقۇقدارلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەندە، زىيا-لىيلارمۇ ئاجىزلار توپىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. يۇقىرىقى شېئىر-دىكى دادا ئوبرازى (زىيالىي) ئۆزىنى چۈشەندۈرۈش، ئاقلاش پۇرسىتىدىن ئايرىلغان، تەقدىرى ھەققىدىكى ئا-خىرقى ھۆكۈمنى پەقەت ۋاقىتقىلا تاپشۇرغان بىقۇۋۋەل ئا-دەمدۇر. ۋاقىت ئۇنىڭ ياشلىقىنى، ئۇرغۇپ تۇرغان زېھنى-نى، ئارزۇ- ئارمانلىرىنى توزۇتۇپ، دادىلىق مېھرىگە قانما-غان بالىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ تاشلىدى. شائىرنىڭ قەل-مى دادا بىلەن بالىنىڭ ئۇزاق جۇدالىقتىن كېيىنكى يۈز كۆ-رۈشۈشىدىن ئىبارەت كولمىناتسىيەلىك نۇقتىغا مەركەزلى-شىپ، بۇ تەشۋىشلىك، تەسىرلىك مىنۇتلارنى قېنىق سۈرەت-لەپ بېرىشكە تىرىشقان. ھاياتتا ئىنسان ئۆزى بەلگىلىيەل-مەيدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار. نەدە ۋە قايسى زاماندا تۇ-غۇلۇش ئىنساننىڭ ئىختىيارىدا ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ مەنسۇپ بولغان ماكان - زامان ئۆزىگە لايىق تۈزۈم شارا-ئىتىغا ئىگە بولۇپ، بۇ شۇ ئىنساننىڭ شەخسىي ئۆزلۈكى، كوللېكتىپ ئۆزلۈكىگە ھامان تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىنسان ئەنە شۇ ئۆزلۈكنى تەشكىل قىلغان ئاڭ قاتلىمى بىلەن مەۋجۇد تۈزۈم شارائىتىغا مۇئەييەن تۇتۇم بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇ ھەرقانچە ئارىپلاردىن بولغاندىمۇ، ئۆزىنىڭ تۇغما تەبىئىتى ۋە ئىجتىمائىيلىقى بىلەن زامان زەردابلىرى-نى تارتىشقا مەھكۇمدۇر. شېئىر دادا بىلەن بالىنىڭ بىر - بىرىگە قاراپ تۇرغان ھالىتى بىزنى ھەر ئويلارغا سالىدۇ. ھېچنېمىدىن بىخەۋەر بىر سەبىي بالا دادا خوشلۇقىنى كۆر-مىگەن، ئۆگەتمەكنى كەسىپ قىلغان دادا زامان زىندانلىرى-دىن قايتىپ چىققان. شۇ تاپتا، ئانىنىڭ كۆڭلى ھىجراندىن يارا، ۋىسالدىن پارە، بۇ زادى كىمنىڭ مەسئۇلىيىتى؟!

ھەرقانداق بىر ھاكىمىيەت ئاڭ فورمىسى (ئىدېئولو-گىيە)گە ئىگە بولىدۇ. ئاڭ فورمىسى شۇ ھاكىمىيەتنىڭ ھەم ۋاستىسى ھەم غايىسى سۈپىتىدە جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ ئورنىنى تەشكىل قىلىدۇ.ئەگەر بىز فرانسىيە مۇتەپەككۇرى ل.ئالتۇسسېر (L.Althusser) نىڭ بەرگەن

ئېنىقلىمىسىغا قارايدىغان بولساق ئۇ ھەقتە بىر قەدەر
كونكرېت چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشىمىز مۇمكىن.«ئاڭ
فورمىسى» ــ دەيدۇ ئۇ «مۇستەقىل لوگىكا ۋە مۇستەقىل
قۇرۇلمىغا ئىگە ئىپادىلەر(ئوبراز، ئەپسانە، نۇقتىئىنەزەر
ياكى ئۇقۇم)سىستېمىسى بولۇپ، ئۇ ئالاھىدە تارىختا تا-
رىخىي رەۋىشتە مەۋجۇد بولىدۇ، بەلكى تارىخ سۈپىتىدە
رول ئوينايدۇ» [28].

نېمىنى ئىپادىلەش ۋە قانداق ئىپادىلەش ئىنسانىنىڭ
ئەركىنلىك دەرىجىسىنى بىلدۈرىدىغان مەنىۋى پائالىيەت
بولۇپ، ئاڭ سىستېمىسىدىن ئىبارەت سىستېمىنىڭ دائىرى-
سىدە بولىدۇ. ناۋادا ئاڭ فورمىسى پەننىڭ ئورنىغا چىقى-
رىلسا، قانداق ئىپادىلەش دۆلەتنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتۈپ
كەتكەن بولىدۇ. ئۇ چاغدا ئىنسان ئەركىنلىكتىن ئىبارەت
ماھىيىتىدىن ياتلاشتۇرۇلغان بولىدۇ. 20 - ئەسىرنىڭ 80 -
يىللىرىدىكى ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش «سىنىپىي كۈرەش نە-
زەرىيەسى»نىڭ ھامىيلىقىدىكى ئىنساپ ئۇقۇمىنى قايتا تەك-
شۈرۈشىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالدى. ئىنسان ئۇقۇمى سىنىپىي
رامكىدىن چىقىپ، مۇتلەق قىممەتنىڭ سۇبيېكتى، سىنىپىي
مۇناسىۋەت ۋە تارىخ چەكلىمىسىدىن ھالقىغان ئەركىن، ئى-
جادكار يارالمىش سۈپىتىدە چۈشىنىلىشكە باشلىدى. بۇ
دەۋرنى جۇڭگونىڭ مەشھۇر ئەدەبىيات نەزەرىيەچىلىرىدىن
لى زېخۇ (李泽厚)، لىيۇ زەيفۇ (刘再复) قاتارلىقلار
ئۆزلىرىنىڭ بەزى ۋەكىل خاراكتېرلىك ماقالىلىرىدا بىر
قەدەر گەۋدىلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن دېيىشكە بولى-
دۇ. لى زېخۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانىي مەرىپەت، ئىنسا-
نىي ئويغىنىش، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئىنسانىيلىققا قايتىش چۇ-
قانلىرى ھېسسىيات ۋە كۆش بىلەن قانغا ئىگە شەخسنى
ئەقلىي ياتلىشىشنىڭ مەھسۇلى بولغان ئىلاھنىڭ (بۇ يەردە
شەخسكە چوقۇنۇشنى دېمەكچى) تاپىنىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى
ئاساسىي تېما قىلغان بولدى. ئەي ئىنسان، دېگەن خىتاب-
لار ھەممە ساھەلەردە ياڭراشقا باشلىدى. بۇنىڭ نېمىدىن
دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئەمما، شۇ
نەرسە ناھايىتى ئېنىق ئىدى: سۈنئىي ئىلاھلار ۋە قەھرى-
مانلار ئارقىلىق ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ۋاقتى ئاللىبۇرۇن
ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ، كىشىلەر 4. ماي دەۋرىدىكى ھېس-
سىيات، تەلپۈنۈش، گاڭگىراش، ھەسرەتلىنىش ۋە خۇشال-
لىققا قايتتى» [29]

ئادەم جىسىم ئەمەس، ئۇ ئىنتىلىدۇ، ياخشى كۆرىدۇ،
نەپرەتلىنىدۇ، ئىككىلىنىدۇ، قايمۇقىدۇ، تاللايدۇ... مانا
بۇلارنىڭ ھەممىسى سىنىپتىن ھالقىپ كەتكەن ئىنسانىي
تۇيغۇلار بولۇپ، ئۇنى ئاڭ فورمىسى رامكىسىغا چۈشۈر-
مەن دېيىش ئىنسانىيلىقنى خانىۋەيران قىلىشتۇر. ئىنسانىي-
لىق ئۆلگەن يەردە بارلىق ئازادلىق ھەرىكەتلىرى بىمەنى-
دۇر. «ئادەم ھەم ئوبيېكتىپ ھەم سۇبيېكتىپ مەۋجۇدى-
يەت سۈپىتىدە ئوبيېكتىپتۇر، پائالىيەتكە ئۆتكەندە سۇبيېك-
تىپتۇر» [30] دەيدۇ لىيۇ زەيفۇ «ئەدەبىياتنىڭ سۇبيېكتىپ-
لىقى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدا. لىيۇزەيفۇنىڭ بۇ ماقا-
لىسى ئەينى دەۋردە ناھايىتى زور تەسىر قوزغىغان
بولۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى بۇرۇلۇش دەۋرىگە
ۋەكىللىك قىلىدىغان تارىخىي خاراكتېرلىك ماقالىگە ئايلان-
دى. ئادەم نەدە تۇرسەن دېسە شۇ يەردە تۇرىدىغان،
نېمە قىل دېسە شۇنى قىلىدىغان، تاللاش ئېڭى ۋە ئارسال-
دىلىق ئېڭىدىن مۇستەسنا قورالغا ئايلىنىپ قالاي دېگەن
بىر پەيتتە، لىيۇزەيفۇنىڭ ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپلىقىنى كۆتۈ-
رۈپ چىقىشىنى بىر مەيدان پىكرىي ئىنقىلاپ دېسەك مۇبا-
لىغە بولمايدۇ. ئۇ ئادەم بىلەن ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى
مۇنداق ئىپادىلەيدۇ: «يازغۇچى قانچە ئىقتىدارلىق بولسا،
پېرسوناژغا شۇنچە ئامالسىز قالىدۇ. يازغۇچى قانچە ئىقتى-
دارسىز بولسا پېرسوناژنى شۇنچە تىزگىنلىۋالىدۇ» [31] بۇ
سۆز پېرسوناژنى ئۇقۇملاشتۇرۇش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش خا-
ھىشىدىكى ئەدەبىياتقا بېرىلگەن رەددىيە ئىدى. ئىنسانىي
يازغۇچىنىڭ دوگمىلاشتۇرۇپ چۈشىنىشى بىر دەۋرنىڭ
ئۆزۈل - كېسىل چۈشكۈنلەشكەنلىكىنىڭ ئالامىتى.

بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىنسان تېمىسى ئىز-
چىللىقىنى يوقاتمىغان غوللۇق تېما بولۇپ كەلدى. ئۇيغۇر
ئەدەبىياتىنىڭ مىللىي روھىدا ئىنسان ئىنساننىڭ ئىرادىسىدە
ئەمەس، ئىلاھىي قانۇنىيەتنىڭ ھۆكۈمىدە پائالىيەت قىلى-
دۇ، ئىنسان ياخشىلىقنىڭ يۈكسەك پەللىسىنى كۆزلىگەن
ھالدا، ئىلاھىي ئىرادە بىلەن ياندىشىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق
ئىنسانىي كامىللىقنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولىدۇ. ئۇيغۇر
ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي روھىي ماددىي ئىسكەنجىنى ۋە
روھىي قۇللۇقنى رەت قىلىدۇ. بۇ روھ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ
80 - يىللىرىنىڭ بېشىدا شەكىللىنىشكە باشلىغان يېڭى دەۋر
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ، جۈملىدىن شېئىرىيەتنىڭ ئاساسىي تې-

مىسدا ئىزچىللىقنى تاپتى. شائىر ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ «قۇياش قەسىدىسى»، «ۋەتىنىم سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق»، «شائىر خاتىرىسىگە» قاتارلىق شېئىرلىرى، شائىر تاھىر تالىپنىڭ «چۈنكى، مەن — ئادەم»، شائىر قۇربان باراتنىڭ «ئۇۋۇ مىلتىقى كۆتۈرگەن بالا»، «تۈندە ئۇچقان يالغۇز قۇش»، شائىر ئارسلاننىڭ «يۇلتۇزلار يۇرتى» نامدىكى شېئىرلىرى ئىنساننىڭ كۈچ قۇدرىتى، قەدىر-قىممىتى ۋە تارىخ يارىتىشتىكى سۇبيېكتىپ رولىنى قايناق، گۈزەل شېئىرىي تىللار بىلەن جاكارلىدى. بۇلاردىن شائىر تاھىر تالىپنىڭ «چۈنكى، مەن — ئادەم» ناملىق شېئىرىنى بىر پارچە ئىنسانپەرۋەرلىك خىتابنامىسى دېيىشكە بولىدۇ. بېيداۋنىڭ «جاۋاب» دېگەن شېئىرى جۇڭگو يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىدە ئىنسانپەرۋەرلىك قىممىتى جەھەتتە قانداق ئورۇن تۇتقان بولسا، تاھىر تالىپنىڭ بۇ شېئىرىمۇ ئۇيغۇر يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىدە شۇنداق ئورۇن تۇتىدۇ. شېئىرنىڭ تولۇق تېكىستى مۇنداق:

**چۈنكى، مەن — ئادەم**

بىمار بوپ ئانا يەرگە يىقىلغاندا،
پۈردى دەل ئاستىمدىن ئانام سۈتى.
«خىزىر» بوپ تۇپراقتىكى كىندىك قېنىم،
تۇرغۇزدى مېنى يۆلەپ ساغلام پېتى.
شۇڭا، يۇرت پايخان بولسا ماڭا ماتەم،
چۈنكى، مەن — ھېسسىياتلىق ھايات ئادەم.

تەلۋىلەر چەيلەپ ئۆتسە گۈل - چىمەننى،
ئۆرۈلەر قىر بېشىغا سەۋر قاچام.
قەھرىمدىن ئوق ئۈزىمەن قۇزغۇنلارغا،
چىمەنگە قانات يېيىپ مەن ھەر قاچان.
چۈنكى، مەن — ھېسسىياتلىق ھايات ئادەم،
گۈزەللىك پايخان بولسا ماڭا ماتەم.

دىلبىرىم قوي كۆزىدىن سۇ ئىچمەن،
دىلىدىن دىلىمغا نۇر - يورۇق ئېلىپ.
جاھالەت ھامىيلىرى چاڭ توزۇتسا،
سانجىيمەن قۇۋۇرغامنى پىچاق قىلىپ.
چۈنكى، مەن — ھېسسىياتلىق ھايات ئادەم،
مۇھەببەت پايخان بولسا ماڭا ماتەم.

رەقىبنىڭ مۇشتى ماڭا ھېچ گەپ ئەمەس،
ھەتتاكى قىلىچقا تىك بارالايمەن.
چېقىلسا قىلچە ئىززەت - ھۆرمىتىمگە،
ھەتتاكى ئەۋلىياغا يانالايمەن.
چۈنكى، مەن — ھېسسىياتلىق ھايات ئادەم،
غورۇرۇم پايخان بولسا ماڭا ماتەم.

بىھۇدە بوزەك قىلسا كىچىكنى چوڭ،
ۋە ياكى مۇتەھەممىلەر پالۋان بولسا؛
كۆز يۇمۇپ يۈرەلمەيمەن، ئازغان ئۈچۈن —
ناتىۋان لەيلىقازاق قۇربان بولسا.
چۈنكى، مەن — ھېسسىياتلىق ھايات ئادەم،
ھوقۇقۇم پايخان بولسا ماڭا ماتەم.

ئېتىقاد، ئەقىدەم بار ئۆزۈمگە خاس،
خەلقىمنىڭ رايىنى كۈچ - قانات قىلغان.
ئەقەللىي كۆزۈمدىن ئوت - ئۇچقۇن يانار،
تەتۈرلۈك ئىرادەمگە بولسا سۇلتان.
چۈنكى، مەن — ھېسسىياتلىق ھايات ئادەم،
ئەقىدەم پايخان بولسا ماڭا ماتەم.

ئادىمىي ئادەمكى مەن ئەلگە چاكار،
لېكىن، ھېچ بىرەر زاتنىڭ قۇلى ئەمەس.
ئۆز كاللام ھامان مەھكەم ئۆز بويىنۇمدا،
جەڭچىمەن، بىرەر كىمنىڭ قۇلى ئەمەس.
چۈنكى، مەن — ھېسسىياتلىق ھايات ئادەم،
خىسلىتىم پايخان بولسا ماڭا ماتەم.

غەزەلخان خەلقىم ئۈچۈن يازدىم قوشاق،
ئىلھامى ئاتا قىلغاچ خەلقىم — ئانام.
غەزەلسىز ياشىمايدۇ ئۇيغۇر دېگەن،
يۇرتۇمدا ھەربىر غەزەل بىر ئىمتىھان.
غەزىلىم پايخان بولسا ماڭا ماتەم،
چۈنكى، مەن — ھېسسىياتلىق ھايات ئادەم.

1982 - يىلى ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

تاھىر تالىپ بەكتۇر: «چۈنكى، مەن — ئادەم»دىن [32]

شېئىر جەمئىي سەككىز كۇپلېت بولۇپ، شائىر ئۆزىنىڭ «ھېسسىياتلىق ھايات ئادەم» ئىكەنلىكىنى ھەربىر كۇپلېتتا نەقرات شەكلىدە ئۇدا تەكىتلەپ تۇرىدۇ. بۇنداق تەكىتلەش قانداق مەنىگە ئىگە؟ شېئىرمۇ بىر تېكىست، جەمئىيەتمۇ بىر تېكىست، ئوقۇرمەن شائىرنىڭ مەزكۇر شېئىرنى يازغان ۋاقىتتىكى دەۋرنى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى ئىنسان تەقدىرىنى، ئىنسان تىراگېدىيەسىنى چۈشەنمىگەندە، ئۇ خىل تەكىتنى تەكرارلاش تۇيغۇسىدىكى مىسرادىنلا ئىبارەت دەپ چۈشىنىپ قالىدۇ. جەمئىيەت چۈشىنىلگەندە، شائىرنىڭ ئادىمىيەتسىزلىككە قارشى ھالدا ئادەمدىكى چىنلىقنى ئۇنتۇغاق تارىخنىڭ ئېسىگە سېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ.

شائىر شېئىردا ئۆزىنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېسسىياتلىق تىرىك ئادەم ئىكەنلىكىنى تەكرار قەيت قىلغىنىدا، ئەل - يۇرت، گۈزەللىك، مۇھەببەت، غۇرۇر، ھوقۇق، ئەقىدە، ئىنسانىي خىسلەت، شېئىرنىڭ بەربات بولۇشىدىن قايغۇرىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ. ئادەم دېگەن نېمە؟ دېگەن سوئال شائىر تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن يۇقىرىقى ئىنسانىيلىق ئېلېمېنتلىرىدا جاۋابقا ئېرىشىدۇ. ناۋادا يۇقىرىقى ئامىللار خاراب بولسا، ئىنسانىي مەۋجۇدلۇق ۋەيران بولدى، دېگەن گەپ. ئىنسان خاراپ بولغان يەردە شېئىرمۇ ئاللىبۇرۇن خاراب بولغان بولىدۇ، چۈنكى، شېئىر ئىنسانىيلىقنىڭ گۈلى ياكى ئىنسانىيلىقنىڭ قەھرى.

دىلبىرىم قوي كۆزىدىن سۇ ئىچمەن،
دىلىدىن دىلىمغا نۇر-يورۇق ئېلىپ.
جاھالەت ھامىيلىرى چاڭ توزۇتسا،
سانجىيمەن قوۋۇرغامنى پىچاق قىلىپ.

«قوي كۆز» — ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا مۇلايىم، لېۋەن گۈزەللەرگە ئىشارە قىلىنىدۇ. قوي ئۇيغۇر ئېيتىملىرىدا پاكىزلىق، ھالاللىق، مۇلايىملىقتىن دېرەك بېرىدۇ. مەيلى دىنى رىۋايەتلەر بولسۇن، مەيلى ئەقىل - پاراسەت ھەققىدىكى چۆچەكلەردە بولسۇن، پادىچىلىقتا ئائىت موتىفلارنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. پادىچىلىق پەيغەمبەر قىسسەلىرىدە مېھرىبانلىق مەكتىپى تۇسىدە تەسۋىرلىنىدۇ. سۈيقەست، قارا نىيەتلىك بىلەن تولغان تۇرمۇشتا ئىنسان مۇلايىملىق ۋە مېھرىبانلىقنى سېغىنىدۇ. غەرەزسىز، مۇلايىم، پاك كۆزلەر مۇھەببەتنىڭ ئارامگاھى. شائىرنىڭ قەلبى دەل ئاشۇنداق كۆزلەرگە تەشنا ھەم ھامىي. لېكىن شائىر مۇلايىملىقتا ئۆزىنى بەخشەندە قىلىپ ئەقلى - ھۇشىنى يوقاتقان تاۋى نازۇكلاردىن ئەمەس ئىدى. بەلكى ئۇ ئاشۇنداق گۈزەللىكنىڭ دۈشمىنى بولغان جاھالەتپەرەسلەرگە ئىككىلەنمەي ئېتىلالايدىغان مۇرەسسەسىز جەڭچى ئىدى. شائىرنىڭ مۇھەببەت - نەپرىتى ناھايىتى ئېنىق ئىدىكى، بۇنداق بولۇش ئادەم بولۇشنىڭ ئەقەللىي مىزانى ئىدى. شېئىر ئىستىلىستىكىلىق ماھارەتنى ئانچە قوغلاشماي كەتمىگەن بولۇپ، سۆزلەر ئۇدۇل ھەم سىدام، مىسرالاردا جۇشقۇن ئۇرغۇپ تۇرغان ھېس - تۇيغۇ مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. شېئىردا پاساھەت بوياقلىرى بولمىغىنى بىلەن جاسارەت پۇراقلىرى گۈپۈلدەپ تۇرىدۇ. بۇ ماھىيەتتە، ئادەمسىراپ كەتكەن ھەشەمەتسىز بىر ئادەمنىڭ قەلبىگە ئائىت شەجەرە ئىدى.

بېيداۋ بىلەن تاھىر تالىپ بەكتۇرنىڭ بىز كەلتۈرگەن ئىككى پارچە شېئىرى بەدىئىي رەڭ جەھەتتىن خېلى روشەن پەرقتە ئىگە. بېيداۋ قاباھەتلىك يىللار ھەققىدىكى دەردلىك تۇيغۇلىرىنى سىمۋول ۋە ئىماگلارغا يۇغۇرۇپ ئىپادىلىگەن بولغاچقا، غەزەپلىك كەيپىياتتىكى شېئىردا كىشىگە غۇۋالىق تۇيغۇسى بېرىدىغان مىسرالار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. بىراق، بۇ غۇۋالىق ئوقۇرمەنگە يىراقتا سوزۇلغان شېئىرىي كەڭلىكنى ئاتا قىلىپ، بۇ كەڭلىكتە ئوقۇرمەن ئاپتور بىلەن يېڭى-يېڭى تەسىراتلىرىنى ئالماشتۇرالايدۇ. تاھىر تالىپ بەكتۇر گويا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا تىنىپ كەتكەن بۇرۇختۇم ھېسسىياتلىرىنى بىراقلا قويۇۋەتكەندەك تۇيۇلىدۇ، بۇ يەردە بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇش ھاجەتسىزدەك تەسىرات بېرىدۇ، چۈنكى ھېسسىياتنىڭ تەبىئىيلىكى ۋە چىنلىقى ئۆزلۈكىدىنلا شېئىرنىڭ تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرغان، سۆزلەر ۋە مىسرالار شائىرنىڭ توسقۇنسىز ھاياجىنىغا ھاسىلىشىپ، ساددا بىر رىتىمدا ئۇيۇشۇش ھالىتىگە كىرگەن. بېيداۋدا رومانتىك جۇشقۇنلۇق ۋە تىراگېدىيەلىك

ئالڭ بار. تاھىر تالىپتا رېئالىستىك چىنلىق ۋە ئوپتىمىزم
بار. ھەر ئىككى پارچە شېئىر خىتابنامە تۈسىگە ئىگە
بولۇپ، ئىنسانىيەتسىزلىككە قەھىرلىك ھومىيىدۇ ۋە
ئۇنىڭدىن شىكايەت قىلىدۇ.

دېمەك، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ئاخىرلىشىپ،
جۇڭگو جەمئىيىتى بىر تارىخىي دەۋرگە يۈزلەندى. ئىدىيە-
دە ئازات بولۇش مۇشۇ مەزگىلدىكى ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش-
نىڭ دەسلەپتىكى سىگنالى بولدى، ئىدىيەدە ئازاد بولۇش
ئادەمنىڭ سوبيېكتىپلىقنى ئېتىراپ قىلىشتىن باشلاندى،
شەخسنىڭ كوللېكتىۋىزم قېلىپىغا چۈشمەيدىغان خاسلىقلى-
رى، مۇرەككەپ ئىچكى دۇنيالىرى، ھېسسىياتىنىڭ ئەركىن-
لىكى، بەدىئىي ئىپادىلەش يوللىرىنىڭ خىلمۇ-خىللىقى مۇھا-
كىمىنىڭ تۈگۈنى بولدى. ئۇيغۇر شائىرلىرى ئۆزىنىڭ شې-
ئىرلىرىدا زامان بەرگەن ئىمكانىيەتلەرگە ئاپىرىن ئوقۇدى،
خورلۇق يىللارغا لەنەت ئوقۇدى. بۇنى ئىنسانىيلىق بابى-
دىكى مۇھەببەت - نەپرەت ئويغۇنىشىنى دېمەي بولمايتتى.
چۈنكى، مۇھەببەت - نەپرەتنى ئېنىق ئېيتىشقا مۇيەسسەر
بولۇشمۇ پىكىر ئەركىنلىكىنىڭ بىر جۈملىسى ھېسابلىنىدۇ.
شائىرلار ئىنساننىڭ قەدىر-قىممىتى ھەققىدە چۇقان
سالدى، ئىنسانىيلىقنىڭ سوبيېكتىپ مەزمۇنلىرىنى لىرىك
تۈستە نامايەن قىلدى. ئىنسانىيلىق داۋاسىنى يادرو قىلغان
ئىنسانپەرۋەرلىك يېڭى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئاساس-
لىق تېمىسى بولۇپ، ئەدەبىيات قېلىپبازلىق ۋە شوئارۋاز-
لىق ئىللەتلىرىدىن ئاستا - ئاستا قۇتۇلۇشقا باشلىدى.

ساختا لاپ، قۇرۇق گەپلەردىن خالاس بولۇپ، ھە-
قىقىي ھەسرەتنى سۆزلەشنى بىر رېئالىستىك روھ دېيىشكە
بولاتتى. ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكى گەپ پىچەتلەنگەن شارائىت-
تىكى رېئالىزم ئىنسانىي بۇرمىلاش ئۈستىگە قۇرۇلغان
ساختا رېئالىزمدۇر. ئادەم راست گېپىنى سۆزلىيەلىگەندىلا
ھەقىقىي مەنىدىكى ئادەم بولالايدۇ. شۇڭا، يېڭى دەۋر
ئۇيغۇر شېئىرىيىتى نەق تېمىدىن گەپ ئاچتى. ئۇ بولسىمۇ —
ئادەم!

4

ئىنسان نوقۇل يېمەك - ئىچمەكنىڭ بەندىسى
ئەمەس، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە شېئىرىي مەۋجۇدىيەت، ئىنسان-
نىڭ ئارزۇ-ئىستەكلىرى چەكسىز، بىراق، ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ
شارائىتى چەكلىك بولغاچقا، ھالقىش روھىغا موھتاج بول-
دۇ. سەنئەت ئەنە شۇ ھالقىش روھىنىڭ مەھسۇلى. ئىنسان-
نىڭ زاتى سىقىلغان، مەنىۋىيىتىگە ئورۇن قالمىغان ئەھۋال-
دا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى بىر خىل ئەسەبىيەت قاپلايدۇكى،
ئۇمۇ ئىنساندىكى شېئىرىي قىزغىنلىقنىڭ بىر تۈرلۈك ئىپا-
دىسى بولۇپ قالىدۇ. مۇشۇنداق شارائىتتا، ئىپادىلەشمۇ
بىر تۈرلۈك ھاياتتۇر.

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىن كېيىنكى جۇڭگو جەمئىي-
تى كىشىلەرنىڭ پائالىيىتىگە چەكلىك رەۋىشتىكى ئەركىنلىك
بوشلۇقنى بەرگەن بولدى. كىشىلەر ئۇن يىللىق خاتا سىيا-
سەتنى تەنقىد قىلالايدىغان، ئۇنىڭ كىشىلەرگە ئېلىپ
كەلگەن پاجىئەلىرى، خانىۋەيرانچىلىقلىرى ئۈستىدىن شىكا-
يەت قىلالايدىغان بولدى. بۇ ھال كىشىلەرنى ئۆز-ئۆزىگە
ئاسىي بولۇشتىن ساقىت قىلدى، يەنى ئىنسان ئۆز ئىرادى-
سىگە مۇخالىپ ھالدا ئۆز ۋۇجۇدىدا يوق گەپلەرنى دېمە-
سىمۇ، خەتىرى بولمايدىغان رېئاللىق شەكىللەندى. ئىنسان-
نىڭ ئۆز ماھىيىتىگە ساختىلىق قىلماسلىقى ئەدەبىياتنىڭ
مەۋجۇد بولۇش زۆرۈرىيىتىدىكى ھالقىلىق تۈگۈنى قەدەم
چۈنكى، ئىنسان ئەدەبىيات (بارلىق سەنئەت ئەلۋەتتە) نى
مەنىۋى ئارامگاھ سۈپىتىدە ياراتقانىكى، ئىنساننىڭ جەمئى-
يەت بىلەن بولغان زىددىيىتى تۈپەيلى كېلىپ چىققان سىقىن-
دىلىرى ئەركىنلىكتىن ئىبارەت جەۋھەرنى ئىپادىلەشنىڭ
ۋەتىنى بولغان سەنئەتكە ھاۋالە قىلىدۇ. مانا مۇشۇ چاغدا
ئىنسان سۇبيېكتىنىڭ مەزمۇنلىرى ئۆز خىلىغا يارىشا شە-
كىللەرنى ئاپىرىدە قىلىدۇ.

ئۇيغۇر يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇچى
شائىرلارنىڭ ئىچىدە، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدى-
كى زاكاسچىلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئۆز خاھىشىغا قايتقان شائىر-
لارمۇ بار. مەسىلەن، تېيىپجان ئېلىيوف، ئابدۇكېرىم خوجا،
مۇھەممەد رېھىم قاتارلىقلارغا ئوخشاش. بۇلارمۇ ئۆز زاما-
نىسىنىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان ئەلەملىرىنى ئۆكۈنۈش مەزمۇ-
نىدىكى مىسرالارغا ئايلاندۇرۇشتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ شې-
ئىرلىرىدىكى بەدىئىي ئامىللاردا، شېئىرىيەت شەكىللىرىدە،
ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردە كۆزگە چېلىققۇدەك ئىسلاھات-
لارنى كۆرگىلى بولمىدى. ئۇلار ئاللىبۇرۇن شەكىللىنىپ
بولغان ئۇسلۇبلىرىنى مۇستەھكەملىگەن ئاساستا، تېماتىك
يېڭىلىقلارغا تەۋەككۇل قىلىشتى. تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ
كىشىلىك مۇھەببەت تېمىسىدىكى غەزەللىرى، ئابدۇكېرىم

خوجىنىڭ سىياسىي لىرىكىلىرى، مۇھەممەد رېھىمنىڭ بەزى ساتىرالىرى ئەدەبىياتتا ئەسلىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئۆتكىلىق ساغلاملىققا قايتقانلىقىنىڭ دەلىلى بولۇپ قالدى. بۇ ئارقىلىق ئۇلار ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئىجابىي ئورنىنى قايتا تىكلىدى ھەمدە ئۇيغۇر يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىدىكى ئەنئەنىۋى بىر ئېقىمنىڭ مۇھاپىزەتكارلىرىغا ئايلاندى.

ئۇيغۇر يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىدە ئوسمانجان ساۋۇت، قۇربان بارات، تاھىر تالىپ بەكتۇر، ئارسلان، بۇغدا ئابدۇللا قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرىيەتنىڭ بەدىئىيەت مۇساپىسىدە باسقان قەدەملىرىنى بىر قەدەر ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە دېيىشكە بولىدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى زاماننىڭ ئەلپازىغا مايىل مەدھىيە شاۋقۇنلىرىغا ئاۋاز قوشۇشتىن خالىي بولالمىغان بولسىمۇ، كېيىنكى ئىجادىيەت باسقۇچىدا، ئۆزلىرىنىڭ مۇرەككەپ، نازۇك، ئۆزگىرىشچان ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشكە ئىنتىلدى ۋە بۇ جەھەتتە بەزى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى.

دېدىمكى، لەببەيچى تولغان جەننەتتىن،
مىڭ ئەلا پىداكار ئەر چۈشكەن دوزاخ.
— ئوسمانجان ساۋۇت: «ۋەتىنىم سۈت بەرگەن، ھالال ۋە ئاپئاق» دىن [33]

يۇقىرىقى ئىككى مىسرادا، شېئىرىي تىلنىڭ يېڭى بىر ئىپادىلەش سەۋىيەسى مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. شېئىردىكى «جەننەت» ۋە «دوزاخ» ئىبارىلىرى ئادەتتىكى لۇغەت مەنىلىرىدىن ھالقىتىلىپ، كىشىلىك ھاياتتىكى ئوخشىمىغان قىسمەتلەردىن دېرەك بېرىدىغان سىمۋوللارغا ئايلاندۇرۇلغان. «لەببەيچى قەھرىمانلار» دەل ئەقىدە، پرىنسىپ، ۋىجدان دېگەنلەردىن ئاللىبۇرۇن مەھرۇم بولغان، ماتېرىيال تۈسگە كىرىپ كەتكەن ئىنسانىيەتسىز ئىنسانلارنى كۆرسىتىدۇ، دېمەك، جەننەت ۋە دوزاخ ئادەملەرنىڭ خۇيى، پېئىل-ئېتىبارلىرىدىن مۇستەسنا ھالدىكى ماكان ئەمەس، بەلكى ئىنسان پائالىيىتىگە رىشتىلەنگەن مۇئەييەن قىممەتنىڭ ئىسپاتىدۇر. شائىر مەزكۇر ئىككى مىسراغا دەۋرنى، ئۆزىنىڭ مەيدانىنى، ۋىجدانىنى، شېئىرىي تىل بابىدىكى ئىجتىھاتلىرىنى، ئېرىشكەن ئىستېتىك ئۇنۇمىنى نامايان قىلىدۇ. بىر شائىرنىڭ بەدىئىي ئىستىداتى، سۆز تاللاش، مىسرالارنى تۈزۈشتە، يېڭى ئوخشىتىش ۋە مەجازلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە كۆرۈلىدۇ. شائىر ئۆز سوبيېكتىغا ماس كەلگۈدەك كەيپىيات ۋە رىتىمنى، بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بەدىئىي فورمىنى تېپىشتا پائال ئىزدىنىشكە مەجبۇر. بۇ جەھەتتە مەغلۇپ بولغان شائىر تەقلىدچىلىكتىن خالىي بولالمايدۇ. شائىر پىكىر ئىسيانكارى بولۇش بىلەن بىرگە شېئىرىي نۇتۇقنىڭ كونا ئەندىزىلىرىدىن روشەن بىر ھەملە بىلەن چىقىپ كەتكۈچىدۇر.

ئۇخلىسام تاغلارنىڭ كۈمۈش تەختىدە،
يۇلتۇزلار قېشىمدا تۇرىدۇ پوستا.
بۈركۈتلەر يەلپۈيدۇ قانىتى بىلەن،
تومۇزنىڭ ئاپتىپى كۆيدۈرسە ئوتتا.
— ئارسلان: «يۇلتۇزلار يۇرتى»دىن [34]

شېئىردا بىر «مەن» بار، بۇ «مەن» شائىرنىڭ شەخسىيىتىدىن ھالقىپ كەتكەن غايەت زور «مەن». ئۇنىڭدا بىر خەلقنىڭ ئۆزلۈك دۇنياسى ياتىدۇ. شائىرنىڭ ئۆزلۈكى چوڭ بىر كوللېكتىپ ئۆزلۈككە ئايلىنىپ، تاغلارغا، يۇلتۇزلارغا، بۈركۈتلەرگە، قۇياش نۇرىغا، شاماللارغا سىڭىپ كەتتى. شەيئىگە ھېسسىيات كۆچۈرۈش، تەسەۋۋۇرنى ئەركىن قويۇۋېتىش بۇ بىر كۇبلېت شېئىردىكى تىپىك ئالاھىدىلىك بولغان. دېمەك، بۇ دەۋردە شېئىرىيەتتە ئېنىق ئەسلىگە قايتىش ھەرىكىتى روياپقا چىقتى. شېئىرىي تىل ئاخبارات تىلىدىن پەرقلىنىشكە قاراپ يۈزلەندى، سۆزلەرنىڭ قوراشتۇرۇلۇشىدا ھېسسىيات يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتۈپ، مېخانىك سەپلىنىش ھادىسىلىرى تەدرىجىي يوقۇلۇشقا باشلىدى. شېئىردا تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھادىسىلىرى تەبىئىي رەۋىشتە ھېسسىياتقا بويسۇنۇپ، شائىرنىڭ سۇبيېكتى ئازاد بولدى. بۇ خىل ئازادلىقنى بەدىئىي ئىپادىلەرنىڭ ئۆزگىچىلىكىدە كۆرسىتەلىگەن شائىر ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

بۇ دەۋردە دىققەتكە ئالاھىدە سازاۋەر بولغىنى شائىر ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» ناملىق لىرىكىسى ھەققىدىكى مۇنازىرە بولدى. مۇتەئەسسىپ ئەدەبىي تەنقىدچى ھېزىم قاسىم شائىرنىڭ يېڭى ئىپادە شەكىللىرىنى ئوبيېكتىپ ھادىسىلەرگە مۇۋاپىق كېلىدىغان فورمال لوگىكا قائىدىلىرى بىلەن تەدبىقلاپ، شائىر-

نىڭ بەدىئىي سىناقلىرىنى رەت قىلدى. دېمەك، بۇ يەردە شېئىر فورمال لوگىكا ئۆلچەملىرى بويىچە تەھلىل قىلىنغان ئىدى. بەدىئىيەتكە ۋە پىكرىي قىممەتكە تەڭ ئېتىبار بېرىپ كەلگەن ئەدەبىي تەنقىدچى مۇھەممەت پولات شائىرنىڭ بەدىئىي ئىزدىنىشىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، شېئىرنىڭ يېڭى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ھاسىل قىلغان ئىستېتىك سەكرەش جەھەتتە ئورنىنى مۇقىملاشتۇردى. شۇنىڭدىن ئې-تىۋارەن شېئىرىيەت بەدىئىي سىناق يۆنىلىشىدە ئىزتىراپتىن خالىي ھالدا ئىلگىرىلەشكە باشلىدى.

ئۇيغۇر يېڭى دەۋر شېئىرىيىتى شېئىرىي شەكىل، ژانىر، ئىستېمال نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئەنئەنىسىدىن چەتنىمىدى. ئەسىر جەھەتتىن رۇس كىلاسسىك-لىرىدىن پۇشكىن، لېرمونتوف، سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى شائىرلاردىن يېسىنىن، ماياكوۋسكى قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلى-رىنى ئۈلگە قىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر شائىرلىرىدىن ئابدۇللا توقاي، چولپان، خەمت ئا-لىمجان، جۇستى، ئابدۇللا ئارىپوف، ئەركىن ۋاھىدوف قا-تارلىق شائىرلار ئۇيغۇر شائىرلىرىغا فاساھەت ۋە بالاغەت ئۈرنەكلىرىنى كۆرسەتتى. خەنزۇ شېئىرىيىتىدىكى گومورو، زاڭ كېجا، ئەي چىڭ، بەي خۇا قاتارلىق شائىرلار ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مەزكۇر دەۋردىكى يۆنىلىشىگە ئېيتىم شەكىل-لىرى جەھەتتىن تەسىر كۆرسەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئەدە-بىي تەنقىدچىسى مىخايىل باختىن (M.M.Bxtin) «مەن ئۆز مۇھەببىتىمنى، تەشەببۇسۇمنى ۋە چۈشىنىشلىرىمنى شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلەيمەن» [35] دېگەنىدەك، ئۇيغۇر يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىدىكى ئىزدىنىش روھى مەزمۇن ۋە شەكىل-نىڭ گارمونىك ماسلىقىنى قانداق يارىتىشتا بىردەك ئەكس ئەتتى.

**ئىزاھات:**


[1] رېنې ۋېلېك، ئوستىن ۋارىن (ئامېرىكا): «ئەدەبىيات نە-زەرىيەسى» (ئۇيغۇرچە) شىنجاڭ ماائارىپ نەشرىياتى، 2013 ـ يىل نەشرى، 250 ـ بەت.

[2] روبېرت ئېسكارپىت (فرانسىيە): «ئەدەبىيات جەمئىيەت-شۇناسلىقى» (خەنزۇچە)، جېجياڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى، 2 ـ بەت.

[3] جون.ج. مەيشونس (ئامېرىكا) «جەمئىيەتشۇناسلىق» (خەنزۇچە) 2009 ـ يىلى، جوڭگو خەلق ئونىۋېرسىتېتى نەشرىيا-تى، 724 ـ، 725 ـ بەتلەر.

[4] ستىۋېن ۋاگو(ئامېرىكا): «ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش» (خەنزۇچە)، بېيجىڭ ئونىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007 ـ يىل نەشرى، 29 ـ، 30 ـ بەتلەر.

[5] رېنې ۋېلېك، ئوستىن ۋارىن (ئامېرىكا): «ئەدەبىيات نە-زەرىيەسى» (ئۇيغۇرچە) شىنجاڭ ماائارىپ نەشرىياتى، 252 ـ بەت.

[6] خې گويىپې: «يېڭى مەرىپەت بىلىم ئارخىپى — 80 ـ يىللاردىكى جوڭگو كۇلتۇرى ھەققىدە تەتقىقات» (خەنزۇچە)، بېيجىڭ ئونىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى، 16 ـ بەت.

[7] يۇقىرىقى كىتاب، 16 ـ بەت.

[8] مالچېڭ: «بۈگۈنكى جوڭگودىكى سەككىز خىل ئىج-تىمائىي پىكىر ئېقىمى» (خەنزۇچە)، ئىجتىمائىي ۋەسىقىلەر نەشري-ياتى، 2012 ـ يىلى نەشرى، 17 ـ بەت.

[9] ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «ئۆمۈر مەنزىللىرى» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى، 153 ـ، 154 ـ بەتلەر.

[10] ئالېكساندىر سولژېنتسىن(رۇسىيە): «دوۋپ دەرىخىگە ئۇسۇش» (خەنزۇچە) جوڭگو ئەدەبىياتسەنئەت بىرلەشمىسى نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى، 2 ـ بەت.

[11] يۇقىرىقى كىتاب، 2 ـ بەت.

[12] خوڭ زىچېڭ: «جوڭگو بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات تارىخى» (خەنزۇچە)، بېيجىڭ ئونىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى، 178 ـ بەت.

[13] قۇربان بارات: «يېشىل ھايات» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى، 115 ـ بەت.

[14] يۇقىرىقى كىتاب، 122 ـ بەت.

[15] يۇقىرىقى كىتاب، 117 ـ بەت.

[16] يۇقىرىقى كىتاب، 126 ـ بەت.

[17] لى شىنيۇ: «جوڭگو بۈگۈنكى زامان شېئىرىيەت سەنئىتىنىڭ ئۆزگىرىش تارىخى» (خەنزۇچە)، جېجياڭ ئونىۋېر-سىتېتى نەشرىياتى، 2000 ـ يىل نەشرى، 169 ـ بەت.

[18] ئا.خ. ماسلوۋ (ئامېرىكا) تۈزگەن: «ئىنسان قىممىتى ھەققىدە يېڭى قاراشلار» (خەنزۇچە)، خېبېي خەلق نەشرىياتى، 1988 ـيىل 198 ـ بەت.

[19] 17 ـ ئىزاھاتتىكى كىتاب، 162 ـ بەت.

[20] [21] ۋۇشاڭخۇا: «جوڭگو بۈگۈنكى زامان شېئىرىيەت سەنئىتىنىڭ بۇرۇلۇشى ھەققىدە» (خەنزۇچە)، ئەنخۇي مائا-رىپ نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى نەشرى، 179 ـ بەت.

[22] لى شىنيۇ: «جوڭگو بۈگۈنكى زامان شېئىرىيەت سەنئىتىنىڭ ئۆزگىرىش تارىخى» (خەنزۇچە)، جېجياڭ ئونىۋېر-سىتېتى نەشرىياتى، 2000 ـ يىل نەشرى، 195 ـ بەت.

[23] ئازاد سۇلتان: «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى

نەشرى، 38 ـ ، 68 ـ بەت.

[24] كۇبىن (گېرمانىيە): «20 ـ ئەسىر جۇڭگو ئەدەبىياتى تارىخى» (خەنزۇچە) خۇادوڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى نەشرى، 306 ـ بەت.

[25] مۇختار مەخسۇت تۇزگەن: «ئوت ئارىلى» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2012 ـ يىلى نەشرى، 258 ـ بەت.

[26] ئەلى شەرىئەتى (ئىران): «ئىنسان» (تۈركچە)، فەجىر نەشرىياتى، 2013 ـ يىلى نەشرى، 53 ـ بەت.

[27] مۇھەممەد ئەلى زۇنۇن تەشنائى: «مەشرەپ» (ئۇيغۇرچە)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى نەشرى، 187 ـ بەت.

[28] لۇئى ئالتوسسىر (فرانسىيە): «ماركسنى قوغداش» (خەنزۇچە)، سودا نەشرىياتى، 2013 ـ يىلى نەشرى، 227 ـ ، 228 ـ بەتلەر.

[29] خې گۇيمېي: «يېڭى مەرىپەت بىلىم ئارخىپى — 80 ـ يىللاردىكى جۇڭگو كۇلتۇرى ھەققىدە تەتقىقات» (خەنزۇچە)، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى نەشرى، 56 ـ بەت.

[30] تارىم ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە): 1987 ـ يىللىق 2 ـ سان، 120 ـ بەت.

[31] يۇقىرىقى ژۇرنال، 134 ـ بەت.

[32] تاھىر تالىپ بەكتۇر: «مەن — ئادەم» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2020 ـ يىلى نەشرى، 1 ـ بەت.

[33] ئوسمانجان ساۋۇت: «ئالەمدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» (ئۇيغۇرچە)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى، 55 ـ بەت.

[34] ئارسلان: «يۇلتۇزلار يۇرتى» (ئۇيغۇرچە) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى، 5 ـ بەت.

[35] م.م. باختىن: «باختىن كۇللىياتى» (خەنزۇچە)، 1 ـ توم، خېبېي مائارىپ نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى، 358 ـ بەت.

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى پروفېسسورى

## 2015 - يىللىق «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ

ئۆزى ئۇيغاق، ئۆزىدىن بەكرەك روھى ئۇيغاق ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئاسمىنىدا قۇياشتەك پارلاۋاتقان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1951 ـ يىلى دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇپ، ھازىرغا قەدەر 63 يىللىق قىش ۋە باھارنى باشتىن ئۆتكۈزدى. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى خەلقئاراغا ۋە دۆلەت ئىچىگە ئاشكارا تارقىتىلىدىغان ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى «خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق» شوئارى ئاستىدا ئاز، ئەمما ساز مۇھەررىرلەر قوشۇنىنىڭ قان ۋە تەر بەدىلىگە، ئۇيۇشۇشچان، ئاكتىپ، تەشەببۇسكار، ئاقىل ئاپتورلارنىڭ قىممەتلىك ۋاقتى ۋە ئويغاق ئىختىراسى ئەجرىگە، سەگەك، قاتتىق تەلەپلىك ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەنپەئەتى ۋە مەدەنىيەت شەرىپىگە 329 سان نەشر قىلىندى.

تەھرىراتىمىز «ژۇرنال ئۈچۈن ژۇرنال چىقىرىش»نى ئەمەس، «ئالۋاڭنى ئادا قىلىش» ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى دەۋر تەلىپىگە ماسلىشىپ، نادىر ئەسەرلەر ئارقىلىق خەلقنى تەربىيەلەش مەقسىتىدە ھەربىر ئوقۇرمەننىڭ قىممەتلىك ۋاقتىغا ۋە زېھنىگە مەسئۇل بولۇش تۇيغۇسى بىلەن ئەسەر تاللاش، تەھرىرلەش، نەشر قىلىش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ كەلگەچكە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەدەبىي ژۇرناللار ئىچىدە تىرازى ئەڭ كۆپ ژۇرنال بولۇپ كەلدى. شۇڭا بۇ ژۇرنال ھەر ساھەدىكى ھەر بىر ئوقۇرمەننىڭ قولىغا تەگكەن ھامان ئالدى بىلەن مۇھەررىرلەرنىڭ كامالى ئېھتىرامىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. ئۇ بەلكىم مۇھەببەت ئىزدىگۈچىلەر ئۈچۈن بىر دەستە گۈل، چۆلدە چاڭقىغانلار ئۈچۈن مۇزدەك بىر پىيالە زەمزەم، تېڭىرقىغانلار ئۈچۈن ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ، ئىدىيە ۋە ئاڭ سەپىرىدىكى يولۇچىلار ئۈچۈن پەلسەپە، ئەدەبىيات، تارىخ، پسىخولوگىيە دەرسخانىسى؛ قەلب جەۋھەرلىرىنى ئىپادىلەيدىغانلار ئۈچۈن تىل ھېكمىتى قامۇسى بولۇشى مۇمكىن، قىسقىسى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»دىن ئىبارەت بۇ تەپەككۇر ئالىمىدە ئاپتور، مۇھەررىر ۋە ئوقۇرمەن ئارىسىدا ئورتاق غايە، ئۇلۇغۋار مەقسەت بار. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 63 يىللىق ھۇساپە جەريانىدا كۆپ قېتىم مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرىي ئەپكار ۋە «شىنجاڭ ژۇرنال ھۆكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار... بولۇپ باھالاندى. ئۇ ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىش يولىدا يەنىمۇ ئىزدىنىۋاتىدۇ.

سەمىمىزدە بولسۇنكى، بىزنىڭ بىر لا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»مىز بار. ئۇنىڭغا كۆڭۈل كۆزىمىز بىلەن قاراشتەك قىزغىن مۇھەببىتىمىز ۋە ئىنگىز مەسئۇلىيىتىمىز بار!




**تەھرىر ئىلاۋىسى:**

بىز ۋاقىت تونېلىدا توختىماي سەپەر قىلىۋاتقان كارۋانلارغا ئوخشايمىز. زامانىۋىلىشىش مۇساپىسى داۋامىدا تۇرۇۋات-
قان، ئۆز غايىلىرى ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتقان ھەر بىر ئادەم ۋاقىتنى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش، چەكلىك ۋاقىتنىن ئۈنۈملۈك پايد-
ىلىنىش مەسىلىسىگە دۇچ كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە زامانىۋىلىشىش دەۋرىدىكى ۋاقىت چۈشەنچىسىنىڭ ئۆزگىرىشى، ۋاقىت-
نىكى مەدەنىيەت يۈكلىمىسى ۋە بىزنىڭ ۋاقىتقا مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلىمىزمۇ ئويلىنىشقا، پىكىرلىشىشكە ئەرزىيدۇ. مۇشۇ
خىل زۆرۈرىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «مەدەنىيەت بوستانى» پىروگراممىسىدا «دەۋر ۋە
ۋاقىت ئېڭى» دېگەن تېمىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈلگەن ھەم رىياسەتچى ئابلەت ئابدۇرېھىم دوكتور زۇلپىقار بارات ئۆزباش
بىلەن بۇ تېمىدا ناھايىتى ئەھمىيەتلىك پاراڭلاشقانىدى. سۆھبەت تېلېۋىزوردا قويۇلغاندىن كېيىن كۆرۈرمەنلەرنىڭ ئىنكا-
سى ناھايىتى ياخشى بولدى. بىز ۋاقىتنىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى ئويلايدىغان، ئەمما قانداق قىلىشنى بىلمەيۋاتقان كىشى-
لەرگە ئاز-تولا بولسىمۇ ياردىمى تېگەر دېگەن مەقسەتتە سۆھبەتنى بەردۇق. بۇ سۆھبەتنىڭ ۋاقىتنى ئۈنۈملۈك باشقۇ-
رۇشنى ئويلايدىغان ئوقۇرمەنلەرگە پايدىسى تېگىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

**ــ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى**

**رىياسەتچى:** ئاڭلىشىمچە سىز ئىلگىرى دۆلەتلىك
باج ئىدارىسىدە ئىشلەۋاتقان چېغىڭىزدا ۋە كېيىنكى ھايات-
ىڭىزدا ئۈزلۈكسىز تىرىشىپ، ۋاقىتنىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ
باشقىلارنى ھەيران قالدۇرغۇدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشىپتى-
كەنسىز، بەلكىم باشقىلارمۇ قىزىقىشى مۇمكىن. شۇ چاغلار-
دا ئىلىمگە، ۋاقىتقا قانداق مۇئامىلە قىلغانىدىڭىز؟

**زۇلپىقار بارات ئۆزباش:** ھەيران قالغۇدەك نەتىجە
دەپ كەتكىلى بولماس. ئەمما تىرىشقىنىم، ۋاقىت بىلەن
مۇسابىقىلەشكىنىم، ئۆزۈم بىلەن ئېلىشقىنىم راست. بىز كۆ-
پىنچە ھاللاردا «ۋاقىت قىممەتلىك»، «ۋاقىتنى قەدىرلەش
كېرەك» دەيمىز. لېكىن ۋاقىت بىر مەۋھۇم ئۇقۇم،
ھېچكىم ۋاقىتنى كۆرگىنى يوق. ۋاقىت كونكرېت يىللار-
دىن، ئايلاردىن، كۈنلەردىن تەركىب تاپىدۇ. 15 يىللىق

## ۋاقىت، ۋاقىت، يەنە ۋاقىت

ئۆگىنىش، ئوقۇتۇش، ئىزدىنىش سەپىرىمنى ئەسلىسەم مۇنداق تەسىرات روشەنلىشىدۇ: ياشاش ئۆزىمىزگە جەڭ ئېلان قىلىشتۇر. ياشاش ۋاقىتنى بويسۇندۇرۇشتۇر. 1998 - يىلى 23 يېشىمدا ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشنى باشلىدىم، 2000 - يىللىرىغىچە بولغان بىر يېرىم يىل داۋامىدا كۈنىگە ئون سائەت ئۆگىنىش قىلدىم. بۇ جەرياندا ئۆزۈمگە خاس يېڭى ئوقۇتۇش مېتودىنى بايقىدىم ۋە ئۇنىڭغا «سەرخۇش ئىنگلىز تىلى» دەپ نام بەردىم. 2003 - يىلى مەن تۈزگەن تۆت قىسىملىق «سەرخۇش ئىنگلىز تىلى دەرسلىكى» نەشر قىلىندى. 2004 - يىلى «جانغا ئەسقاتىدىغان سەرخۇش ئىنگلىز تىلى گىراماتىكىسى»نى يازدىم. 2007 - يىلى فورد ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ ئامېرىكىغا ماگىستىر ئاسپىرانتلىققا ئوقۇشقا ماڭدىم. 2013 - يىلى 5 - ئايدا دوكتورلۇقنى پۈتكۈزۈپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلدىم. مۇشۇ جەرياندىكى ۋاقىت باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىمنى تۆۋەندىكىدەك يىغىنچاقلىشىم مۇمكىن. مىكرو ۋاقىتنى ئەركىلىتىپ باشقۇرۇش. بۇ نېمىدېگەن گەپ؟ ئالايلۇق، بىزنىڭ قولىمىزدا ئىنتايىن قىسقا بىر سائەت بار، ئەمما قىلىدىغان ئىشىمىز بەك كۆپ. بۇنداق ئەھۋالدا مېنىڭ قوللانغان ئۇسۇلۇم 60 مىنۇتنى بەش مىنۇتتىن 12 بۆلەككە بۆلۈپ، مىكرو مەشغۇلاتتىن 12 نى قىلىش. بۇنداق ئۇسۇلدا ۋاقىتقا تېخىمۇ مەزمۇن ئاتا قىلغىلى بولىدۇ. مېنىڭ يەنە بىر خىل قوللانغان ئۇسۇلۇم ۋاقىتنى تۆت بۆلەككە بۆلۈپ باشقۇرۇش ئۇسۇلى. يەنى ئىشلارنى بەش مىنۇتلۇق ئىشلار، 15 مىنۇتلۇق ئىشلار، 30 مىنۇتلۇق ئىشلار، 90 مىنۇتلۇق ئىشلار تۈرى بويىچە ئايرىپ ۋاقىت باشقۇرۇش. يەنە بىر ئۇسۇل بولسا ئوغرى ۋاقىتلاردىن ياخشى پايدىلىنىش. بىز يول ماڭغاندا، ئاپتوبۇسلاردا، يىغىنلارغا قاتناشقاندا ئوغرىلىنىپ كېتىدىغان ۋاقىتلاردىن ساقلىنالمايمىز. مەن ئوغرىلىنىپ كېتىدىغان ۋاقىتلاردا ئىنگلىزچە لېنتىلارنى ئاڭلىدىم. يىغىنغا قاتناشقانلىرىمدا يىغىن مەزمۇنىنى كاللامدا ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىپ ئولتۇردۇم. ئاپتوبۇستا ماڭغان ۋاقىتلاردا ماتېرىيال كۆردۈم. ھېس قىلغىنىم شۇكى، ۋاقىتنى بويسۇندۇرۇشتىن بۇرۇن يۈرەكنى بويسۇندۇرۇش كېرەك. كۆپىنچە ھاللاردا مېڭە بىزگە ياردەم قىلالمىغان ئەھۋالدا يۈرەك ياردەم قىلىدۇ. مۇھىم، زۆرۈر ئىشلاردا مېڭە بۇيرۇق بەرگىنى بىلەن يۈرەك بۇيرۇق بەرمىسە ئۈنۈملۈك قازانغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ۋاقىتنى بويسۇندۇرغاندا پىسخىكمىزغا ماس ھالدا ئاۋۋال يۈرەكنى بويسۇندۇرۇشىمىز كېرەك. مەن قوللانغان يەنە بىر ئۇسۇل بولسا ئادەت قانۇنىيىتىنى ۋاقىت قانۇنىيىتىگە بويسۇندۇرۇش. ھەممە ئىشنىڭ قانۇنىيىتى بار، ۋاقىتنىڭمۇ شۇ، ئۈنۈملۈك ۋاقىت ئۈنۈملۈك ئىش بىلەن ئۇلۇك تاناسىپ، مەن ھېچكىم دەخلى قىلمايدىغان ۋاقىتلاردىن، يەنى ئەتىگەن سائەت بەش بىلەن سەككىز ئارىلىقىدىكى، كەچ سائەت سەككىزدىن 11غىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىتتىن ياخشى پايدىلاندىم. مەن يۇقىرىقى ۋاقىت باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قوللانغاندىن كېيىن مۇنداق خۇلاسىگە كەلدىم؛ بىرىنچى، ئەگەر ۋاقىتنى ياخشى باشقۇرالىساق ۋاقىتقا ئۈنۈم ۋە قىممەت ئاتا قىلالايمىز، ئۆز نۆۋىتىدە ۋاقىت بىزگىمۇ قۇدرەت ئاتا قىلالايدۇ. كىشىلەر ئۆمۈر قىممەتلىك، ھايات قىممەتلىك دېيىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ مەۋھۇم گەپ، ئەگەر بىز ۋاقىتنى قەدىرلىيەلىسەك ھاياتنى قەدىرلىگەن بولىمىز.

رىياسەتچى: مەن سىزنىڭ «ئۆزلۈك گىرۋەكلىرىدە» ناملىق كىتابىڭىزنى زور قىزىقىش ئىچىدە ئوقۇپ چىقتىم، فورد ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ ئامېرىكىغا ئوقۇشقا چىققاندىن كېيىنكى ۋاقىتقا مۇناسىۋەتلىك يېزىپ بەرگەن بەزى ئىشلارنى چىنلىق بىلەن تىلغا ئاپسىز، مۇشۇ پۇرسەتتە ئاشۇ ئىشلارنى بىر ئەسلەپ ئۆتكەن بولسىڭىز.

زۇلپىقار بارات ئۆزباش: «ئۆزلۈك گىرۋەكلىرىدە» ناملىق كىتابىمدا سىز دېگەندەك ۋاقىتقا مۇناسىۋەتلىك بىرقانچە كەچۈرمىش بار. ئامېرىكىلىقلار يىللىق، پەسىللىك، ئايلىق، كۈنلۈك ۋاقىت جەدۋەللىرىنى ناھايىتى سىستېمىلىق، ئۈنۈملۈك تۈزىدىكەن. بىر ۋاقىتقا بىر ئىش ئورۇنلاشتۇرسا يەنە بىر ئىشقا دىققىتىنى چاچمايدىكەن. دۇنيادىكى جۇغراپىيەلىك ئورۇنلارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن مۇنداق ئۈچ خىل ۋاقىت باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى مىسالغا ئېلىش مۇمكىن. بىرى، تۈز لىنىيەلىك ۋاقىت، بۇنداق ۋاقىت باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا ئانگلو - ساكسونلار (ئامېرىكىلىقلار، ئىنگلىزلار، گېرمانلار) كۆنگەن. بۇنداق ۋاقىت باشقۇرۇش ئۇسۇلىدا كىشىلەر بىر ۋاقىتقا بىرلا ئىش ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ۋاقىت جەدۋىلى بويىچە ئىش كۆرىدۇ، شۇ ۋاقىتتا باشقا ئىش چىقسا دىققەت چاچماي ۋاقىت جەدۋىلى بويىچە ئىش كۆرىدۇ. بۇ خىل تۈز لىنىيەلىك ۋاقىت باشقۇ-

رۇش ئۇسۇلدا ئۈنۈم تېخىمۇ زور بولىدۇ. ئىككىنچى خىلى ئىتالىيانلار، ئىسپانلارنى مەركەز قىلغان كۆپ مەزمۇنلۇق ۋاقىت باشقۇرۇش ئۇسۇلى. بۇ خىل ۋاقىت باشقۇرۇش ئۇسۇلىدا كىشىلەر مەلۇم ۋاقىتتا بىر مۇنچە ئىش ئورۇنلاشتۇرىدىكەن، ئورۇندىيالمىسا كېيىنگە سۈرىدىكەن. شۇڭا ئىتالىيانلار ۋە ئىسپانلارنىڭ ئىش ئۈنۈمى ئامېرىكىلىقلار ۋە گېرمانلارنىڭكىگە يەتمەيدىكەن. ئۈچىنچى خىلى دەۋرىيلىك ۋاقىت باشقۇرۇش ئۇسۇلى. بۇنداق ۋاقىت قارىشىغا كۆنگەن كىشىلەر ئەنئەنىۋى جەمئىيەتلەردە كۆپ بولىدىكەن، «بۈگۈن كەچ كىرسە ئەتە تاڭ ئاتىدۇ» دېگەن ئاڭ بىلەن ۋاقىت تەقسىملەيدىكەن، پىلانىمۇ تۈزمەيدىكەن. ھازىرغىچە بولغان تەجرىبىلىرىمىزدىن مەلۇملۇكى، بۈگۈنكى زامانىۋى دەۋر بىزنىڭ تۈز لىنىيەلىك ۋاقىتقا كۆنۈشىمىزنى، يەنى بىر ۋاقىتتا بىر ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، سىستېمىلىق ۋاقىت جەدۋىلى بويىچە ئىش كۆرۈشىمىزنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ئەگەر مۇشۇ خىل ۋاقىت باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا كۆنسەك ئىشلىرىمىزدا بارا- بارا مەنە ۋە قىممەت پەيدا بولىدۇ.

**رىياسەتچى:** خەۋەر تېپىشىمچە، جەمئىيەتشۇناسلىقتا ۋاقىت جەمئىيەتشۇناسلىقى دەپ بىر تارماق ئىلىم بار ئىكەن. سىز بىر جەمئىيەتشۇناسلىق پەنلىرى دوكتورى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن ۋاقىتنىڭ ئىجتىمائىيلىقى، زامانىۋىلىق ۋە مەدەنىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى شەرھلەپ ئۆتسىڭىز.

**زۇلپىقار بارات ئۆزباش:** جەمئىيەتشۇناسلىق ئىنتايىن مۇھىم بىر پەن بولۇپ، ئىنسان ۋە جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ تارماق تۈرى بولغان ۋاقىت جەمئىيەتشۇناسلىقى ئىنسان، جەمئىيەت ۋە ۋاقىت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىدۇ. ۋاقىت جەمئىيەتشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ۋاقىت، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىيلىق ئوتتۇرىسىدا تۆۋەندىكىدەك مۇناسىۋەت بار. بىرىنچىسى، ۋاقىتتا مەدەنىيەت يۈكلىمىسى بولىدۇ. يەنى ئوخشىمىغان مەدەنىيەت ئاساسىغا ئىگە مىللەتلەر ۋاقىتقا ئوخشىمىغان مەنىلەرنى يۈكلەيدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاقىت فولكلورىدا ۋاقىتقا مۇناسىۋەتلىك تۆۋەندىكىدەك ئېيتىملار بار. باش توخۇ چىللىغاندا، قاق پۇدا، چاشكا ۋاقتى بىلەن، دىگەر ۋاقتى بىلەن، قاش قارايغان مەھەل بىلەن، ئەلياتقۇدا، كۈن تىكلەنگەندە دېگەندەك، قارايدىغان بولساق، شۇ سۆزلەرنىڭ ئەينەن تەرجىمىسى ئىنگلىز ياكى فرانسۇز تىللىرىدا شۇ مەنىنى بەرمەيدۇ. مىللەتلەر ئۆز مەدەنىيىتىدىكى مەنىلەرنى ۋاقىتقا ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا يۈكلىۋەتكەن بولىدۇ. مەسىلەن: پىروتوستان دىنىدىكىلەرنىڭ ئىش ئۈنۈمى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، بۇ پىروتوستان دىنىنىڭ ۋاقىت ئېڭى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ دىندىكىلەر ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىش جىنايەت، ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىشنى كەچۈرگىلى بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئىنتايىن ئۈنۈملۈك، زىچ ۋاقىت باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا كۆنگەن. بۇ خىل ۋاقىت ئېڭى دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. مەن تونۇشتۇرماقچى بولغان ئىككىنچى نۇقتا ۋاقىت بىلەن ئىجتىمائىيلىقنىڭ مۇناسىۋىتى. ئوخشىمىغان جەمئىيەت فورمىلىرى، ئوخشىمىغان جەمئىيەت تۈزۈلمىلىرى، ئوخشىمىغان ۋاقىت رىتىمىنى ۋە ئوخشىمىغان ۋاقىت تۈزۈملىرىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ۋاقىتنىڭ زامانىۋىلىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سەككىز سائەتلىك ئىش تۈزۈمى ۋە سائەت ئەمەلىيەتتە 19- ئەسىرنىڭ، زامانىۋىلىشىش مۇساپىسىنىڭ مەھسۇلى. سانائەتلىشىش، زامانىۋىلىق دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ ئۈنۈم ۋە ئىشلەپچىقىرىش تەلىپى كىشىلەرگە ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇش زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

يۇقىرىدا بىز مۇھاكىمە قىلغان ۋاقىت تىپى ئىجتىمائىي ۋاقىتتۇر. ئەمما بىزنىڭ ئىرادىمىزگە، جەمئىيەتلەرگە، مەدەنىيەتلەرنىڭ ئەنئەنىسىگە باقمايدىغان يەنە بىر ۋاقىت بار، ئۇ مەڭگۈلۈك ۋاقىتتۇر، بۇنداق ۋاقىتنى نيۇتون ئۆزىنىڭ «تەبىئەت پەلسەپىسىنىڭ ماتېماتىكىلىق پىرىنسىپى» دېگەن ئەسىرىدە «ماتېماتىكىلىق ۋاقىت» ياكى «مەڭگۈلۈك ۋاقىت» دەپ ئاتىغان. نيۇتون: «ۋاقىت تونېلى مەڭگۈ ئىلگىرىلەيدۇ، ئىنساننىڭ ئىرادىسىگە، جەمئىيەتلەرگە، مەدەنىيەتلەرگە باقمايدۇ» دەپ قارايدۇ. بىز كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئىجتىمائىي ۋاقىت قارىشىغا كۆنگەن، يەنى بىزنىڭ ئادەتلەنگىنىمىز ئىجتىمائىي ۋاقىتتۇر.

**رىياسەتچى:** زۇلپىقار ئەپەندىم، بىز شەھەر مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلدۇق، بىز ئەنئەنىۋى تۇرمۇشتا ئەمەس، زامانىۋى ھاياتتا ياشاۋاتىمىز. ئۇنداقتا زامانىۋىلىشىش مۇ-

ھتدىكى ۋاقىتنىڭ سېھرىي كۈچى ۋە قۇدرىتىگە قانداق قارايسىز ؟

**زۇلپىقار بارات ئۆزباش:** ھازىرقى زامان جۇڭگو يازغۇچىسى، داڭلىق نەسرچى جۇ زىچىڭ ئۆزىنىڭ ۋاقىتقا بېغىشلانغان ئەسىرىدە: «مەن تاماق يەۋاتقان چېغىمدا ۋاقىت چوكىلىرىمنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ كەتتى. يول مېڭىۋاتقان چېغىمدا، ۋاقىت قەدەملىرىمنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ كەتتى. مەن ۋېلسىپىت مىنىپ كېتىۋاتقان چېغىمدا، ۋاقىت پېداللارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ كەتتى» دەپ يازغان. زامانىۋى جەمئىيەتلەردە ۋاقىت رىتىمى تېز ھەم جىددىي. بۇنداق جەمئىيەتلەردە ياشىغاندا ئەگەر بىز ۋاقىتنى چىڭ تۇتالىساق، ۋاقىتقا قىممەت ۋە ئۈنۈم ئاتا قىلالايمىز. ئۆز نۆۋىتىدە ۋاقىتمۇ بىزنى مۇكاپاتلايدۇ. يەنە بىر نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا زامانىۋى جەمئىيەتلەردە ئىش ئۈنۈمى، قىممەت قوغلىشىدىغانلىقى ئۈچۈن ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتىكى ۋاقىت قارىشى ئېلىنمايدۇ. لايغەزەللىك، بىپەرۋالىق، بىخۇدلۇق بىلەن زامانىۋى جەمئىيەتلەردىكى ۋاقىت تەلپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولمايدۇ. بىز بارغانچە ۋاقىت باشقۇرۇش ئۇسۇلىمىزنى ئىسلاھ قىلمىساق، زامانىۋى جەمئىيەتنىڭ تەلپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولمايدىغانلىقىدەك بىر رېئاللىقنى ھېس قىلىۋاتىمىز.

**رىياسەتچى:** زۇلپىقار ئەپەندىم بىزدە «ۋاقىتىڭ كەتتى، بەختىڭ كەتتى»، «ۋاقىت گويا ئاتقان ئوق» دېگەندەك ئاتىلار سۆزى بار. ئەمدى قانداق قىلغاندا يېڭى دەۋرنىڭ ۋاقىت تەلپىگە ئۇيغۇنلىشالايمىز؟ بىزدە قانداق تەدبىر ۋە پوزىتسىيە كېرەك؟

**زۇلپىقار بارات ئۆزباش:** مېنىڭ كۆزىتىشىمچە، بىز ۋاقىتنى قەدىرلەشنى مەدەنىيلىك ئۆلچىمى بىلەن باغلاپ چۈشەنسەك، يەنى زامانىۋى جەمئىيەتلەردە بىر مىللەتنىڭ مەدەنىي ياكى مەدەنىي ئەمەسلىكىنى ئۆلچەيدىغان بىر قانچە ئۆلچەم بار. ئۇنىڭ بىرسى بىر مىللەتتىكى ۋاقىت ئېڭىنىڭ قانچىلىكلىكى. مەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتىگە، شۇنداقلا مەدەنىيىتىمىزدىكى يوشۇرۇن مەنىۋى كودلارنىڭ قۇدرىتىگە ناھايىتىمۇ يۇقىرى باھا بېرىمەن. بىز ئۇيغۇرلار ۋاقىت ئۈنۈمى قوغلاشقاندىن كۆرە كوللېكتىپ رىشتىگە ئەھمىيەت بېرىمىز، مېھىر-مۇھەببەتنى چوڭ بىلىمىز. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن تەرەپلەر بار. ئەمما ئەپسۇسلىنىدىغان تەرەپلەرمۇ يوق ئەمەس. مەسىلەن: ئالتىدە كېلىدىغان تويلارغا تۆتتە دەپ باغاق يېزىلىدۇ. بەزىلەر قەستەن كېچىكىپ كېلىشنى ئابرۇيي ھېسابلايدۇ. بۇ بىر خىل بىنورمال ئەھۋال، بۇنداق ئەھۋاللارغا خاتىمە بېرىلىشى كېرەك. چۈنكى ۋاقىتقا قانداق مۇئامىلە قىلىش شۇ ئادەمنىڭ، شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيلىكىنى بېكىتىشتىكى ئۆلچەملەرنىڭ بىرى. يەنە بىر تەرەپتىن كۆزىتىدىغىنىم شۇكى، بىز نەزەرىمىزدىكى ۋاقىت چۈشەنچىسىنى يېڭىلىساق، ۋاقىت جەدۋىلىمىزنى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ مەنپەئىتى نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ بېكىتسەك، مېنىڭ نەزەرىمدە، ئۆتمۈش قۇرۇقدالغان پۇل چېكى، ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىش كېرەك. كەلگۈسى يېزىلمىغان پۇل چېكى، ئۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتمەسلىك كېرەك. بۈگۈن نەق پۇل، ئۇنى قەدىرلەش كېرەك. ھازىر ئىچىدە ياشاش، بۈگۈننى قەدىرلەش كېرەك. ئۆتمۈشكە باغلانغان دەرد-ھەسرەتلەر، پۇشايمانلار، كەلگۈسىگە باغلانغان شەرتى ئورۇندالمىغان ئارمانلار، ماكاپەتەك ئارزۇلار زامانىۋى جەمئىيەتتىكى ۋاقىت تەلپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشىمىزغا ياردەم بېرەلمەيدۇ. قوۋمداشلىرىمدىن ئاخىرىدا كۈتىدىغان ئۈمىدىم شۇكى، بىز زىيادە ئىجتىمائىيلىشىشتىن ساقلانساق ۋە ۋاقىت قارىشىمىزدىكى ئىجتىمائىيلىشىش ئېلېمېنتلىرىنى سۈپۈرۈپ چىقارساق، ئۇنداقتا مەن نېمە دېمەكچى؟ بىزنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشقا، سورۇنغا ئىسراپ قىلىدىغان ۋاقتىمىز ئىنتايىن كۆپ. ئىجتىمائىي ۋاقىت ئۆتكۈنچى ۋاقىت بولۇپ ئۆمرىمىزنىڭ ئوغرىسىدۇر. 20-ئەسىردىكى ئەڭ مەشھۇر ئىككى پەيلاسوپنىڭ بىرى بولغان ھايدىگىر ئۆزىنىڭ «زامان ۋە مەۋجۇتلۇق» دېگەن ئەسىرىدە «ئىجتىمائىيلىشىش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن ئۆزلۈكىمىزدە ئۆزىمىزگە تەۋە ھېچ نەرسە يوق، ئۇ ئۆزلۈكىمىزدە پۈتۈنلەي باشقىلارنىڭ سايىسى ئەكس ئېتىدۇ. بۇنداق ئىجتىمائىي ئۆزلۈك بىلەن خاراكتېرلەنگەن ھايات ئۆتكۈنچى ھاياتتۇر، ئۇنىڭدا ھېچ نەرسە يوق. ھەقىقىي ھايات ئۆلۈمنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ياشىغان ھاياتتۇر» دەيدۇ. زىيادە ئىجتىمائىيلىشىشقا سەرپ قىلىنغان ۋاقىت ئەمەلىيەتتە ھاياتقا قىلىنغان خىيانەتتۇر.

**رىياسەتچى:** «بىزنىڭ ئىلىم ئىگىلىرىمىز، بولۇپمۇ زىيالىيلار ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشتا باشلامچى

بولۇش كېرەك» دېدۇق. ئۇنداقتا ئۇلار ياق دېيىشنى، شۇنداقلا ئۆزىگە تەۋە ۋاقتنى ياخشى ئىگە بولۇپ «ياق» دېيىشنى ئادەت قىلىشى كېرەك دەپ قارامسىز؟

زۇلپىقار بارات ئۆزباش: ھەر خىل ۋاقىت باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا پايدىلىق، زىيانلىق تەرەپلىرى بار. تېز لىنىيەلىك جىددىي ۋاقىتقا كۆنگەن غەربلىكلەر بۈگۈنكى كۈندە ئۆز ئارا ئۇچرىشىدىغان ۋاقىت كۆپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن روھىي كىرىزىسنىڭ، روھىي كېسەلنىڭ دەردىنى تارتماقتا. ئۇلارغا قارىغاندا بىزدە روھىي كېسەل ئاز. بۇنىڭدا سەۋەب بار، بىزنىڭ بىر يەرگە كېلىدىغان ۋاقىتلىرىمىز كۆپ، ئادەم ئادەمنىڭ زەھرىنى ئالىدۇ، بىز ئىجتىمائىي ئۇچرىشىشلاردا بىر-بىرىمىزنىڭ زەھرىنى ئېلىپ ئۆز ئارا ئازابلىرىمىزغا، پسىخىكىلىق دىشۋارچىلىقلىرىمىزغا مەلھەم ئىزدەيمىز. ئەمما بۇنداق ئەھۋال داۋاملىشىۋەرسە، ھاياتتىكى ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ زۆرۈر مەسىلىلەر ئۇنتۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن. مەن پۈتۈنلەي غەربلىكلەرنىڭ ۋاقىت قارىشىنى قوللىنىشىمىز كېرەك دېمەكچى ئەمەسمەن. بىز مۇۋاپىق شارائىتنى تېپىپ ياق دېيىشنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك. ۋاقتىمىزنى نېمىلەر ئوغرىلايدۇ؟ بىرى «ياق» دېيىشكە جۈرئەت قىلالماسلىق، ئىككىنچىسى ئارزۇ-ئارمان بەك كۆپ بولۇش، پىلانسىز ئىش كۆرۈش ۋە ئۇنۇمسىز يىغىنلارغا كۆپ قاتنىشىش ھەمدە زىيادە ئىجتىمائىيلىشىش، بىز باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشاش داۋامىدا قانداق ۋاقىتتا باشقىلارغا ئىنسانىي مېھىر بېرىشنى ۋە قانداق ۋاقىتتا «ياق» دېيىشنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن چەكلىك ھاياتتا كۆزلىگەن ئىشلىرىمىزنى قىلالمايمىز. جەمئىيىتىمىزدىكى زىيالىيلار، سەرخىللار قاتلىمى ۋاقىت باشقۇرۇش، ۋاقىتنى ئۈنۈملۈك يېتەكلەش جەھەتتە ئاۋامغا ئۈلگە بولۇشى لازىم. بىز يەنە ئىنسانىيلىق مېھرىگە ئەھمىيەت بەرگەن ئاساستا مۇۋاپىق پەيتنى تېپىپ ياق دېيىشنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

---

ئاپتور: دوكتور، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى.

## جىددىي ئاگاھلاندۇرۇش

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ھەرقانداق ئەسەرنىڭ قايتا نەشر قىلىش ھوقۇقى پەقەت ژۇرنال تەھرىراتىغىلا خاس. ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ھەرقانداق شەكىلدە (ئاۋازلىق ئەسەر ئىشلەش، تورغا چىقىرىش، توپلام تۈزۈش ۋە باشقىلار) تەھرىراتىمىزنىڭ رۇخسىتىسىز قايتا نەشر قىلىشىغا بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق ئەھۋال بايقالسا قانۇنىي جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ژۇرنال تەھرىراتىمىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»دە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقى ۋە قايتا نەشر قىلىنىش ھوقۇقىنى قانۇنغا تايىنىپ قوغدايدۇ. بۇ جەھەتتىكى قانۇنسىز قىلمىشلارنى پاش قىلغۇچىلارغا تەھرىراتىمىز ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن رەھمەت ئېيتىدۇ.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# «تىلماچلار چايخانىسى»دىكى پاراڭلار

**تەرجىمە كۆزنىكى**

## «ۋاقىتلىق ئاپپاراتلار»دىن تۇغۇلغان شۈبھىلىك ئويلار

جېجياڭ ئۆلكىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ يېقىنقى بەش يىلدا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغان ئون چوڭ دېلونى تەكشۈرۈپ ئانالىز قىلىشتىن مەلۇم بولۇشىچە، ۋاقىتلىق تەشكىلمي ئاپپاراتلار جېجياڭ ئۆلكىسىدىكى دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ كەسپىي جىنايەت سادىر قىلىشىدىكى «ئېغىر ئاپەت رايونى»نىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالغان. مەسلەن: تەيشەن ناھىيەلىك سابىق «شەھەر، بازارلارنى ئونۇنۋېرسال ئېچىشقا قوماندانلىق قىلىش ئىشتابى»، چاڭشىڭ ناھىيەلىك «104-دۆلەت يولىنىڭ چاڭشىڭ بۆلىكىنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشىغا قوماندانلىق قىلىش ئىشتابى» قاتارلىق ۋاقىتلىق ئاپپاراتلاردا پارىخورلۇق جىنايىتى سادىر بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا جېجياڭ ئۆلكىلىك پىلان-ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارغا رەھبەرلىك قىلىش گورۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ سابىق مۇدىرى، جىن ۋېن تۆمۈريول قۇرۇلۇشى باش ئىشتابىنىڭ باش قوماندانلىقنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان ياڭ گوجاڭ (نازىر دەرىجىلىك)، ۋېنجۇ چوڭ كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن قوماندانى لىن شياۋچيەن قاتارلىقلار ۋاقىتلىق ئاپپاراتلارنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەش جەريانىدا جىنايەت پاتقىقىغا بېشىچىلاپ كىرىپ كەتكەن.

ۋاقىتلىق ئاپپاراتلار نېمە ئۈچۈن بەزى كەسپىي جىنايەتلەرنىڭ «ئېغىر ئاپەت رايونى»غا ئايلىنىپ قالدۇ؟ بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، بۇ ۋاقىتلىق ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزىدە ئالاھىدە يوچۇقلارنىڭ ساقلانغانلىقىدا. بۇنداق ئاپپاراتلارنىڭ ھەرىكىتى قېلىپسىز، سىياسىي جەھەتتىن ئەركىن-ئازادە بولىدۇ، ھەرقايسىسى ئۆز ئىشىنىلا بىلىشىدۇ، ھوقۇقنى چەكلەش ۋە نازارەت قىلىش كەمچىل. يەنە كېلىپ بۇ ئاپپاراتلاردىكى بىر قىسىم جانابلار ئەزەلدىنلا ئالا كۆڭۈل بولغاچقا خۇددى بۇرۇندىن پۇرسەت كۈتۈپ ياتقان «تۇلۇم چاشقان»-

لارغىلا ئوخشايدۇ. شۇڭا ئۇلار بىر-بىرلەپ قانۇنسىز ئۇنسۇرغا ئايلىنىپ، «ھۇجۇم» نىشانى بولۇپلا قالماي يەنە تاك ئېتىپ چىكىپ بولغۇچە، چاك-چېكىدىن يېرىلىپ ھايت-ھۇيت دېگۈچە چاۋىسى چىنقا يېيىلىپ بولىدۇ. دەرۋەقە قانۇن رەھىمسىز بولغاچقا ئۇلارنى ئالا قويماي ئۆز ئۆلكىگە ئالماي قويمايدۇ. شۇڭا «ۋاقىتلىق ئاپپاراتلار»لارنىڭ پايدىسىنى كۆرگەن ئاشۇ كىشىلەر قانۇننىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلامەن، دەپمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇلار بىزگە يەنە مۇنداق بىر سوئالنىمۇ قويماي قالمايدۇ. نېمە ئۈچۈن بىرەر ئىشنى روياپقا چىقىرىشتا ئاشۇنداق ۋاقىتلىق ئاپپاراتلارنى قۇرۇش بىزگە شۇنچە زۆرۈر بولۇپ قالدۇ؟ «ۋاقىتلىق ئاپپاراتلار»نى قۇرماي تۇرۇپ ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولماسمۇ؟

كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، بىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئاپپاراتلىرىمىز ھېلىھەم يېتىپ ئاشقۇدەك دەرىجىدە شۇنچە كۆپ ھەم تولۇق. مائارىپ ساھەسىدە مائارىپ تارماقلىرى، مەدەنىيەت ساھەسىدە مەدەنىيەت تارماقلىرى، قاتناش ساھەسىدە قاتناش تارماقلىرى، ئىقتىساد ساھەسىدە ئىقتىساد تارماقلىرى، مالىيە-سودا ساھەسىدە مالىيە-سودا تارماقلىرى... ئېشىپ-تېشىپ تۇرۇپتۇ. شۇنداق ئىكەن بىرەر ئىشنى قىلىشتا ياكى بىرەر تۈرنى يولغا قويۇشتا بىرەر باشقۇرغۇچى تارماق مەسئۇل بولۇپ ئېلىپ بارسا نېمىشقا بولمايدىكەن؟ مۇبادا بىرەر تۈر كۆپلىگەن تارماقلارغا چېتىشلىق بولۇپ قالغۇدەك بولۇپ قالسا بىرەر تارماقنى باش قىلىپ قالغانلىرىنى ماسلاشتۇرسىلا ئىش پۈتمەمدۇ؟ شۇنچە كۆپ ۋاقىتلىق ئاپپاراتلارنى تەكلىۋېلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ مەسىلەن: يۇقىرىدا ئېيتىلغان «شەھەر-بازارلارنى ئۇنىۋېرسال ئېچىش» دېگەنلەرنى شەھەر-يېزا قۇرۇلۇش كومىتېتى ئۈستىگە ئالسا بولمايدىغان نېمىسى بار؟ شۇنداق تۇرۇپ يەنە «شەھەر، بازارلارنى ئۇنىۋېرسال ئېچىشقا قوماندانلىق قىلىش ئىشتابى» قۇرۇۋېلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ يەنە مەسىلەن: «104-دۆلەت يولىنىڭ چاكشىلىڭ بۆلىكىنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى»نى قاتناش ئىدارىسىگە بەرسە نېمىشقا بولمايدىكەن؟ بۇ ئىشلارنى شەھەر-يېزا قۇرۇلۇش كومىتېتى، قاتناش ئىدارىسى بىر تەرەپ قىلالمىسا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئوتتۇرىغا چىقىپ ماسلاشتۇرسا بولدىغۇ؟

بۇ خىل ئەھۋالدا، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئىتتىنىڭ

تۆكىدەك شۇنچە كۆپ ۋاقىتلىق ئاپپاراتلارنى قۇرۇۋالسا كىشىلەردە شۇبھىلىك خىياللارنى پەيدا قىلماي قالامتى ئەمەسە؟ چۈنكى، بۇنداق ئاپپاراتلار كۆڭلى قارا ناكەسلەرگە كەسپىي جىنايەت سادىر قىلىدىغان قولاي شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىپلا قالماي، يەنە ئاپپاراتلارنى تېخىمۇ كېلەڭسىزلەشتۈرۈپ، ئىشتىن ئادەم كۆپ بولۇش ۋەزىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغاچقا، ئىشنى بىر-بىرىگە بەس سېلىپ ۋاقتىدا بېجىرمەي «ئاغزىدا پۇ سوقۇپ شەھەر ئالىدىغان» قاتمال ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ. شۇڭا بىز ۋاقىتلىق ئاپپاراتلار پەيدا قىلغان كەسپىي جىنايەتلەرنىڭ «ئېغىر ئاپەت رايونى» ھەققىدە قايتا ئويلانغان ۋاقتىمىزدا ۋاقىتلىق ئاپپاراتلار ئارقىلىق ئىش بېجىرىشتەك پىكىر يولى ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيەت (رەھبەر)لەرگە ئېلىپ كېلىدىغان پايدا-زىيىنىنى چىقىش قىلغان ھالدا قايتىدىن تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىشنىمۇ چەتكە قاقماسلىقىمىز لازىمدەك قىلىدۇ.

مانتا يېمەكچى بولساق «مانتا ئىشخانىسى»، پۇرچاق ئۇيۇتمىسى يېمەكچى بولساق «پۇرچاق ئۇيۇتمىسى ئىشخانىسى» قۇرساق؛ بىرەر ئۆينى چاقماقچى بولساق «ئۆي چېقىش ئىشخانىسى» قۇرساق، بىرەر يول ياساش ياكى كۆۋرۈك سېلىشقا توغرا كەلگەندە ھەرقايسىسىغا بىردىن قوماندانلىق ئىشتابى تەسىس قىلساق بۇ پەقەت بىزنىڭ فۇنكسىيەلىك تارماقلىرىمىزنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىسپاتلىسا ئىسپاتلايدۇكى، ھەرگىزمۇ ياخشى نەتىجىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

ھازىر بىز ھاكىمىيەت باشقۇرۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاش، ئەمەلدارلارنى قىسقارتىش كويىدا بولۇۋاتىمىز. شۇڭا ھەر دەرىجىلىك فۇنكسىيەلىك تارماقلار ھەرقايسىسى ئۆز ئىشىغا پۇختا بولغاندىلا، ئەستايىدىل مەسئۇل بولغاندىلا ئاندىن ۋاقىتلىق ئاپپاراتلارنى قۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمىغان بولىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن ۋاقىتلىق ئاپپاراتلار ھاكىمىيەت ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ئۆسمە بولۇپ تۇرۇۋېرىشى مۇمكىن.

(ۋېي شىندى ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما خەنزۇچە «جەنۇب كۆزنىكى» ژۇرنىلىنىڭ 2001-يىل 7-سانىدىن **ئۆمەرجان ھەسەن بوزقىر** تەرجىمىسى)

---

تىلماچ: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدا.

# جۇڭگولۇقلار نېمىشقا ئۆچرەتتە تۇرمايدۇ؟

جۇڭگولۇقلار ئۆچرەتتە تۇرۇشنى ياقتۇرمايدۇ ھەم ئۆچرەتتە تۇرۇشقىمۇ ئادەتلەنمىگەن.

ماڭا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قىلغىنى كىچىك ۋاقتىمدىكى كىنو بېلىتى سېتىۋېلىش، ئەينى چاغدا كىشىلەر مەنىۋى جەھەتتىن بەك نامرات بولۇپ، بىرەر مەيدان كىنو كۆرۈش ئالىي دەرىجىلىك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئەمما بۇ شەھەردە بىرلا كىنوخانا بولغانلىقتىن، كىنو بېلىتى ناھايىتى قىس ئىدى. يەنە كېلىپ كىنوخانىنىڭ بېلەت سېتىش تۆشۈكى بەكلا كىچىك، بىر قول ئارانلا پاتاتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئالدىدا بېلەت سېتىۋېلىش ئۈچۈن قىستىلىۋاتقانلار ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان بولۇپ، بۇ ئادەملەر ئۆچرەتتە تۇرمىغاچقا، كۈچلۈكلىرى بېلەت تالىشىپ مۇشتلىشىپ كېتىشكە تاسلا قالاتتى، بېلەت سېتىۋالمىغانلار قىستىلىپ كىرەلمەيتتى. بېلەت سېتىۋالغانلار چىقالمايتتى. ئەگەر بىرەر يېڭى كىنو قويۇلۇپ قالسىغۇ بولدى، بىر ئادەمنىڭ يالغۇز بېلەت سېتىۋالىشى خام خىيال ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ئەقىللىق كىشىلەر بىر نەچچە ئادەم بىر گۇرۇپپا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەم كۈچلۈك ھەم چاققان بىرەرسىنى تاللاپ، ئەتراپتىكىلەرنىڭ نېمە بولۇشىغا پەرۋا قىلماستىن، ئۇنى كۆتۈرۈپ ئادەم توپى ئۈستىگە تاشلاش ئارقىلىق بېلەت سېتىۋېلىشتىن ئىبارەت ئامالنى ئويلاپ چىقتى. بېلەت سېتىۋالغانلار ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ، توپ ئىچىدىن ئۆملەپ چىققاندا، كىيىم-كېچەكلىرى كۆرگۈسىز بولۇپ كېتىپ، قولىدىكى بېلەتمۇ نەملىشىپ كاللەكلىشىپ كېتەتتى.

ھازىر جەمئىيەت گەرچە ئىلگىرىكىدىن زور تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆچرەتتە تۇرماسلىق ئەھۋالى يەنىلا مەۋجۇت. دۆلەت ئىچىدىكى بىر قىسىم ساياھەت رايونلىرى ئادەمگە لىق تولغانلىقتىن، ساياھەت يېتەكچىلىرىنىڭ خېرىدارلارنى ئۆچرەتتە تۇرۇشقا دالالەت قىلىۋاتقان، مەنزىرە رايون خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ تەرتىپ ساقلاشقا ئۈندەۋاتقان ھالەت داۋاملىق ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۆچرەتتە تۇرمىسىغۇ بىر نۆرى، تېخى قالايمىقان ۋارقىراپ، جاھاننى بىر ئالىدۇ. قاتار ئىچىدىمۇ يەنە ئۆزئارا قىستىشىپ، بىر-بىرىنىڭ مۈرىسىنى بېسىۋاتقان، «بىلىمنى تۇتۇۋالدى» دەپ ۋارقىرىۋاتقان، باشقىلارنى «قىستىلىپ كىرىۋالدى» دەپ قالامدىكىن دەپ قىلىۋاتقان ئەھۋاللارنى دائىم ئۇچرىتالايسىز. بىر ئېغىز گەپ قىلسىلا قول سېلىۋاتقان ئىشلارمۇ بار.

دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر، بولۇپمۇ غەربتىكى تەرەققىي قىلغان دۆلەتتە كىشىلەرنىڭ مەيلى نەرسە-كېرەك سېتىۋالسۇن ياكى ئاپتوبۇستا ئولتۇرسۇن ئىككى ئادەم بولسىمۇ تېپتىنچ ھالدا ئۆچرەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى دائىم كۆرگىلى بولىدۇ، بەزىدە رەتلىكلىكىدىن ئۆچرەتتە تۇرغاندەكمۇ كۆرۈنمەيدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىۋاتقان ئاشۇ بىر مەزگىل جەمئىيەت ئەنسىز، ئىقتىساد كاسات، ماگىزىنلاردىكى مال جازىلىرى دائىم قۇپقۇرۇق تۇراتتى. ھەتتا بەزى ئورۇنلاردا بولكا بىلەن تەمىنلەشمۇ ئېھتىياجنى قاندۇرالماي، بولكىمۇ سېتىۋالالماي ئاچ قالىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىپ تۇراتتى. شۇنداق ئەھۋالدىمۇ، كىشىلەر يەنىلا ئۆچرەتتە تۇرۇپ، كەينىدىكىلىرى سېتىۋالالمىسا، ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا جىملا كېتىپ قالاتتى.

نېمە ئۈچۈن جۇڭگولۇقلار ئۆچرەتتە تۇرۇشنى ياقتۇرمايدۇ؟ بەزى كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئۆچرەتتە تۇرماسلىق بىزنىڭ ساپايىمىزنىڭ تۆۋەنلىكى، ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان مىللىي ئادىتىمىزنىڭ ئىپادىسى ئىكەن. رەن شىچيۇ ئەپەندى «تەرتىپكە رىئايە قىلماسلىق، ئۆچرەتتە تۇرماسلىق مىللىي خاراكتېرىمىز ئەمەس، تۇرمۇش ئادىتىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ» دەپ قارايدۇ. ئۇ بىر ماقالىسىدە مۇنداق بىر ئىشنى خاتىرىلىگەن: «ياپونىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن مەن بېيجىڭغا قايتىپ كەلدىم. باشقىلار ماڭا نۇرغۇن دۈشمەن ۋە قورچاقلارنىڭ زورلۇق-زومبۇلۇق ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئىشتىن بىرى پويىز ئىستانسىسىنىڭ ئالدىدىكى بېلەت سېتىش ئۆيىنىڭ ئالدىدا بىر ياپونلۇق ئوفىتسېر قولىغا بامبۇك قامچا تۇتۇۋېلىپ، ئۆچرەتتە تۇرماي ئالدىغا ئۆتۈۋېلىپ بېلەت سېتىۋالغانلار-

نى ئۈن-تىن چىقارمايلا راسا ساۋىدايدىكەن. ئۇ ئادەم گەپ قىلالماي ئۆچرەتنىڭ ئاخىرىغا بېرىپ تۇرىدىكەن. پويىز ئىستانسىسىنىڭ تەرتىپىدە شۇنىڭدىن باشلاپ خېلى ياخشىلىنىش بولغانىكەن دېگىنى ئىدى» مۇشۇ ئىشتىن ئۇنىڭ ھېسسىياتى ناھايىتى چىگىشلىشىپ كەتكەن ھەم ياپونلارنىڭ ھەرىكىتىدىن ئاچچىقى كەلسە، يەنە جۇڭگولۇقلارغا قىلچە ئىچ ئاغرىتمىغان ھەم توختىماستىن «بىز ئەجەبا بىر قامچىغا راستىنلا شۇنچە ئېھتىياجلىقمۇ؟» دېگەن.

بىر قامچىلاش مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلىۋېتەلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۆچرەتتە تۇرۇش-تۇرماسلىق، قانداق ئۆچرەتتە تۇرۇش قارىماققا كىچىك ئىشتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئۇ بىر دۆلەتنىڭ، بىر مىللەتنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى، قىممەت قارىشى، ئەخلاق ئۆلچىمى، ئىستىلى، مەدەنىيەت قاتارلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ، بۇلار ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ.

ئۆچرەتتە تۇرۇش ئەمەلىيەتتە ھەققانىيەت ۋە ئادىللىقنىڭ، قائىدە ۋە تەرتىپكە رىئايە قىلغانلىقنىڭ سىمۋولى. ئەمما ھەرقانداق ئىشتا «ئۆچرەتتە تۇرماسلىق» دۆلىتىمىزنىڭ تارىخى ياكى ھازىرىدا بولسۇن كۆپىنچە ھاللاردا بىر خىل نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پەلسەپىسى بولۇپ قالدى. بۇ نۇقتىنى خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ماقال-تەمسىللەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن: «يەڭگۈچى يېڭىلگۈچىدىن ھىيلىگەر»، «قەھرىمان ھەممە يەردە مۇنازىرىلەشمەيدۇ»، «ئەرزان بولسىمۇ X X تۇخۇمنى ئىگىلىۋالماسلىق»، «قىلىنلىق يېرىم دۆلەت»، «قائىدىنى ئادەم بېكىتىدۇ»، «يۈرىكى چوڭ ئىگىلىۋالغانلىقىدىن ئۆلىدۇ، يۈرىكى كىچىك ئاچلىقتىن» قاتارلىقلار. ئۆچرەتتە تۇرۇش ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇشى، ئوخشاشلا بىر جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرتىپ ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ، مەسىلەن: ئۆستۈرۈلىدىغان كادىرلارنىڭ ئۆچرەتتە تۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق بىر ئادەمنىڭ ئەخلاق، تىرىشچانلىق نەتىجىسىگە توغرا باھا بەرگىلى، بىر قۇرۇلۇش تۈرىنى قايسى كارخانىغا بېرىشتىكى ئۆچرەتتە تۇرغۇزۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق بۇ كارخانىنىڭ ئىقتىدارى ۋە قۇرۇلۇش سۈپىتىنىڭ قانداقلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئەگەر «يۇقىرىنى كۆرۈپ ئەمەلدار» ئۆستۈرۈلمىسە، «ئىشلەيدىغانلار» ئىش تۈرىگە ئېرىشەلمىسە، كىممۇ يەنە ئۆچرەتتە تۇرۇشنى خالايدۇ. ئەگەر پىرىنسىپ بويىچە ئىش قىلمىسا، ھەممە يەردە تۇمشۇقىغا يېسە، پىرىنسىپ بويىچە ئىش قىلسا ھەممە ئىشى ئوڭۇشلۇق بولسا ھەممە ئادەم ئۆچرەتتە تۇرۇشنى خالايدۇ. شەكلەن ئۆچرەتتە تۇرماسلىق ئەمەلىيەتتە جەمئىيەت تۈزۈمىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى شەكىلسىز ئۆچرەتتە تۇرماسلىقنىڭ قايتۇرما ئىنكاسىنى يوشۇرۇپ قالالايدۇ.

مۇشۇنداق بولسا جۇڭگولۇقلار ئۆچرەتتە تۇرۇشنى ياقتۇرۇپ ئۆچرەتتە تۇرۇشقا ئادەتلىنىدۇ. يەنە ھەقىقىي تۈردە ھەم ئېغىر، ھەم يىراق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالايدۇ.

(«لىن چى» ئىمزاسىدىكى بۇ فېليەتون «جۇڭخۇا فېليەتون تورى» ۋە «فېليەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2006-يىل ئۆكتەبىر (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق) سانىدىن **گۈلباھار مۇھەممەد** تەرجىمىسى)

---

تىلماچ: ئاتۇش شەھەر ئازاق ئوتتۇرا مەكتەپ مۇئەللىمەسى

# خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش قانداقسىگە باشلىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ئايلىنىپ قالدى؟

يېقىندا ئۆزىنى «ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر ئاساسىي قاتلام كادىرى» دەپ ئاتىۋالغان بىرەيلەن توردا مۇنداق دەپتۇ: «كۆپچىلىك بىزنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلماي رەھبەرلەر ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىدۇ دەپ تىللايدۇ، بۇ ئەمەلىيەت. بىزنىڭ بارلىقىمىز، ئۆسۈشىمىزدىن تارتىپ مائاشىمىزغىچە ھەممىسى يۇقىرى دەرىجىلىك باشلىقلارنىڭ قولىدا تۇرسا، بىز ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلماي تۇرالامدۇق؟ پۇقرالارنى رەنجىتىپ قويساق، ئۇلار ئەڭ بولسا بىزنى بىر نەچچە ئېغىز تىللىيالايدۇ، خالاس. يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنى رەنجىتىپ قويساقچۇ؟ ئۇ چاغدا

بىزنىڭ ئىستىقبالىمىز يوق بولىدۇ»

بۇنىڭدا ھەقىقىي ئەھۋال سۆزلەنگەن. بەزىلەر ئۇنىڭدا دېيىلگەن سۆزلەرنىڭ ئاساسىي قاتلام كادىرى دېگەنلەكىدىن گۇمانلىنىپ قاپتۇ. مېنىڭچە بۇ مۇھىممۇ؟ ئەڭ مۇھىمى شۇكى، ئۇ بىر ھەقىقەتنى ئېچىپ بەردى، بىز ئۇنىڭغا قانداق يۈزلىنىشىمىز كېرەك؟

قائىدىگە ئاساسلانغاندا، كادىرلار مەيلى «يۇقىرىنىڭ گېپىنى» ئاڭلىسۇن ۋە ياكى «تۆۋەننىڭكىنى ئاڭلىسۇن» ماھىيەتتە ھەممىسى «ساختا»، گەرچە ھوقۇقدارلارنىڭ ھەممىسى ئېغىزىدا ئۆزلىرىنى خەلق مەنپەئىتىنىڭ ۋەكىلى دەۋالسىمۇ، ئۇنداقتا كىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىسۇن ئەڭ ئاخىرىدا خەلق مەنپەئىتىدىن پايدىلىنىشنى ئۆزىنىڭ نىشانى قىلىدۇ. بىراق قائىدىدىكى «ساختىلىق» ئەمەلىيەتتە راستتىنلا راستقا ئايلىنىپ قالغاندا ھازىرغىچە نېمە ئۈچۈن كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى ياخشى باھالايدۇ؟

بەزى ئەمەلدارلار «يۇقىرىنىڭ سۆزىنى» بەكرەك ئاڭلايدۇ. بۇمۇ توغرا، ھەر ھالدا، ھۆكۈمەت تۈزۈلمىسى ئەمەلىيلەشتۈرگەندە بىرىنچى قول مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى قوللىنىلىدۇ. مەلۇم تۈر ھەققىدە پىلان بولغاندا ئەگەر تۆۋەندىكىلەر ئەستايىدىل ئىجرا قىلماي، ئەكسىچە ھەممەسى ئۆز ئالدىغا ئىش قىلسا بۇنىڭدىن چاتاق چىقامدۇ؟ شۇڭا خەلق سايلىمىدىن ئۈمىد كۈتكەن ھەر بىر ئەمەلدار ھەرگىزمۇ قالايمىقان سۆزلىمەيدۇ، بىراق بۇ تۆۋەندىكى ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى خەلق مەنپەئىتى بىلەن كارى يوق يۈرۈۋېرىدۇ دېگەندىن دېرەك بېرەمدۇ يوق؟، ھەتتا ھېلىقى ئەدەپسىز بالا لىن جىياشىن ئېيتقاندەك «پۇقرا دېگەن ئۇسۇرۇق»قا ھېسابمۇ؟

ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار بىر يۈرۈش مەنتىقە چەكلىمىسىگە باغلىنىپ قالغان. مەسىلەن: بىر شەھەردە ئاساسىي قاتلامدىكى بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلار باشقارما، ئىدارە باشلىقلىرى ئۈچۈن جاۋابكار بولىدۇ، ئىدارە، باشقارما باشلىقلىرى مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى، شەھەر باشلىقى ئۈچۈن جاۋابكار بولىدۇ. شەھەر باشلىقلىرى خەلق ۋەكىللىرى ئۈچۈن جاۋابكار بولىدۇ. خەلق ۋەكىللىرى شەھەر باشلىقىدىن رازى بولمىسا بىلەت تاشلاش ئارقىلىق ھوقۇقىدىن قالدۇرۇۋېتەلەيدۇ، شەھەر باشلىقلىرى ھوقۇق ئۆتەش مەزگىلىدە ئالاھىدە ھوقۇقلۇق ئورگانلار (خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەش) قاتارلىقلارنىڭ چەكلىشى ۋە نازارىتىگە ئۇچرايدۇ. خەلق ۋەكىللىرى بىۋاستە سايلىغۇچىلار ئۈچۈن جاۋابكار بولىدۇ، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى يۇقىرى-تۆۋەندە ھاكىمىيەت ۋە ھوقۇق ئۆزئارا ئۇتۇشۇپ تۇرىدۇ. ئاما مەلۇم ئورۇننىڭ خىزمىتىدىن نارازى بولسا، خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئارقىلىق ئەڭ يۇقىرى مەمۇرىي ئەمەلدارغا بېسىم ئىشلىتىدۇ، مەمۇرىي باشلىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن دەرھال قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلاردىن مەسئۇلىيەت سۈرۈشتە قىلىدۇ. نەتىجىدە ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى ئامىنى قوغدايدۇ، ئاساسىي قاتلامدىكى ئەمەلدارلار «يۇقىرىنىڭكىنى ئاڭلاش» بىلەن «ئامىنىڭ گېپىنى ئاڭلىشى»نىڭ نېمە پەرقى بولسۇن؟

بىراق رېئاللىق نېمىشقا بۇنداق ئەمەس؟ ھوقۇق ئايلانمىسىدا زادى قەيەردىن مەسىلە چىقتى؟ ئەستايىدىل ئويلاپ باقىدىغان بولساق، بۇ تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتەلمەيدۇ. بىرىنچىدىن، ئالاھىدە ھوقۇقلۇق ئورگانلارنىڭ نازارەتچىلىك كۈچى ئاجىز، خەلق رايىنى تۈزۈلمە قاتلىمىغا كىرگۈزۈش تەس. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى خەلقنىڭ ئىرادىسىنى، پىكرىنى ئەمەلدارلارغا يەتكۈزۈشتىكى ئەڭ مۇھىم ۋاستە. ئەگەر بۇ تۈزۈم پەقەت يىغىن ئېچىپ قول كۆتۈرۈش، سايلام ئېلىپ بېرىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالسا، ئەمەلدارلارنى نازارەت قىلىشقا ئامالسىز قالىدۇ. مالىيە خام چوت ھېساباتىمۇ بارغانسېرى ئېگىز-پەس بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئەمەلدارلارنىڭ سىزنىڭ ئىرادىڭىز بويىچە ئىش كۆرۈشتىن، بولۇپمۇ سىز ۋەكىللىكىڭىزدىكى ئامىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىشتىن سۆز ئېچىش مۇمكىنمۇ؟ ئىككىنچىدىن، بىرىنچى قول باشلىقنىڭ ھوقۇقى ھەددىدىن زىيادە يوغىناپ كەتكەن. كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى شەكىللىۋازلىققا ئايلىنىپ قالغان. كادىرلارنى ۋەزىپىگە قويۇش، ئېلىۋېتىش ئىشلىرى مەخپىي ئېلىپ بېرىلىدۇ، دېموكراتىك تەكشۈرۈشنىڭ تەپسىلىي پىرىنسىپى بولسىمۇ، بىراق سەھنە ئارقىسىدا سىياسىينىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغانلارمۇ بىلىدىغان ئالاھىدە تەرتىپ بار. ئۇ بولسىمۇ، پەقەت ئۈستەل ئالدىدا يۇقىرىدىكى بىرىنچى قول باشلىق سىزنى «ياقتۇرسىلا» سىزنىڭ ئۆسۈشىڭىز ئادەتتىكى گەپ، چۈنكى، ئۇ سىزنىڭ

خىزمەتنى قانداق ئىشلەيدىغىنىڭىز، خەلقنىڭ سىزدىن رازى بولۇش بولماسلىقى قاتارلىقلار بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ. پەقەت سىزنىڭ ئۈنۈمگە قانداق مۇئامىلىدە بولىدىغانلىقىڭىزغىلا قارايدۇ. ئۈچىنچىدىن، خەلق ۋە كىشىلەرنىڭ ئۆزىدىكى مەسىلە. ئۇ ئەگەر ئۆزىنىڭ ۋە كىشىلىك سالاھىيىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك باشلىق ئالدىدىكى «تەكلىپنىڭ شان-شەرىپىنى» ھېس قىلالىسا سايلىغۇچىلارنىڭ نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر، ئىككىلەنمەستىنلا كەينىگە ئۆرۈلۈپلا «رەھبەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» تەرىپىگە ئۆتۈپ، خىلمۇخىل ئامىللار بىلەن رەھبەرلەرگە «ئاۋارىچىلىك، مەسئۇلىيەت، پاش قىلىش» قاتارلىقلارنى تېپىپ بەرمەيدۇ، بولۇپمۇ ئارتۇقچە ئىشلارنى تېرىپ بەرمەيدۇ.

مەن نۇرغۇن ئەمەلدارلارنىڭ يەنىلا ئەستايىدىل ئىش قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئەمەلدارلار ۋەزىپىگە ئولتۇرسىلا خەلققە بەخت يارىتىشنى ئويلايدۇ. بىراق بۇ خىل بۇزۇلۇش نەتىجىسىدە نۇرغۇن ئادەملەر تېخىمۇ ياخشى «ئەتىسى» ئۈچۈن، چەكلىك زېھنى كۈچىنى سەرپ قىلىپ رەھبەرلەرنىڭ چەكسىز ئويىنى پەرەز قىلىپ، باشلىق «ئاق» دېسە، ئۇ «قارا» دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ، باشلىقنىڭ گېپىنى يىرىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ، بارلىق ئىشلار «پەقەت يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرگە ئەگىشىش ئارقىلىق بولىدۇ». يەنىلا مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، بىر توپ «چىرىك ئەمەلدارلار مەدەنىيىتى» شەكىللىنىپ، ھەممە جايدا بار بولغان خەۋپلىك ئايلانما «يوشۇرۇن قائىدە» شەكىللىنىپ قالىدۇ، بۇ خىل بيۇروكرات توپ مەنىۋىيىتى ئەڭ ناچار بىر كوللېكتىپ بولۇپ شەكىللىنىپ، ھەرقايسى ئۆزى ئەمەستەك ھالەتتە ئىچ پۇشۇقى ۋە ئاچچىقتا تولۇپ ياشايدۇ. ھوقۇق بۇ خىل بۇزۇلغان ئوبيېكتىپ ئەھۋاللارغا سىياسىي ئىسلاھاتتا نۇقتىلىق ئوق ئېتىش زۆرۈر.

رەھبەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كېرەكمۇ ياكى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كېرەكمۇ؟ ھامىلىتچە قىيىن مەسىلىگە ئەمەلدارلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن جاۋاب بېرەلىشى ناتايىن. ئۇ ئەمەلىي قائىدە-تۈزۈم ۋە پايدىلىق پىشاڭلارنىڭ قوزغىتىشىغا موھتاج.

خەۋەردە دېيىلىشىچە، چىڭدۇ مۇلەن بازىرى پارتكوم سېكرېتارى بىۋاسىتە سايلانغاندىن كېيىن كادىرلارنىڭ روھىي قىياپىتى ئالاھىدە ياخشىلانغان. چۈنكى خەلق سايلىغان كادىرلار ئاندىن خەلققە ھەقىقىي مەسئۇل بولالايدۇ. مانا بۇ نۆۋەتتىكى سىياسىي ئىسلاھات ئۈزۈل-كېسىل ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان پىكىر يولى ئەمەسمۇ؟

(بى شىچىڭ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما 2008-يىل 12-ئاينىڭ 12-كۈنىدىكى «ئالتۇن قوي تورى» ۋە «فېلىيەتونلاردىن تاللانما»نىڭ 2009-يىلى 2-سانىدىن **ئابباس ئۆمەر ئەلقۇت** تەرجىمىسى)

# 100 خەتلىك فېلىيەتونلار

## ئىلگىرى ۋە ھازىر

لىيۇ زۇگرەن

ئىلگىرى بالىلار ئۇرۇشۇپ قالسا ئاتا-ئانىلار ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ بالىلىرىنى تەنقىد قىلاتتى، ھازىر بالىلار ئۇرۇشۇپ قالسا ئاتا-ئانىلار ئالدى بىلەن باشقىلارنىڭ بالىلىرىنى ئەيىبلەيدۇ.

ئىلگىرى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا دەرس تەكرارلاپ بېرىشى ئۇلارنى ئىختىساسلىقلاردىن قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىشى ئۈچۈن ئىدى، ھازىر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا دەرس تەكرارلاپ بېرىشى ئوقۇغۇچىلاردىن پۇل ئوندۇرۇۋېلىش ئۈچۈندۇر.

ئىلگىرى بىمارلار دوختۇرخانىغا كېسەل كۆرسەتكىلى بارغاندا دوختۇرلار «كېسەلگە قاراپ دورا بېرەتتى»، ھازىر بىمارلار دوختۇرخانىغا كېسەل كۆرسەتكىلى بارغاندا دوختۇرلار پۇلغا قاراپ دورا بېرىدىغان بولدى.

ئىلگىرى قاتناش ھادىسىسى يۈز بەرسە شوپۇرلار دەرھال ماشىنىنى توختىتىپ ئادەم قۇتقۇزاتتى، ھازىر قاتناش ھادىسىسى يۈز بەرسە شوپۇرلار مايىنى بولۇشىغا دەسسەپ قېچىپ كېتىدۇ.

## خورازنىڭ سۇمۇرغقا ئايلىنىشىنىڭ تۆت باسقۇچى

يې جىنرۇڭ

بىرىنچى، يۇقىرى پەن - تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ، سۇمۇرغنىڭ چىرايلىق پەيلىرىنى خورازنىڭ بەدىنىگە كۆچۈرۈش.

ئىككىنچى، ھەر خىل قورال خاراكتېرلىك ئۈسكۈنىلەر ئارقىلىق خورازنىڭ چىللىغاندىكى ئاۋازىنى سۇمۇرغنىڭكىدەك يېقىملىق چىقىرىپ يالغاننى راست قىلىپ كۆرسىتىش.

ئۈچىنچى، مەخپىي ھالدا خورازغا ئېگىز ھەم تېخىمۇ يىراققا ئۇچۇش مەشىقى ئېلىپ بېرىش.

تۆتىنچى، «بۇ يۈزدە يۈز پىرسەنت ساپ سۇمۇرغ، سۇمۇرغ بىلەن ئوخشاش باھادا سېتىلىدۇ» دەپ داغدۇغىلىق ھالدا بازارغا سېلىش.

## بەزىلەر

ۋاڭ جۈن

بەزىلەر ئەزەلدىن بازاردىن مال سېتىۋالمايدۇ، بىراق سىزنىڭ مېلىڭىزنىڭ قىممىتىنى تەتقىق قىلىدۇ.

بەزىلەر ئەزەلدىن ئۆي سېتىۋالمايدۇ، بىراق ئۆيىڭىزنىڭ باھاسىنى تەتقىق قىلىدۇ.

بەزىلەر ئەزەلدىن ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى تاپشۇرمايدۇ، بىراق سىزنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتىڭىزنى تەتقىق قىلىدۇ.

بەزىلەر ئەزەلدىن ئىشسىز قېلىشتىن ئەنسىرىمەيدۇ، بىراق سىزنىڭ ئىشسىزلىق مەسىلىڭىزنى تەتقىق قىلىدۇ.

بەزىلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھەممىسى چەت ئەلدە ياشايدۇ. بىراق سىزگە ۋەتەننى قانداق سۆيۈش توغرىسىدا تەلىم بېرىدۇ.

## ئەمەلىيەتتە

شى مىڭ

ئېلان - تەشۋىقاتلار ئاجايىپ قالتىس، ئەمەلىيەتتە ساپلا يالغان.

يىغىندىكى ئىپادە ناھايىتى كەسكىن، ئەمەلىيەتتە ئىشلار ساختا.

خۇلاسىدە پارلاق نەتىجىلەر يېزىلغان، ئەمەلىيەتتە ئەھۋال كۈندىن - كۈنگە خارابلاشقان.

ئاغزىدا كۈلكە - چاقچاق، ئەمەلىيەتتە قوينىدا پالتا - پىچاق.

(بۇ ئەسەرلەر «تاللانغان فېلىيەتونلار» ژۇرنىلىنىڭ 2013 - يىللىق 12 - سانىنىڭ ئالدىنقى يېرىم ئايلىق ؟؟؟ سانىدىن **ئابباس ئۆمەر ئەلقۇت** تەرجىمىسى)

---

تىلماچ: خوتەن ناھىيە خانئېرىق يېزا سېرىقتۆي ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

## ماھارەت قەلەم سىرتىدا

جياڭ خۇا

مائارىپقا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىم ئالدىراش خىزمىتىدىن ئېشىنغاندا قەلەم بىلەن ھەپىلىشىپ ھۆسنخەت يازاتتى. ئۇنىڭ تاجى بولغىنى ئۈچۈن باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى مەكتەپلەر ئارقا - ئارقىدىن ئۇنىڭ ھۆسنخەت يېزىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغاچقا، جانابى مۇئاۋىن ھاكىممۇ ئۇلارنىڭ تەلەپىنى رەت قىلالمايتتى. شۇڭا مەكتەپ ۋىۋىسكىسىدىن تارتىپ، ئىشخانا، مەجلىسخانىلارغا ئۇنىڭ ھۆسنخەتلىرى قاتار - قاتار ئېسىلغانىدى.

يېقىندا ئۇ مۇئاۋىن ھاكىم پېنسىيەگە چىقىپ، ھۆسنخەتنى تېخىمۇ قېتىرقىنىپ يېزىپ، ھۆسنخەت يېزىشنى كۈندىلىك خىزمەت كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ ماھارەت يېتىشتۈردى. ئۇنىڭ ماھارىتىمۇ كۈنسايىن ئۆسۈپ ئۆزىنى ئەملى بار چاغدىكىدەك ھېسابلاپ شۇنچە كۆچىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ھۆسنخەت يازدۇرىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلۈپ قالدى. ھەتتا بۇرۇن ئۇ نام بېرىپ ۋىۋىسكىسىنى يېزىپ بەرگەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپمۇ ۋىۋىسكىسىنىڭ خېتىنى باشقا خەت نۇسخىسىغا ئالماشتۇرۇپ بولغانىدى.

## ئالڭ

ۋېي چىجياڭ

دۆلەت زېمىن بايلىقى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى نيۇ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىسىنى تەكشۈرۈۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، كۆڭلى بەكلا دەككە - دۈككىدە قالدى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي تىت - تىت بولۇپ تۇرغاندا، بىر «ئۆز ئادەم»نىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن يېرىم كېچىدە 100 مىڭ يۈەن پۇل ئېلىپ فاڭ شۇجە

نى «يوقلاپ» بېرىپ، شۈجىنىڭ بولدى قىلىۋېتىشىنى ئۆتۈندى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز ؟ — دېدى شۈجى ئىنتايىن ئېغىر بېسىق قىياپەتتە، — سىز ماڭا پارا بەرمەكچىمۇ ؟ سىزگە شۇنى ئېيتىپ قوياي، بۇنداق قىلغىنىڭىز قانۇنغا خىلاپ.

ئەھۋالنىڭ پايدىسىزلىقىنى بىلگەن نيۇ ئىدارە باشلىقى يەنە 100 مىڭ يۈەن قوشۇپ شۈجىنىڭ ئاتىدارچىلىق قىلىشىنى ئۆتۈنۈۋېدى، يەنىلا شۈجىنىڭ كايىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى:

— ئېلىپ كېتىڭ، مەن سىزنىڭ قىلتىقىڭىزغا دەسسىمەيمەن! مەن مۇشۇ 200 مىڭ يۈەنگە لايىقمىكەنمەن ؟ كۆلكىلىك گەپقۇ ـ بۇ!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان نيۇ ئىدارە باشلىقى سومكىسىدىن بىر كارتىنى چىقىرىپ، شۈجىنىڭ غەمخورلۇق قىلىشىنى ئۆتۈندى. شۈجى سىنچىلاپ قارىۋېدى، بانكا كارتىسىنىڭ كەينىدە بىر باغاقچە بار بولۇپ، ئۇنىڭدا « 1 مىليون، مەخپىي شىفىرى سىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىڭىز» دېگەن خەت يېزىلغانىدى، بۇنى كۆرگەن شۈجى ئىچىدە خۇشال بولۇپ، چىرايىدا تولىمۇ سالاپەت ئەكس ئەتتى:

— جايىدا، جايىدا، نيۇ ئىدارە باشلىقىنىڭ ئېڭى ھەقىقەتەن ئۈستۈن ئىكەن ـ ئەمەسمۇ!

## توخۇ ـ ئىتلارنىڭ ئادەملەرنى تەسۋىرلىشى

فۇ چۈەنجياڭ

ئىدارە ـ ئورگاندىكىلەر جەمئىيەتتىكىلەر بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن مۇنداق تۆت خىلغا بۆلۈنىدۇ؛

بىرىنچى خىلى ئۆردەك تۈردىكىلەر. بۇنداق كىشىلەر ئۈن ـ تىنسىز ئىشلەيدۇ. داۋراڭ سالمايدۇ، ئۇلار خۇددى ئۆردەك كاتىگىدە توخۇم تۇغقاندىن كېيىن غاقىلدىماي قويىدىغاندەك، ئۆي ئىگىسى مەلۇم كۈن ئۆتكەندىن كېيىن كەندىلەر ئىچىدە بىر مۇنچە توخۇمنى بايقايدۇ، مانا بۇنى ئۈن ـ تىنسىز تۆھپە قوشۇش دەيمىز، بۇ خىلدىكى كىشىلەر باشقىلار تەرىپىدىنمۇ ھۆرمەتلىنىدۇ، لېكىن باشقىلارنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىشى ناتايىن.

ئىككىنچى تۈردىكىلەر توخۇ تۈردىكىلەر بولۇپ، بۇ خىل كىشىلەر بىرەر ئىش قىلماقچى بولسا ئۇنى بىر قېتىم دەۋالىدۇ. ئۇلار ئىش قىلغاندا ئۈچ ئۇلۇش كۈچ چىقىرىپ، يەتتە ئۇلۇش داۋراڭ سالىدۇ. بىر تۇخۇم تۇغۇپلا غوجايىنىنىڭ ئايىغىنى چۆرگىلەپ، ئۇنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇ خىل كىشىلەرنىڭ قىلىقى باشقىلارنى قايىل قىلالمىسىمۇ، ئەمما رەھبەرلىكنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە مۇيەسسەر بولىدۇ.

ئۈچىنچى خىلدىكىلەر قاۋايدىغان ئىت تۈردىكىلەر بولۇپ، بۇ خىل ئادەم شەخسىيەتچى كېلىدۇ، شەخسىي مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدۇ، لېكىن ئۇنداقلارنىڭ «چىشلەيدۇ»غىنى ئوچۇق ئاشكارا بولۇپ، ھەزەر ئەيلىگىلى (ئېھتىيات قىلغىلى) بولىدۇ.

تۆتىنچى خىلدىكىلەر چاقىدىغان يىلان تۈردىكىلەر بولۇپ، بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئىچى تار، ئىچىدە ئۇغا قاينايدۇ، ئۆچ ئېلىش خاراكتېرى كۈچلۈك، بۇنداق ئادەمنى پەرق ئېتىش تەس، تاقابىل تۇرۇشمۇ قىيىن. ئەمما ئېھتىيات قىلسا ھەرقانچە زەھەرلىك يىلاننىمۇ بايقىغىلى بولىدۇ.

پېقىرمۇ ئورگاندىكىلەرنىڭ بىرى بولۇپ گەرچە قېرىپ قالغان بولسامۇ تەۋسىيەرىم: ئۆردەكنى ئۆلگە قىلىپ، توخۇنىڭ قاقىلدىشىنى مۇۋاپىق ئۆگىنىش؛ ئىتنىڭ چىشىغا تېگىپ قاۋىتىدىغان ئىشنى ئاز قىلىپ، زەھەرلىك يىلاندىن ھوشيار تۇرۇش (ئېھتىيات قىلىش) كېرەك.

## دەۋرىي سوۋغات

سۇڭ جاۋۋۇ

يېقىندا قىزىمغا خىزمەت ئىزدەپ بېشىم قېتىپ تۇرغاندا، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان بىر خىزمەتدىشىم، قولىدا ئەمەلىي ھوقۇقى بار بىر رەھبەرنى تونۇشتۇردى، خىزمەتدىشىمنىڭ ئېيتىشىچە، رەھبەر ئالدىراش بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ رەھبەرنىڭ ئادرېسى، ئۆيى قاتارلىقلارنى ئالدىن ئۇقتۇرۇپ قولايلىق بىر پەيتتە ۋاقتىنى چېكىپ تۇتۇپ شۇ كۈندىن قالدۇرماي «زىيارەت» قىلىشىمنى ئۇقتۇردى.

گەرچە خىزمەتدىشىم مېنىڭ قانداق قىلىشىمنى ئېيتمىغان بولسىمۇ، ئەمما باشقىلارغا ھاجىتى چۈشكەن ئادەمنىڭ قۇرۇق قول بارمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتىم، قاراڭغۇ چۈشەي دېگەن چاغدا خوتۇنۇم ئىككىمىز دەككە ـ دۈككىدە

يولغا چىقتۇق. كوچا ئاپتوبۇسىدا ئىككى بېكەت ماڭغاندىن كېيىن ئاپتوبۇستىن چۈشتۇق. بىز بىرەر تونۇشنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ھېچ نەرسە ئالمايلا ھېلقى باشلىق ئولتۇرىدىغان ئالىي دەرىجىلىك بىنانىڭ ئالدىغا يېتىپ بارغىنىمىزدا قاراڭغۇ چۈشكەنىدى، بىنانىڭ ئالدىدىلا بىر ماگىزىن بار بولۇپ، بىز ئازراق سوۋغا ـ سالام ئېلىۋالماقچى بولدۇق.

ئايال غوجايىن بىزنىڭ «جۇڭخۇا» ماركىلىق تاماكا بىلەن «ماۋتەي» ماركىلىق ھاراق سېتىۋالدىغانلىقىمىزنى بىلگەندىن كېيىن دەرھال پوكەي ئاستىدىن ئېلىپ، تولىمۇ سىرلىق ھالدا بىزدىن سورىدى:

— ئىككىڭلار بىرەر ئىش بېجىرگىلى كەلدىڭلارغۇ دەيمەن؟ ماڭا زادى كىمنىڭ ئۆيىگە كىرىدىغىنىڭلارنى ئېيتىپ بېرىشكە بولامدۇ؟ بۇ قورۇدىكى باشلىقلارنىڭ ھەممىنى مەن ياخشى تونۇيمەن، خاتىرجەم بولۇڭلار، ھەرگىز باشقىلارغا دەپ قويمايمەن.

بىزنىڭ كۆزىمىز ئۈچرىشىپ، سەل مەڭدەپ قالغاندىن كېيىن خوتۇنۇم بىز كىرمەكچى بولغان باشلىقنىڭ ئىسمى، ئىدارىسى ۋە ئولتۇرىدىغان قەۋىتى قاتارلىقلارنى دېگەندىن كېيىن ئايال غوجايىن كۈلۈپ كېتىپ دېدى:

— بىز پۇقرالارنىڭ كۈن ئالمىقىمىز ھەقىقەتەن تەس، باشقىلارغا يالۋۇرۇش تېخىمۇ قىيىن، شۇڭا مەن ھاراق ـ تاماكىنى ئېتىبار باھادا بېرەي، مەن بۇ ماللارنىڭ ئۈستىگە ئالاھىدە بەلگە قىلىپ قويغان، مەيلى ئۇ مال جىلىڭ ياكى ساختا بولسۇن، ئىمكان بار ئاز پۇل خەجلەڭلار، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يەنە بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ خوتۇنى بۇ ماللارنى ماڭا ئېلىپ چىقىپ نەق پۇلغا ئالماشتۇرىدۇ...

## مەن قورقمەن

جياڭ جىنچيۇ

كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئېرى ئالتۇن بېلىق سېتىۋېلىشقا چىقىپ كېتىۋېدى، خوتۇنى شاۋ فاڭنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ: «بېرىڭ، سېتىۋېلىپ كېلىڭ» دېدى.

— نېمە، دادام ئالتۇن بېلىق سېتىۋالغىلى چىقامدىكەن، پاھ، مېنىڭ ئوينايدىغانغا ئالتۇن بېلىقىم بار بولىدىغان بولدى!— دېدى ئۇلارنىڭ ئۈچ ياشلىق ئوغلى قىن ـ قىنىغا پاتماي خۇشال بولۇپ.

— ئوغلۇم!— دېدى شياۋ فاڭ ئالدىراپ چۈشەندۈرۈپ،— داداڭ دېگەن ئىدارە باشلىقىغا سېتىۋالدۇ، ئىدارە باشلىقىنىڭ ئالتۇن بېلىقى ئۆلۈپ قاپتىكەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئوغلىنىڭ خۇشاللىقى دەرھال يوقالدى.

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتتى، شاۋفاڭنىڭ ئېرى بىر دانە ئەرمەك كۈچۈك كۆتۈرۈپ كەلدى. ئۇ كۈچۈكنى 8000 يۈەنگە سېتىۋالغانىدى. بۇنى كۆرگەن ئوغلى ئاجايىپ كېلىشكەن، تولىمۇ چىرايلىق ئەرمەك كۈچۈكنى كۆرۈپلا ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى:

— ئاپا، مەن قورقمەن، مەن قورقمەن، ئۇ كۈچۈكنى تېز تاشلىۋېتىڭلار!

— قورقما بالام!— دېدى شاۋفاڭ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ،— ئۇ كۈچۈكنى داداڭ ئىدارە باشلىقىغا سېتىۋالدى، ئىدارە باشلىقىنىڭ ئەرمەك كۈچۈكى ئۆلۈپ قاپتىكەن.

— ئوغلۇم قورقمىغىن!— دېدى دادىسى قاقاھلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ،— مەن ھازىرلا كۈچۈكنى ئىدارە باشلىقىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىۋېتەي.

دادىسى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئوغلى ئاپىسىنىڭ باغرىغا مۆكۈنۈپ يىغلاشقا باشلىدى:

— ئاپا، مەن يەنىلا قورقۇۋاتىمەن!

— قورقمىغىن ئوغلۇم!— دېدى شاۋ فاڭ كۈلۈپ تۇرۇپ،— كۈچۈكنى داداڭ ئىدارە باشلىقىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى.

— مەن يەنىلا قورقۇۋاتىمەن!— دېدى ئوغلى ئالاقزادە بولۇپ،— مەن كېلەر قېتىم ئىدارە باشلىقىنىڭ ئوغلىنىڭ ئۆلۈپ قېلىشىدىن قورقۇۋاتىمەن.

## دادىسىنى، ئېرىنى، پەرزەنتلىرىنى ماختىماق

جياڭ لىمەن

بىر قانچە قىز بىر ـ بىرىگە گەپ بەرمەي ۋىچىرلىشىپ كەتتى:

— دادام دېگەن كەنت كادىرى،— دېدى بىرەيلەن.

— ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ!— دېدى يەنە بىرسى،— مېنىڭ دادام دېگەن يېزا رەھبىرى!

بۇنى ئاڭلىغان يەنە بىرسى كانىيىنى ئەستى!

— بۇنىڭ قانداق ھەيران قالغۇچىلىكى بار دەيسىلەر! مېنىڭ دادام دېگەن بىر بازارنىڭ ئەمەلدارى!

ئۇلار تالاش-تارتىش قىلىشتى، ئەمما ھېچقايسىسى تەن بەرمىدى.

ئارىدىن ئۇزۇن يىل ئۆتۈپ ئۇلار قايتا ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇلار قىسقا ۋاقىت ھاياجانلىنىپ تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن يېڭى بىر نۆۋەتلىك تالاش - تارتىشنى باشلاندى:

— مېنىڭ ئېرىمچۇ، ئىش ھۆددىگە ئالغۇچى غوجايىن!

— مېنىڭ ئالدىنقى ئېرىم چەت ئەللىك ئىدى! — دېدى يەنە بىرسى كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇ دېگەن چەت ئەللىك باي ئىدى!

— ھەي، توغرا! ئىككىڭلارنىڭ باللىرىچۇ؟ چەت ئەلدە ئوقۇۋاتامدۇ قانداق؟ — تۇيۇقسىزلا ئۇلارنىڭ ئېسىگە باللىرى كەلدى.

بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ۋىچىرلىشىپ، جاۋۇلدىشىپ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ پارىڭىغا چۈشۈپ كېتىشتى...

(«فېلىيەتونلار گېزىتى»نىڭ 2014 - يىل 24 - فېۋرال، 28 - فېۋرال، 30 - مارت، 16 - ئىيۇل سانلىرىدىن
**راخمانجان رۇسۇل سۇلتانى** تەرجىمىسى)

## ئادەمگە قاراشتا ئۇنىڭ تەقى - تۇرقىغا قارىماسلىق كېرەك

جاڭ شياۋپىڭ

گارسىيا. ماركوز كولۇمبىيەنىڭ داڭلىق يازغۇچىسى بولۇپ، ئۇ ياش ۋاقتىدا ئۆزى تەنھا پارىژغا قېچىپ بېرىپ پاناھلىنىدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا سېرىق سىنتىمۇ يوق بولۇپ، فرانسۇزچىنى بىلمىگەچكە، تەرەپ - تەرەپتە سەرگەردانلىق تۇرمۇشنى كەچۈرۈپ، كونا گېزىتلەرنى يىغىپ سېتىپ تۇرمۇش ئۆتكۈزىدۇ.

بىر قىشتا ماركوز سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان سوغۇق دەستىدىن بىر قۇچاق گېزىتنى قۇچاقلىغان پېتى فىزلاند مېھمانخانىسىغا كىرىۋالدۇ. ئايال غوجايىن ئۇنىڭ ئۇستىباشلىرىنى كۆرۈپ ئۇنى ھەيدەپ چىقارماقچى بولغاندا ئەر غوجايىن لاكلۇۋا خوتۇنىنىڭ قولىدىن تارتىپ ئۇنى ئەيىبلەيدۇ ھەمدە ماركوزنى مېھمانخانىنىڭ يەر ئاستى ئۆيىدىكى ئەسكى - تۈسكىلەرنى قويىدىغان جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

بۇنىڭ بىلەن ماركوز مېھمانخانىدا ۋاقىتلىق پاناھلىنىپ، كونا گېزىت سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىدۇ. ئەمما ئايال غوجايىن دائىم ئۆي ئىجارىسىنى سوراپ، پۇلنى ئالالماي ئۇنى ھەيدەپ چىقارماقچى بولىدۇ. ماركوز نېمە قىلارىنى بىلمەي تەڭقىسلىقتا قالغاندا لاكلۇۋا ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ، ئەيىنى چاغدا ئۇنى ئېلىپ قالغاندىكى گەپلەر بىلەن خوتۇنىغا يالۋۇرىدۇ. ئايال غوجايىن ماركوزنىڭ ئەھۋالىنىڭ كۈندىن - كۈنگە يامانلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىجارە ھەققىنى سۆيلەشتىن يانىدۇ. خېلى بىر مەزگىلدىن كېيىن ماركوز ئۇ جايدا تۇرۇۋەرگەندە ھامان ئىجارە تۆلىيەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، بىر كېچىدىلا غايىپ بولىدۇ. بۇنى كۆرگەن ئايال غوجايىن بولۇشىغا ئۇنى تىللايدۇ، ئەر غوجايىن لاكلۇۋا يەنىلا بۇرۇنقىدەك ياخشى گەپلەر بىلەن ئايال غوجايىنغا تەسەللى بېرىپ ئۇنى توسايدۇ، ئايال غوجايىن ماركوزنىڭ ھامان بىر كۈنى قېچىپ كېتىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئېرىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىدىن ئۇنى ئېلىپ قالغانلىقىنى ماركوز چۈشىنىدۇ.

1967 - يىلى ماركوز «يۈز يىل غېرىبلىق» دېگەن رومانىنى ئېلان قىلىپ ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا زور ئۆزگىرىش بولىدۇ، ئۇ ئەيىنى چاغلاردىكى شەپقەتنى ئېسىدە تۇتۇپ مېھمانخانىغا كېلىپ، ئىجارە ھەققىنى تۆلىمەكچى بولىدۇ. ئۇ چاغدا لاكلۇۋا ئاللىبۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ، ئايال غوجايىن ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىگەندەك ماركوزغا سىنچىلاپ قاراپ، ھەرقانچە قىلىپمۇ كۆز ئالدىدا تۇرغان بۇ مۆتىۋەر بىلەن ئەيىنى چاغدىكى سەرگەردانىنى بىر - بىرىگە زادىلا باغلىيالمايدۇ. ماركوز ئايال غوجايىنغا بىر مۇنچە رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن ئۆزىنى تۇتالماي سورايدۇ:

— ئەيىنى چاغدا لاكلۇۋا كۆپ قېتىم سىزگە مېنى ئېلىپ قېلىشقا ئۈندىگەندە ئۇ زادى سىزگە نېمىلەرنى دېگەنىدى؟

ئايال غوجايىن بىر ئاز مەڭدەپ قالغاندىن كېيىن كۈلۈپ كېتىپ دەيدۇ:

— ھەي، ئۇ كالۋا ھەر قېتىم سىزنى ئېلىپ قېلىش توغرىلىق نەسىھەت قىلغاندا «ئادەمگە قاراشتا ئۇنىڭ تەقى - تۇرقىغا قارىماسلىق كېرەك، ئاشۇنداق يەي دېسە يوق، كىيەي دېسە يوق بىر ئادەم، گېزىت دېگەننى سۇدەك راۋان ئوقۇيالايدىكەن، ئۇ ھامان بىر كۈنى چوڭ ئىش تەۋرىتىدۇ» دېگەن، ئۇ ئادەمگە باھا بېرىشتە قالتىس توغرا باھا بې-

رەتتى، قارىماسىز، ئۇ راستىنلا توغرا دەپتىكەن ئەمەسمۇ!

بىر ئادەمگە قاراشتا ئۇ كىشى ھەرقانچە پالاكەت باسقان (ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان) بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا مەن چوقۇم ياخشى ياشايمەن دېگەن روھ بولسىلا ھەرقانچە جاپا تارتسىمۇ ھامان بىر كۈنى باش كۆتۈرۈپ چىقالايدۇ.

«ھاياتلىق ۋاقىت گېزىتى»نىڭ 2014 - يىل 1 - ئىيۇل سانىدىن.

## ئارزۇ قەبرىسى

موياڭ

قانداق قەبرە ئادەمنى ئەڭ جەلپ قىلىدۇ؟ مۇئەللىپنىڭ قارىشىچە، ھەرگىزمۇ ئۆتمۈشتىكى ئالتۇن - كۈمۈش، مال - دۇنيالارنى قوشۇپ دەپنە قىلىنغان پادىشاھلارنىڭ قەبرىسى ۋە ياكى ھازىرقى مۇھتەم گۈزەل، قىممىتى بىر قانچە مىليون يۈەنگە يېتىدىغان ھەشەمەتلىك «يەرلىك زومىگەر»لەر قەبرىسى بولماستىن، بەلكى سانسىزلىغان قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئىختىساسلىقلار، قابىلىيەتلىكلەر قەبرىسى — ئارزۇ قەبرىسىدۇر.

مۇنداق بىر رىۋايەت بار: پادىشاھ ئۆزىگە بىر ئۆمۈر سادىق بولۇپ، ياخشى خىزمەت قىلغان مالىيغا رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن:

— سەن ئالدىڭغا قاراپ يۈگۈرگىن، يۈگۈرۈپ ئايلىنىپ كۈنپېتىشتىن ئاۋۋال قايتىپ كەل، شۇ چاغدا سەن ئاياغ باسقان زېمىننىڭ ھەممىسى ساڭا تەۋە بولىدۇ! — دەپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان مالايىنىڭ خۇشاللىقىدىن ئاغزى - قۇلىقىغا يېتىپتۇ - دە، خۇددى مېڭىسىدىن ئازغان ئادەمدەك تېز يۈگۈرۈپ، كۈنپېتىشتىن ئاۋۋال نۇرغۇن جاينى ئايلىنىپ قايتىپ كەپتۇ، ئۇ بەك تېز ھەم بىر كۈن توختىماي يۈگۈرگەچكە، قايتىپ كېلىپلا ھالىدىن كېتىپ زادىلا ئورنىدىن تۇرالماي ئۆلۈپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئۇنى شۇ جايغىلا دەپنە قىپتۇ. ئۇ بەك كۆپ نەرسىنى ئارزۇ قىلىپ، بەك كۆپ جايغا ئېرىشىشنى ئويلىغىنى ئۈچۈن جېنىنى سېلىپ بېرىپتۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئارزۇ قىلغىنى بىر قەبرىلىك جايلا بولۇپ قاپتۇ.

ئارزۇ قىلىش ئەمەلىيەتتە يامان ئىش ئەمەس، ئادەمدە ئارزۇ بولۇش نورمال ئىش، ئادەم دۇنياغا كەلگەنىكەن ئارزۇ بىلەن ھاياتلىق بىر - بىرىگە باغلانغان بولۇپ، ئارزۇ قانچە يۇقىرى بولغانسېرى ئىنتىلىش شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. ئارزۇ دېگەن ئادەمنى ئۈستىگە ئۆرلەشكە ئۈندەيدىغان پەلەمپەي، جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، ئارزۇسى يوق ئادەم، ئارزۇسى يوق جەمئىيەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە ھەرقانداق ئىشنىڭ بىر چېكى بولغىنىدەك ئارزۇنىڭمۇ چېكى بولىدۇ. ئەگەر چەكتىن ئېشىپ كەتكەن ھامان ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش تەس بولىدۇ - دە، ئۇنداق ئارزۇ بىر شەيتانغا ئايلىنىدۇ. ئۇ شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن ھوقۇق ئارزۇسى، پۇل، مال - مۈلۈك ئارزۇسى، ئىشق ئوتى ئارزۇسى تۇغۇلۇپ، ئۇنى كونترول قىلالماي، تېخىمۇ يامان، ئەسكى كەيپىياتنى شەكىللەندۈرىدۇ ياكى ھېچقانداق ۋاستە تاللىماي خىيانەت قىلىدۇ، چىرىكلىشىدۇ ۋە ياكى ۋىجدانىنى يوقىتىپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىدۇ، ئىنتىزامنى بۇزىدۇ ياكى كەيپ - ساپا، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ، ئۆزىنى - ئۆزى خاراب قىلىدۇ...

ئادەم ئارزۇنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالسا، مەڭگۈ قانائەتلەنمەيدۇ، مېنىڭغۇ مېنىڭ، سېنىڭمۇ مېنىڭ، ئەڭ ياخشىسى پۈتۈن دۇنيادىكى ھەممە نەرسە مېنىڭ دەپ تېخىمۇ ئاچكۆزلىشىپ، «كۈنبويى قورساق بېقىشنىڭ كويىدا بولىدۇ، قورسىقى تويغاندىن كېيىن كىيىم - كېچەكنىڭ غېمىنى قىلىدۇ، كىيىم - كېچەكنىڭ غېمى تۈگىگەندىن كېيىن، تۇرىدىغان ئۆينىڭ غېمىنى قىلىدۇ، ئۆي تەييار بولغاندىن كېيىن توي قىلىشنىڭ غېمىنى قىلىدۇ. توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن سىرتلارغا چىققاندا مىنىدىغان ئاتنىڭ غېمىنى قىلىدۇ...

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى تەييار بولغاندىن كېيىن تەختكە ئولتۇرۇشنىڭ غېمىنى قىلىدۇ»غان گەپ.

كىچىك چېغىمدا چوڭلاردىن مۇنداق بىر ھېكايىنى ئاڭلىغاندىم، بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر ئېگىز تاغ بار ئىكەن، ئۇ تاغدا بىر غار بولۇپ، غاردا ناھايىتى چوڭ خەزىنە بار ئىكەن، ئۇ خەزىنىدە نۇرغۇن ئۈنچە - مەرۋايىت، ئالتۇن - كۈمۈش، جاۋاھىراتلار بار ئىكەن. ھەرقانداق ئادەم ئاشۇ خەزىنىگە ئېرىشەلىسىلا، دۇنيادا تەڭدىشى يوق بايغا ئايلىنىپ، ئېسىلزادە تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولالايدىكەن. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئادەم ئۇنىڭغا ئېرىشىش مەقسىتىدە تاغقا چىقىپ غارنىڭ ئاغزىغا بېرىشغىلا غارنىڭ ئىچىگە «ئۇچۇپ كىرىپ» كېتىپ چىقالماپتۇ، ئەمما بۇنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ يەنە نۇرغۇن كىشى يەنە ئاشۇ يەرگە ئىنتىلىپ تاغقا چىقىپتۇ.

كېيىن ئالىملارنىڭ بايقىشىچە، ئۇ تاغدا ئاجايىپ چوڭ بىر بوغما يىلان يوشۇرۇنۇۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاغزى ئاشۇ خەزىنە بار «غار ئاغزى» ئىكەن.

ئۇزاقتىن بۇيان ئاشۇ خەزىنە ئامبىرىنىڭ ئىسمىنى تاپالماي كېلىۋاتاتتىم. بىراق بۈگۈن قاتتىق ئويلىنىپ ئۇنىڭ ئاشۇ بىز گېپىنى قىلغان ئارزۇ قەبرىسى ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

(«فېلىيەتونلار گېزىتى» 2014 ـ يىل 1 ـ ئىيۇل سانى 1 ـ بەتتىن **راخمانجان رۇسۇل سۇلتانى** تەرجىمىسى)

تىلماچ: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپى پەيزاۋات شۆبىسىدە.

## تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى

ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك:

1. ئاپتورلار كونۋېرتقا ۋە ئەسەرگە ئىسىم ـ فامىلىسى، كەسپى، ئادرېسىنى ئۇيغۇر، خەنزۇ يېزىقلىرىدا ئېنىق ۋە تەپسىلىي يېزىشى، ئالاقىلىشىشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن تېلېفون ۋە يانفونى بارلار ئەسكەرتىپ قويۇشى كېرەك.

2. ئەسەرلەر ئۆلچەملىك ماقالە ياكى ئىش قەغىزىگە قۇر ئارىلىقى كەڭ، ئىملا قائىدىسىگە ئۇيغۇن يېزىلىشى كېرەك، بەتنىڭ ئاستى ـ ئۈستىدىن مۇۋاپىق ئاق تاشلانمىغان، ئالدى ـ ئارقىسىغا يېزىلغان، ئىملاسى سەت، قۇر ئارىلىقى زىچ، سۆز ـ جۈملىلەر گىراماتىكا قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ، كومپيۇتېردا باستۇرۇپ ئەۋەتىش شەرت ئەمەس.

3. ئەسەرلەردە ئېلىنغان ستاتىلارنىڭ ئاپتورلىرى، بېسىلغان كىتاب، گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ نەشر قىلىنغان ۋاقتى، نەشر قىلغان نەشرىياتلار ئېنىق، توغرا، ئەينەن ئەسكەرتىلىشى كېرەك، مەزكۇر تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

4. تەرجىمە قىلىنغان ياكى نەشرگە تەييارلانغان ئەسەرلەرنى ئەۋەتكەندە مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ياكى كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئەۋەتىش بىلەن بىرگە، نەشر قىلغان گېزىت ـ ژۇرنال، نەشرىياتلارنىڭ نەشر قىلغان ۋاقتى، نەشر خاتىرىسىنى قوشۇپ قويۇشى كېرەك. بۇ تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

5. يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ئاپتورلار، بولۇپمۇ دېھقان ئاپتورلار ئۆز ئادرېسلىرىنى يازغاندا، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق كەنتلەرنى ئانچىنچى كەنت، مۇنچىنچى كەنت دەپ سان ـ رەقەم بىلەن ئالماي، شۇ يەرلىك ھۆكۈمەت ئۇرناتقان يەر ـ جاي ناملىرى تاختىسىدا يېزىلغىنى بويىچە ئەسلىي ئاتىلىشى بىلەن ئۆز ئەسەرلىرىگە توغرا يېزىشى كېرەك.

6. ئاپتورلار ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ژۇرنالغا بېرىلگەن ياكى بېرىلمىگەنلىكىنى ژۇرنالدىن كۆرۈۋالسا بولىدۇ، تېلېفون بېرىپ سۈرۈشتۈرۈش ھاجەت ئەمەس، زۆرۈر تاپسا تەھرىراتىمىز ئاپتورلار بىلەن ئۆزى ئالاقىلىشىدۇ.

7. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە، رۇخسىتىمىزسىز تورغا چىقىرىشقا، توپلام تۈزۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ قانۇن بويىچە جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رادىيو ئىستانسىلىرى ژۇرنىلىمىزدىكى ئەسەرلەرنى ئاڭلاتقاندا ژۇرنىلىمىزدىن ئېلىنغانلىقىنى ئەسكەرتىشى كېرەك.

8. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردىن ئۆزگەرتىش ۋە تولۇقلاشقا تېگىشلىك دەپ قارالغانلىرىدىن باشقىلىرى بىردەك قايتۇرۇلمايدۇ. شۇڭا ئاپتورلار ئەسەر ئەۋەتكەندە ئۆزىدە بىر نۇسخا ساقلاپ قېلىشى كېرەك.

9. پوچتىدىن قەلەم ھەققى سېلىشتا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە كىملىكىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئۆز يازمىسىغا چاپلاپ ئەۋەتىشى كېرەك.

ـــ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# بازار باشلىقىنىڭ ھېكايىلىرى

ياقۇپ كېرەم

(بازار باشلىقى ئىسھاق تاھىرنىڭ ئىش - ئىزلىرىدىن قىسقىچە خاتىرە)

تەھرىر ئىلاۋىسى: ئەلگە مەشھۇر باغداش تاغلىرى ۋە باغلىرىدىن باشلانغان شەرقىي تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي باغرىغا جايلاشقان پايانسىز زېمىندا قومۇل شەھىرىگە قاراشلىق قارادۆۋە بازىرى بار. بۇ يەردىن 3200 يىللىق تارىخقا ئىگە قەدىمكى مەدەنىيەت بازىسى بايقالغان. مانا مۇشۇ مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئەتراپىدا نەچچە مىڭ يىللىق يېزا پەن - تېخنىكىسىنىڭ جۇلالىق جاۋاھىراتلىرى قەدىمكى تۇرالغۇ، نان مەدەنىيىتىمىز، كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىمىز ۋە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى مەدەنىيىتىمىز ھەققىدە ھېلىدىن - ھېلىغا ئۈزۈك - ئۈزۈك ھېكايىلەرنى سۆزلەپ تۇرىدۇ. بۇ «ھېكايە»لەرنى مۇشۇ يەرنىڭ ئىگىلىرى بولغان قارادۆۋە خەلقىنىڭ ئەجدادلىرى ئەۋلادلىرىغا قالدۇرغان...

بۈگۈنكى كۈندە ئاممىۋى لۇشيەن تەربىيەسى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كەڭ قانات يېيىۋاتقانلىق ھەققىدىكى يېڭى ھېكايىلەر تېخىمۇ كۆپەيمەكتە. ئۇنىڭ مەزمۇنى كۆپ ساھەگە، كۆپ كىشىلەرگە چېتىلىدۇ. ئۇنىڭ پېرسوناژلىرى دېھقانلارنى، كادىرلارنى، تىجارەتچىلەرنى ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىكنى ئاساس قىلىپ تۇرمۇش داۋاملىشىۋاتقان بۇ مۇقەددەس زېمىندا سۇ، تۇپراق مەسىلىلىرى ئاممىنىڭ كادىرلارنىڭ بىۋاستە مۇناسىۋىتىگە بېرىپ تاقىلىدىغان مۇھىم مەسىلىدۇر. ئامما بىلەن كادىرلارنىڭ ئۆزئارا قوللاشنى قولغا كەلتۈرۈش مەسىلىسى ھەممىلا كادىرنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئادەتتىكى مەسىلە ئەمەس.

ئامما بىلەن كادىرلار سۇ بىلەن بېلىقتەك يېقىن بولالىغاندىلا ئىناق، مۇقىم ۋەزىيەتنىڭ ئىللىق ھارارىتىنى ھېس قىلالايدۇ. ھەربىر قەلب ئىگىسىنىڭ ۋۇجۇدىغا شادلىق ۋە خاتىرجەملىك، ئىشلىرىغا ئاسايىشلىق، دىلىغا قايىللىق بېغىشلىيالايدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سان بۇ سەھىپىسىدە يازغۇچى ياقۇپ كېرەم يازغان «بازار باشلىقىنىڭ ھېكايىلىرى»نى ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇق. بۇ ھېكايىلەر گەرچە ئادەتتىكى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۇرمۇشتىكى قىممىتى ھەر بىر ياشىغۇچىغا نىسبەتەن مۇھىم، تەجرىبىدەك بىلىم بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس. «بىزگە قانداق كادىرلار كېرەك» دېگەن بۇ سوئال ھەر بىرىمىزنىڭ ئىش ئورنىدا ئۆز كەسپىمىزگە ماس ھالدا يېڭى سوئال تەرىقىسىدە جارائلاپ تۇرسا تېخىمۇ ئەجەب ئەمەس.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

## بىزگە قانداق كادىرلار كېرەك

بۇلبۇل ئېيتۇر، گۈلزارىمدىن ئايرىما،
لاچىن ئېيتۇر، قاناتىمنى قايرىما،
مەن ئېيتۇرمەن، بىلىق سۇسىز نە قىلسۇن،
مېنى خەلقىم قۇچاغىدىن ئايرىما.

— ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

2014 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى باشقا يۇرتلاردىكى
ئەل ـ ئاۋام ئۈچۈن ئادەتتىكى كۈن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما،
قومۇل دىيارى بولۇپمۇ قارادۆۋە بازىرى ئۈچۈن بۇ ئادەتتە-
كى كۈن ئەمەس. ھېچكىممۇ بۇ كۈننىڭ ئۇلار ئۈچۈن مۇسى-
بەتلىك، ئازاب ـ پەرياتلىق بىر كۈنگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى
ئويلاپ باقمىغان. شۇنداق، ئەشۇ كۈنى قارادۆۋە خەلقىگە تۇ-
يۇقسىز يېتىپ كەلگەن بىر شۇم خەۋەر قارادۆۋە خەلقىنىڭ
تېپتىنچ كۆڭۈل ئارامىنى بۇزۇپ، يۈرەك ـ باغرىنى خۇن
قىلدى، ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياشنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش-
لارنى ئاققۇزدى. ھەممە ئادەم ئوچۇق ئاسماندا چاقماق چاق-
قاندەك، رەھىمسىز جۇدۇن ـ شۇۋرغان تۇيۇقسىز باستۇرۇپ
كەلگەندەك تۇيغۇغا كېلىپ، كوچا ـ كويدا بولۇنۇۋاتقان گەپ ـ
سۆزلەرگە ئىشىنىشنى ياكى ئىشەنمەسلىكنى بىلەلمەي قېلىش-
تى. بازار باشلىقى ئىسھاق تاھىر ماشىنا ۋەقەسىدە قازا قىپتۇ،
دېگەن بۇ مۇسىبەت خەۋىرى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، مە-
ھەللىدىن ـ مەھەللىلەرگە تارقىلىپ، يېتىپ بارغانلىكى جايدا
چىداش تەس بولغان قايغۇ ـ ئازابلىق ۋە ۋەھىملىك كەيپىيات-
نى پەيدا قىلاتتى. كىشىلەر بۇ خەۋەرنىڭ يالغان بولۇپ چىقى-
شىنى ئۈمىد قىلىشتى. خەۋەرنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى ئاڭقىرال-
ماي، قابىلىيەتلىك ۋە سۆيۈملۈك بازار باشلىقى ئىسھاق تاھىر
ھەققىدىكى بۇ گەپ ـ سۆزلەرنىڭ قايسىدۇر بىر نائەھلى
تاپقان بىمەنە چاقچاق بولۇپ چىقىشىنى تىلەيتتى. شۇنداق ئۇ
تېخى تۈنۈگۈنلا دېھقانلار بىلەن ھال ـ مۇڭ قىلىشىپ،
ئۇلارنىڭ قانداق قىيىنچىلىقتا يولۇققانلىقىنى، ھەل قىلالمايۋات-
قان قانداق مەسىلىلىرى بارلىقىنى سوراپ يۈرگەن ئەمەسمى-
دى؟ ئۇ تېخى ئەتىگەندىلا بازارلىق ھۆكۈمەت كادىرلىرى
بىلەن قارادۆۋە بازىرىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ۋە ئىستىقبالى
ھەققىدە مەسلىھەت ـ كېڭەشتە بولغان ئەمەسمىدى؟ ئۇ تېخى
بىر ئاش پىشىم ئىلگىرىلا ئايالى ۋە باللىرى بىلەن بىللە
بولۇپ، باللىرىغا دادىلىق كۆيۈمىنى يەتكۈزگەن ئەمەسمى-
دى؟ ۋا دەرىخا! تەغدىر ـ قىسمەت شۇنداقمىدۇ؟ رەھىمسىز
تەقدىر ئىسھاق تاھىرغا راستىنلا قارا قولىنى سوزغانمىدۇ؟!

ئەمما، ھېچكىم ئويلاپ باقمىغان شۇم خەۋەرنىڭ راستە-
نلا رېئاللىق ئىكەنلىكى ئايان بولغاندا، ئىسھاق تاھىرنىڭ
يۇرتداشلىرى، ئۇرۇق ـ تۇققان، دوست ـ بۇرادەرلىرى، ئەڭ
مۇھىمى مەرھۇم ئىسھاق تاھىر خىزمەت قىلىۋاتقان يۇرت ـ قا-
رادۆۋە بازىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقى قۇلاقلىرىغا ئىشىنەل-
مەي قېلىشتى، گاڭگىراشتى، تەمتىرەشتى، پەرياد چېكىپ ئاھ
ئۇرۇشتى. ئىسھاق تاھىرنىڭ مۇشۇنداق تازا قىران پەسلىگە
تولغان ۋاقتىدا، بىمەھەل تۇگەپ كېتىشىنى كىم تەسەۋۋۇرىغا
سىغدۇرالسۇن؟! ئۇنىڭ ئەقىل ۋە ھېكمەتكە تويۇنغان كىشى-
لىك تۇرمۇشىنىڭ ئالتۇن پەيتىدە، بۇ دۇنياغا خوش ئېيتىشىنى
كىممۇ قوبۇل قىلالىسۇن؟! ئەل ـ ئاۋام ئۈچۈن ئىشلەۋاتقان،
يەنە نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىشنى كۆڭلىگە
پۈكۈپ، قەتئىي ئىرادىگە كەلگەن ۋاقتىدا، ئەل ـ ئاۋامنى
داغدا قويۇپ، ئۇ ئالەمگە كېتىشىگە قارادۆۋە خەلقى قانداقمۇ
بەرداشلىق بېرەلىسۇن؟! ياق... ياق... بۇ ئازاپقا قارادۆۋە
خەلقى بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. ساقا خەلقى بەرداشلىق بېرەل-
مەيتتى، پۈتكۈل قومۇل خەلقى بەرداشلىق بېرەلمەيتتى
ئەمما، ئەجەل دېگەن شۇنداق نەرسە، بەرداشلىق بەرمەي
ئىلاج يوق، ئالەمچە ئازابنى كىچىككىنە يۈرەكلەرگە سىغدۇ-
رۇپ، رەھىمسىز تەقدىرنىڭ قىسمىتىنى قوبۇل قىلماقتىن باشقا
نېمە ئامال بولسۇن؟! ئىشى بارلار ئىشىنى تاشلاپ، بىكار
تۇرغانلار جىددىيلىشىپ، قوللىرىغا تېلېفون ـ يانفۇنلىرىنى ئېلى-
شىپ، بىر ـ بىرىگە جىددىي تەرىزدە بۇ مۇسىبەت خەۋىرىنى
يەتكۈزۈشتى.

ـ بازار باشلىقىمىز ئىسھاق تاھىر تۈگەپ كېتىپتۇ.

ـ ئاھ... نېمە دەيدىغانسەن؟

ـ رەھىمسىز ئەجەلنىڭ مۇشۇنداق ئېسىل ئادەمنىڭ بې-
شىغا كەلگىنىنى قارىمامدىغان، ۋاي ئىسىت...

ـ قارادۆۋە خەلقى يارامىلىق بىر كادىرىدىن ئايرىلىپ
قالدى.

ـ بۇ خەۋەر راستمىدۇ؟ كىشىنىڭ ھەقىقەتەن ئىشەنگۈ-
سى كەلمەيدۇ.

ـ ئالامەت باشلىق ئىدى ـ دە، ئۇ!

ـ ئېسىل پەزىلەتلىك كىشى ئىدى، ياتقان يېرى جەننەت-
تە بولسۇن!

ـ مەرھۇمنىڭ نامىزىنى ئەتە ئۆز يۇرتى ساقىدا چۈشۈ-

ردىغان بوپتۇ!

– بارايلى!

–بارمىساق بولمايدۇ!

– بازار باشلىقىنىڭ نامزىتغا قاتنىشىپ، تاۋۇتنى كۆتۈ-
رۈپ ماڭمىساق ئۇنىڭغا قانداق يۈز كېلەلەيمىز!

ئەتىسى سەھەردە، تېخى ئۇپۇقنىڭ يۈزى ئاقارماستا،
قارادۆۋە بازىرىدىن بەش مىڭدىن ئوشۇق ئاما ئۆزلىكىدىن
تەشكىللىنىپ بولدى، ئادەم بىلەن لىق تولغان پىكاپ، مىنو-
بۇس، ھەتتا موتوسىكلىت قاتارلىق قاتناش قوراللىرى
مەرھۇم ئىسھاق تاھىرنىڭ يۇرتى — 100 كىلومېتىر يىراقلىقتى-
كى قومۇل ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىغا قاراپ سەلدەك ئاقتى.
مەيلى قېرى- ياش، ئەر- ئايال بولسۇن، ئىسھاق تاھىر بىلەن
ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ۋىدالىشىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ
قويۇشنى خالىمايتتى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە، يۈرىكىدە سۆيۈمـ-
لۈك بازار باشلىقى — ئىسھاق تاھىرغا بولغان قىيالماسلىق
ھېسسىياتى كۆۋەجەپ تۇراتتى. قارادۆۋە خەلقى ئىسھاق تا-
ھىردەك سۆيۈملۈك، تىرىشچان رەھبىرىنى ئۆز قوللىرى
بىلەن يەرلىككە قويمىسا، ئۇنىڭ باقى ئالەمدىكى روھىغا
جەننەت تىلەپ دۇئا قىلمىسا، مەڭگۈلۈك ھەسرەتكە قېلىپ
كۆڭلى زادىلا ئارام تاپمايدىغاندەك ھېس قىلىشاتتى. قارادۆ-
ۋە خەلقىلا ئەمەس، قومۇلدىكى بەش شەھەر، ئون ئىككى
تاغدىكى مەرھۇم ئىسھاق تاھىرنى تونۇيدىغان، ئىسھاق تا-
ھىرنىڭ مۇبارەك نامىنى ئاڭلىغان، ئىسھاق تاھىرنىڭ غەمـ-
خورلۇقى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشكەن بارلىق كىشىلەر،
كۆيدۈرگۈچ ئاپتاپقا قارىماي ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى
ئىسھاق تاھىرنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلماقتا ئىدى. شۇ
كۈنى ئادەمنىڭ كۆپلىكىدىن ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى ئادەم
دېڭىزىغا ئايلانغان دېسەك ئوشۇق كەتمەيتتى. بۇ يەرگە كەل-
گەنلەرنىڭ ئىچىدە مەرھۇم ئىسھاق تاھىرنى تونۇيدىغان ۋە
بىلىدىغان، مەرھۇم بىلەن يۈز تۇرانە پاراڭلىشىپ باقمىغان
بولسىمۇ، مەرھۇمنىڭ ئىش- ئىزلىرىنى، ئېسىل پەزىلىتىنى
ئاڭلاپ، كۆڭلىدە غايىبانە ھۆرمەت قوزغالغان ھەر خىل كە-
سىپتىكى، ھەر خىل ياشتىكى ئادەملەر بار ئىدى. قارادۆۋد-
ىدىن، ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىدىن، چەت- يىراق تاغ- تۈز،
يېزا- قىشلاقتىن بولۇپ، چوڭقۇر ئازاب ۋە ھۆرمەت بىلەن
ھازا ئېچىپ كەلگەن ئەنشۇ ئادەملەرنىڭ تىلەك- ئىلتىجاسى،
مەقسەت- مۇددىئاسى پەقەت بىرلا ئىدى. ئۇ بولسىمۇ
مەرھۇم ئىسھاق تاھىرنىڭ جىنازا نامزىتغا قاتنىشىپ، مەرھۇمـ-
غا بولغان سېغىنىشنى، ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈش ئىدى، مەرھۇمـ-
نى مەڭگۈ ئۆز كۆڭۈللىرىدە يادلايدىغانلىقىنى ئىپادە قىلىش
ئىدى، مەرھۇم باقى ئالەمگە كېتىۋاتقان شۇ پەيتتە، ئۇنىڭ
روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىۋېلىش ئىدى. ئۆي ئىچىدە، يولدا،
تېرەك تۈۋىدە، مەرھۇمنىڭ نامزىتغا قاتنىشىشنى ساقلىشىۋاتـ-
قان ئاشۇ كىشىلەر مەرھۇم ئىسھاق تاھىرنىڭ ياخشى پەزىلەتـ-
لىرىنى، ئاق كۆڭۈللىكىنى، خەلققە بولغان كۆيۈمچانلىقىنى
سۆزلىشەتتى، ماختىشاتتى، ئەسلىشەتتى. مەرھۇمنىڭ تازا
قىران (42 ياش) مەزگىلىدە، ئەڭ مۇھىمى خەلققە تېخىمۇ پايـ-
دىلىق، تېخىمۇ مەنپەئەتلىك خىزمەتلەرنى ئىشلەشنى كۆڭلىگە
پۈككەن ئۇشبۇ دەمدە، ئۇ ئالەمگە كېتىپ قېلىۋاتقانلىقىدىن
يۈرەكلىرى ھەسرەتكە تولۇپ، ئەپسۇسلۇق ئىلكىدە باشلىرىـ-
نى چايقىشاتتى، ئېغىر- يېنىك تىنىشىپ، سەۋرچان بولۇشقا تىـ-
رىشاتتى. بىر- بىرىگە تەسەللى بېرىشەتتى. ئىسھاق تاھىرنىڭ
ئۆز ئانىسىدەك مۇئامىلىسىگە، ياردىمىگە ئېرىشكەن، قارادۆ-
ۋىدىن كەلگەن ئايپاق لىچەكلىك، ئايپاق چاچلىق بىر قىسىم
مومايلار نۇرسىز كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى ياغلىقىنىڭ
ئۇچى بىلەن ئېرتىپ ئۇلگەرتەلمەيتتى. ئىسھاق تاھىرنىڭ سە-
مىمىي ھۆرمىتىگە، كۆيۈنۈشىگە، غەمخورلۇقىغا ئېرىشكەن سا-
لاپەتلىك بوۋايلار باشلىرىنى ھەسرەت بىلەن چايقىشىپ، ئۆز
ئوغلىغا ئوخشاش يېقىن ئۆتۈشكەن ئىسھاق تاھىرنىڭ باقى
ئالەمگە كېتىۋاتقانلىقىغا قىيالماي قېلىشىۋاتاتتى. مەيلى دېھقان
بولسۇن، مەيلى كادىر بولسۇن، قەدىناس دوستىدەك، قان-
قېرىنداشتەك بولۇپ، كۈلكە- چاقچاقتا، سۆھبەت مۇلاقەتتە
بولۇشقان مەرھۇمنىڭ قۇرداش ئاغىنىلىرى مەرھۇم بىلەن نې-
مىشقىمۇ كۆپرەك بىللە بولالمىغانلىقىدىن ئۆكۈنۈشۈپ، ھاياتـ-
نىڭ قەدرىنى، ئىنسانىنىڭ قىممىتىنى چۈشەنگەندەك بولۇشاتـ-
تى. شۇنداق، بۇ يەرگە يىغىلغان ھەممە ئادەمنىڭ كۆزىدە مۇ-
سىبەت ياشلىرى تاراملايتتى، ھەممە ئادەمنىڭ چېھرىدە
ھەسرەت كۆلەڭگىسى ئەلەڭگىيتتى، ھەممە ئادەمنىڭ يۈرىكـ-
دە پىغان- پەريادلىرى يۇرۇقلايتتى...

ھەيھات! مەرھۇم ئىسھاق تاھىرنىڭ ئانا يۇرتى — ساقا
دېھقانچىلىق مەيدانى بۇنداق ھەيۋەت ۋە ھۆرمەت بىلەن
باقى ئالەمگە ئۇزىتىلغان مەنزىرىنى ئۆز تۇپرىقىدا تېخى
كۆرۈپ باقمىغاندۇ؟! شۈبھىسىزكى، شۇ كۈنى مەرھۇم
ئىسھاق تاھىرنىڭ مېيىتى سېلىنغان تاۋۇت ئون مىڭلىغان

ئادەم دېگىنىدا يېنىك تەۋرىنىۋاتقان قولۋاقتەك قەبرىستانلىققا
ئېلىپ مېڭىلغىنىدا، ساقا دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى كىشىلەر
سۆيۈملۈك ئوغلى ئىسھاق تاھىردىن پەخىرلەنمەي، ئۇنىڭدىن
سۆيۈنمەي تۇرالمىدى! ئۆز باغرىدا نۇرغۇن باھادىر پالۋان-
لارنى، نۇرغۇن ئەلسۆيەر ئەزىمەتلەرنى يېتىشتۈرگەن ساقا
دىيارى ئەجدادلىرىنىڭ ئىزىنى باسقان ئوغلى — ئىسھاق تا-
ھىردىن پەخىرلىنىشكە تامامەن ھەقلىق. سۆيۈملۈك رەھبىرى-
دىن، يول باشچىسىدىن، پاسىبانى، غەمگۇزاردىن ئايرىلغان
قارادۆۋە خەلقى ساقا دىيارىغا رەخمىتىنى بىلدۈرىدۇ! قارادۆ-
ۋە خەلقىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن جاپادىن قورقمايدىغان
مۇنەۋۋەر بىر كادىرنى ئەۋەتىپ بەرگەن ئائىلىسىگە رەھمىتى-
نى بىلدۈرىدۇ! قارادۆۋە خەلقىنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدىنى يەردە
قويماي، ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى تەقدىم قىلغان مۇشۇنداق
بىر ئوغۇلنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئىسھاق تاھىرنىڭ ئاتا - ئانى-
سىدىن قارادۆۋە خەلقى سەممىمي ھال سورايدۇ ۋە ئۇلارغا
ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ. مىڭلارچە رەخمىتىنى بىلدۈرسىمۇ
ئازلىق قىلىدۇ! شۇ كۈنى يەنە نەچچە مىڭلىغان ئامىمنىڭ
بەس - بەستە ئىسھاق تاھىرنىڭ تاۋۇتىنى كۆتۈرۈپ، قەبرىس-
تانلىققا ئېلىپ كېتىۋاتقان كۆرۈنۈشىنى كۆرگەن ھەر قانداق
ئادەم، ياشاشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى ھەققىدە چوڭقۇر
ئوي - خىياللارغا چۆكمەي تۇرالمايدۇ، ئەلۋەتتە! خەلقنى
سۆيگەن، خەلق سۆيگەن كىشىلەرلا مۇشۇنداق قەدىرلىنىشكە،
ھۆرمەتكە ئېرىشەلەيدۇ. خەلق ئۈچۈن ئىشلەشنى ئۆزى
ئۈچۈن ئالىي مەقسەت قىلغان كىشىلەرلا مۇشۇنداق شان-
شەرەپكە ئېرىشەلەيدۇ. مەرھۇم ئىسھاق تاھىرنى يەرلىككە
قويۇش داۋامىدىكى بەھەيۋەت كۆرۈنۈشلەردىن بىز شۇنى
چوڭقۇر چۈشەندۇقكى، خەلق قەلبىنىڭ ھۆرمەت تۆرىدىن
ئورۇن ئېلىش دېگەن مۇشۇكەن! جان - دىل بىلەن خەلق
ئۈچۈن ئىشلەش دېگەن مۇشۇكەن! خەلقنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ،
سۆيىدە ئېقىش دېگەن مۇشۇكەن! خەلق ئامىمىسىنىڭ تىللاردا
داستان قىلغۇدەك باھادىر ئوغلى بولۇش دېگەن مۇشۇكەن!
مەرھۇم ئىسھاق تاھىر خەلق ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارى-
نى تەقدىم قىلىش ھېسابىغا، كېيىنكىلەرگە رىغبەت ۋە ئىلھام
بولغىدەك ئەنە شۇنداق روھىي بايلىق ۋە مەنىۋى بۇيۇكلۇك-
نى بىزگە قالدۇرۇپ، ئۇ ئالەمگە كەتتى.

تۆۋەندە بىز مەرھۇم ئىسھاق تاھىرغا مۇناسىۋەتلىك
بىر قىسىم ھېكايىلەرنى خەلق ئامىمىسىنىڭ ئۆز ئېغىزىدىن
ئاڭلاپ باقايلى.

ئىسھاق ئىمىن (قارادۆۋە بازىرى جۇمە مەسچىتىنىڭ
خاتىپى، دىنىي ئۆلىما) مەرھۇم ئىسھاق تاھىر كەمتەر، كۆيۈمـ-
چان، مېھرىبان، سەممىي ئادەم ئىدى. كېچە - كۈندۈز
خەلقنى ئويلايتتى، خەلقنىڭ سۆيىدە ئېقىپ، ئوتىدا كۆيەتتى.
مەن مەرھۇم ئىسھاق تاھىرنى يېقىن دوستۇم، سىرداشىم
دەپ قارايتتىم. باشقىلار مەندىن «ئىسھاق تاھىر سېنىڭ
قانداق دوستۇڭ بولىدۇ» دەپ سورىغاندا، مەن: «ئىسھاق
تاھىر نېمىشقا مېنىڭ دوستۇم بولمىغۇدەك، ئۇنىڭ ئىسمىمۇ
ئىسھاق، مېنىڭ ئىسمىمۇ ئىسھاق، گەرچە دادىمىزنىڭ ئىسمى
ئوخشىمىسىمۇ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىز ئوخشاش، كۆزلىگەن
مەقسىتىمىز ئوخشاش، ھەر ئىككىمىز قارادۆۋە خەلقى ئۈچۈن
ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشنى، قارادۆۋە خەلقىنىڭ تىنچ - ئامان
بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز» دەپ جاۋاب بېرەتتىم. مەرھۇم
ئىسھاق تاھىر قارادۆۋە خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ دىنىي ساھەدىكى
جامائەتنىڭ ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتۈشىنى كۆپ تەكىتلەيتتى،
ئىناق - ئىتتىپاق، تىنچ بولغاندىلا ھەر قانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا
چىقارغىلى بولىدىغانلىقنى چۈشەندۈرەتتى. ئۇ يەنە ئاجىز
ئورۇق، يېتىم - يېسىرلارغا كۆڭۈل بۆلەتتى، ئۇلارغا قارا
تى. ئۇنىڭ يېنىغا «دەرت» دەپ كەلگەن ھەر قانداق ئادەم
نى، مەيلى تونۇسۇن، تونىمىسۇن قۇرۇق قول قايتۇرمايتتى.
يېنىدا پۇل بولمىسا، باشقىلاردىن ئۆتنە ئېلىپ بولسىمۇ
ئۇلارغا بېرەتتى. بىر قېتىم مەن ئۇنىڭغا: «ئاداش ئۇنداق
قىلساڭ بولامدۇ؟سېنىڭمۇ ئائىلەڭ، بالا - ۋاقىلىرىڭ بار
تۇرسا، مائاشىڭنى بۇ ئادەملەرگە بېرىۋەتسەڭ، باللىرىڭ
نېمە يەيدۇ» دېسەم، ئۇ «مېنى ئىزدەپ كەلگەنلەرنىڭ قىيىن-
چىلىقى بولمىسا مېنى ئىزدەپ كېلەمدۇ، يەنە كېلىپ ئۇلار
بىزنىڭ خەلقىمىز تۇرسا،ئۇلارنى قانداقمۇ نائۈمىد قويالاي-
مەن» دېگەنىدى. ئۇ «خەلقنىڭ خۇشاللىقى مېنىڭ خۇشاللىقىم،
خەلقنىڭ ئازابى مېنىڭ ئازابىم» دەپ قارايتتى.

مەرھۇم ئىسھاق تاھىرنىڭ قارادۆۋە خەلقىگە قىلغانلىرى-
نى سۆزلىسەك بەك تولا. مەسىلەن، ئۇ ھەتتا ئىچكىرىدە تىجا-
رەت قىلىۋاتقان قارادۆۋىلىك باللارغىمۇ ئىنتايىن كۆڭۈل بۆ-
لەتتى. ئۆزى شەخسەن ئىچكىرىگە چۈشۈپ، باللارنىڭ
يېمەك - ئىچمەك، تۇرالغۇ جەھەتتىكى بىر قىسىم قىيىنچىلىقلى-
رىنى ئىگىلەپ، شۇ يەردىكى ساقچىخانا بىلەن سۆزلىشىپ، با-
للارغا ياخشى تىجارەت مۇھىتى يارىتىپ بەرگەن ئىدى. تې-

خىمۇ مۇھىمى، ئۇ يەنە قارادۆۋە بازىرىنىڭ ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى، پاراۋانلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارغا كۈچ چىقىرىپ، «ھەر بىر كەنتتە يەسلى بولۇش، شىپاخانا بولۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا خىزمەت قىلغان ئىدى. بىز قارادۆۋە خەلقى مەرھۇم ئىسھاق تاھىردىن مىڭ مەرتىۋە رازى.

ئۆمەر تالىپ (دېھقان، يەككە تىجارەتچى) مەن بىر يەككە تىجارەتچى. مۇنداقچە ئېيتقاندا دېھقان ۋاستىچىسى، مەن دېھقانلاردىن قۇرۇق مېۋە - چىۋە يىغىپ، ئىچكىرىگە ئەۋەتىپ بېرىۋاتقىلى ئۇزاق بولدى. مەن ئىلگىرى قارادۆۋە بازىرىغا كېلىپ خىزمەت ئىشلىگەن رەھبەرلەرنىمۇ كۆپ كۆرگەن. ئۇلار بىلەن كۆپ سۆھبەتلەشكەن. ئەمما، بازار باشلىقى ئىسھاق تاھىر ماڭا ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتتى. ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىش داۋامىدا، ئۇنىڭ كەمتەر، سەممىي، كىچىك پېئىل، چىن دىلىدىن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى مەقسەت قىلغان ئادەم ئىكەنلىكىنى بايقىدىم، يەنە كېلىپ، ئۇ مەن بىلەن قۇرداش كېلىدىكەن، شۇنداق بولغاندىكىن، مەن تارتىنمايلا تىجارەت داۋامىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلىرىمنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم. ئۇ ئىككىلىنىپ ئولتۇرمىدى، مېنىڭ بانكىدىن قەرز ئېلىشىمغا ياردەم بەردى. شىركەت قۇرۇشۇمنى قوللاپ، يەر ئاجرىتىپ بەردى. بەزى تەكلىپ - پىكىرلەرنى، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت - تۈزۈملىرىنى ماڭا يەتكۈزدى، مېنى تېخىمۇ دادىل بولۇشقا رىغبەتلەندۈردى. ئۇنىڭ بىلەن ھەر قېتىم ئۇچراشقىنىمدا، ئۇ مېنىڭ تىجارىتىمنىڭ قانداق كېتىۋاتقانلىقىنى سوراپ تۇردى. بۇنىڭدىن بەك سۆيۈندۈم، خۇشال بولدۇم.

مەنلا ئەمەس، باشقا تىجارەتچىلەرمۇ بازار باشلىقى مەرھۇم ئىسھاق تاھىرنىڭ ئۆزلىرىگە نۇرغۇن ياردەملەرنى بەرگەنلىكىنى سۆيۈنۈپ تۇرۇپ ماڭا سۆزلەپ بەرگەن. دېمەك، ئۇ ماڭا ئوخشاش تىجارەتچىلەرنىڭ تىجارىتىنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقاردى. ئۇ ماڭا بىر قېتىم «سىلەر باشلامچى بولۇپ بېيىساڭلار، باشقىلارمۇ سىلەرنى دوراپ تىجارەت يولىغا ماڭىدۇ، كۆزى ئېچىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن خەلق بېيىيدۇ. سىلەرنىڭ يېڭىدىن تىجارەتكە كىرگەنلەرنى يېتەكلەش مەجبۇرىيىتىڭلار بار. ھۆكۈمەت ئىگىلىك تىكلەۋاتقانلارغا ياخشى سىياسەتلەرنى بېرىۋاتىدۇ. شەخسەن مەن سىلەرنى قوللايمەن. سىلەرنى باشلامچى قىلىپ تۇرۇپ، پۈتكۈل قارادۆۋە خەلقىنى بېيىتىشنى ئويلايمەن» دېگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ گېپى ماڭا كۆپ ئىلھام بولدى. باشلىق بولسا شۇنداق بولسا، دەپ ئويلاپ قالدىم. مەرھۇم ئارىمىزدىن كەتتى، بۇنى ئويلىسام، كۆزلىرىمگە ئىختىيارسىز ياش كېلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن مەن مەرھۇمنىڭ سۆزلىرىنى كۆڭلۈمدە چىڭ ساقلاپ، ئۇنىڭ ئارزۇ قىلغىنى بويىچە تىجارىتىمنى داۋاملاشتۇرىمەن. ئاخىرىدا مەرھۇمنىڭ روھىغا جەننەت تىلەيمەن.

ئەنۋەر ئىبراھىم (قارادۆۋە سۇ ئامبىرىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى) مەن سۇ ئامبىرىغا مۇھاپىزەتچى بولۇپ ئىشلەۋاتقىلى 14 يىلدىن ئېشىپتۇ. بۇ جەرياندا مەن نۇرغۇن ئىشلارغا يولۇقتۇم. بازار باشلىقى ئىسھاق تاھىرنىڭ بىر ئىشى مەڭگە ئېسىمدىن چىقمايدۇ. بۇ يىل 4 - ئايدا قارادۆۋىدە قاتتىق بوران چىقتى. بوراننىڭ قاتتىقلىقىدا بىر نەچچە قەدەم ئالدىنى ماڭغىلى ياكى كۆزنى ئاچقىلى بولمايتتى. نەچچە مېتىر يىراقتىكى نەرسىنى پەرق ئەتكىلى تېخىمۇ بولمايتتى. مەنمۇ بۇنداق دەھشەت بوراننى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. مەن شۇ بورانلىق كېچىدە سۇ ئامبىرىدا كۆزەتچىلىكتە تۇرغان ئىدىم. يېرىم كېچە بولغاندا، يىراقتىن قاتتىق بورانغا قارىماي بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقان بىر ماشىنىنىڭ چىرىغىنى كۆزەتچىلىك ئىشخانىسىنىڭ دېرىزىسىدىن كۆردۈم. بۇنداق قاتتىق بوراندا يەنە كېلىپ يېرىم كېچە بولغاندا بۇ ياققا كىم كېلىۋاتقاندۇ؟ مەندە قانداق مۇھىم ئىشى باردۇ؟ دەپ ئويلىدىم. ھەيرانلىقىم ئەنسىرەشكە، ئەنسىرىشىم جىددىيلىشىشكە ئۆزگەردى. نېمىشقا دېگەندە، بۇ جاڭگال - سايدا ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ ئىنس - جىننى كۆرگىلى بولمايتتى. شۇڭا مۇشۇنداق بورانلىق كېچىدە تالا - تۈزگە چىققان ئادەمنىڭ، يەنە كېلىپ بۇ يەرگە كېلىۋاتقان ئادەمنىڭ زور تەۋەككۈلچىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغىلى بولاتتى. چۈنكى، بوراننىڭ قاتتىقلىقىدا ئۆزىنىڭ ھاياتى بىلەن ھېساپلاشمايدىغان قاپ يۈرەك ئادەملا مۇشۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلالايتتى. مەن دېرىزىدىن ماشىنىنىڭ چىراق يورۇقىغا كۆزۈمنى ئۈزمەي قاراپ تۇردۇم. ماشىنا بارا - بارا يېقىنلاپ كېلىپ، مەن تۇرۇۋاتقان كۆزەتچىلىك ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. مەن ئىشىكنى ئېچىپ، كەلگۈچىنىڭ ئالدىغا چىقتىم. قارىسام، بازار باشلىقىمىز مەرھۇم ئىسھاق تاھىر ئىكەن، ھەيران قالدىم، كۆزۈمگە ئىشىنەلمەي قالدىم. بازار باشلىقىمىزنىڭ چارچاپ كەتكەنلىكى ئويقۇسىراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇراتتى. «قانداق ئەھۋالىڭ

ئەنۋەر، سالامەت تۇرۇۋاتقانسەن» دېدى ئۇ كۆزەتچىلىك ئىشخانىسىغا كىرىپ، ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ، «جاپادا قالدىڭ، مەن سېنى يوقلاپ كەلدىم، يەنە سۇ ئامبىرىنىڭ بىخەتەرلىك ئەھۋالىنى تەكشۈرگىلى كەلدىم» مەن بازار باشلىقىنىڭ كۆڭلىنى، ئويلاۋاتقانلىرىنى چۈشەندىم. ناۋادا سۇ ئامبىرىنىڭ توسمىسىدىن چاتاق چىقسا، تۆۋەن تەرەپتە ئولتۇرۇشلۇق نەچچە مىڭ ئاما زور تالاپەتكە ئۇچرايتتى. بازار باشلىقىمىز ئىسھاق تاھىر دەل مۇشۇ ئىشتىن ئەنسىرەپ، ئۇخلىيالماي قالغان گەپكەن. مەن ئۇنىڭغا سۇ ئامبىرىنىڭ بىخەتەر ئىكەنلىكىنى، بازار باشلىقىنىڭ خاتىرجەم بولۇشىنى ئېيتتىم. ئۇ مەمنۇنلۇق بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ، ماڭا ئۆزى بىلەن بىللە سۇ ئامبىرىنى يەنە بىر قېتىم چارلاپ چىقىشىمىزنى ئېيتتى. شۇنداق قىلىپ بازار باشلىقى بىلەن مەن قاراڭغۇ كېچىدىكى قاتتىق بوراندا بىر كىلومېتىردىن ئاشىدىغان سۇ ئامبىرىنىڭ توسمىسىنى قول چىراقلىرىمىزنى يېقىپ تەكشۈرۈشكە باشلىدۇق. بازار باشلىقى چاپىنىنىڭ ياقىسىنى تومشۇقىغا يۆركەپ، يەنە بىر قولىدا قولچىراغنى يورۇتۇپ ئالدىمدا كېتىپ باردۇ. يېنىمدا بازار باشلىقى بولغاچقا، بۇ قېتىمقى سۇ ئامبىرىنى تەكشۈرۈش ھاياتىمدىكى ئەڭ قىممەتلىك ئەسلىمە ۋە ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىش بولۇپ قالدى. بازار باشلىقىمىزنىڭ جاپا - مۇشاقەتتىن قورقمايدىغان خىسلىتى، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقى مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. مەن كادىرلارنىڭ بازار باشلىقىمىز ئىسھاق تاھىردەك كادىر بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئەنۋەر ئەمەت (قارادۆۋە بازىرى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) مەرھۇم ئىسھاق تاھىر مەن بىلەن خىزمەتداش بولۇپ ئىشلىگىلى ئۇزاق بولغان. ئىسھاق تاھىرنىڭ خىزمەت ئىستىلى ۋە تۇرمۇش ئىستىلى بىز كادىرلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ. ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە خىزمەت تاپشۇرغاندا ھەرگىزمۇ بۇيرۇقۋازلىق قىلمايتتى. قىلمىغان ئىشنى قىلغان قىلىپ كۆرسىتىدىغان شەكىلۋازلىقنى ئۆچ كۆرەتتى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ تۇراتتى.كەم قىيىنچىلىقى يولۇقسا، خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، شۇ كىشىنىڭ قىيىنچىلىقتىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بېرەتتى. مەيلى ئەمەلى بولسۇن، مەيلى ئادەتتىكى كادىر بولسۇن، ناھايىتى دوستانە، قىزغىن ئۆتۈشەتتى. بىرەر كىشى ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغان بولسىمۇ، ئۇ چېچىلمايتتى، قاپىقىنى تۈرۈۋالمايتتى، ئۇنىڭغا كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلىمايتتى. ئەكسىچە ھېلىقى كىشىگە كۈلۈمسىرەپ، ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى ئۇنتۇپ قالمايتتى. ئۇ ھەر قانداق خىزمەتنى قىلغاندا ئالدى بىلەن خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلايتتى. خەلقنىڭ ئوي - پىكرىنى ئاڭلاپ، تەكشۈرۈپ، ئاندىن بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت پىلانىنى بېكىتەتتى. كىچىككىنە مەسىلىلەردىمۇ باشقا خىزمەتداشلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشمەي قويمايتتى، ھەرگىزمۇ ئۆز ئالدىغا قارار چىقىرىۋەتمەيتتى. مەن ئۇنىڭ شەنبە - يەكشەنبىلەردىمۇ ھاردۇق ئالماي ئىشلىگىنىنى، تاماق يېيىشكىمۇ ۋاقىت چىقىرالماي، ئېتىز - قىرلارنى ئارىلاپ يۈرگەنلىكىنى تالاي قېتىم كۆرگەنمەن. بەزەن چاغلاردا «تۆمۈر» ئادەم دېسە، بىزنىڭ بازار باشلىقىمىز ئىسھاق تاھىرنى دېسە بولىدۇ، دەپ ئويلاپ قالىمەن. ھازىرقىدەك خەلق ئۈچۈن ھەقىقىي ئىشلەشنى تەشەببۇس قىلىۋاتقان ۋەزىيەتتە، مەرھۇم ئىسھاق تاھىرنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىش كېرەك. ئۇ بىز ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى.

ئابلىلىم كېرەم (دېھقان) بازار باشلىقىمىز مەرھۇم ئىسھاق تاھىرنىڭ خەلق ئۈچۈن ئىشلىگەن ئىش - ئىزلىرى سۆزلەپ تۈگەتكۈسىز تولا، قايسى بىرىنى سۆزلەشنى بىلمەدىم. مەن ئۆزۈم كۆرگەن ئاددىي بىر ئىشنى مىسال ئالاي ھەممىگە مەلۇم، قارادۆۋە بازىرى ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا بىر يۈرۈش خەلقنى ئەمىن تاپقۇزۇش ئۆيلىرىنى سالدى، بۇ ئۆيلەر پۈتكەندە، يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان بۇ مەھەللىلەرنى يېشىللاشتۇرۇشقا توغرا كەلدى. شۇ چاغدا ئاڭلىسام، يېشىللاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا شۇ يەردە ئولتۇرۇشلۇق ئاما ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان گەپكەن. بازارلىق ھۆكۈمەت ئاممىدىن ئەمگەك كۈچى تەشكىللەپ، يول ياقىسىدىن ئېرىق ئېچىپ، يېشىللاشتۇرۇشنى باشلىسىلا بولىدىكەن. بۇ دەل ئەتىياز كۈنلىرى بولغاچقا يېشىللاشتۇرۇشنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە بولمايتتى. بۇ چاغدا دېھقانلارنىڭ ئېتىز - ئېرىق، باغ - ۋارانىنىڭ ئىشىمۇ قىستاپ كېلىپ قالغان ئىدى. دېھقانلار ئۆزۈم تەكلىرىنى ئاچمىسا، چىلانلىرىغا ئوغۇت بېرىپ، پۈتاش ئېلىپ بارمىسا تېخىمۇ بولمايتتى. مەن بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ بىر قىسىم ئىشلىرىنى ھۆددىگە ئالغاچقا، دائىم دېگۈدەك بازار باشلىقى بىلەن كۆرۈشىدىغان ئىشىم چىقىپ تۇراتتى. بازار باشلىقى ئىسھاق تاھىر بۇ ئىشقا كەلگەندە، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدى-

غان بىر چارىنى تېپىپتۇ. بىر كۈنى ئۇنى ئىزدەپ بارسام، ئۇ بازارلىق ھۆكۈمەتتىكى بارلىق كادىرنى ھەرىكەتكە كەلتۈ- رۈپ، مەھەللە يوللىرىنى يېشىللاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا چۈشۈپ كەتكەن ئىكەن. ھاۋا قۇرغاق ئىسسىق، يەنە كېلىپ قەلەم تۇتۇپ كۆنگەن، كەتمەن تۇتۇپ كۆنمىگەن كادىرلارغا بۇ ئىشنى قىلىش تولىمۇ تەسكە توختايدىغانلىقىنى بىلمەن. قا- رىسام بازار باشلىقى ئىسھاق تاھىر قولىغا چوتنى ئېلىپ، قېتىپ كەتكەن يەردىن ئېرىق ئېچىۋاتقان ئىكەن. ئىسھاق تاھىرنىڭ ئىشلىشىگە قاراپ، باشقىلارمۇ غىلىڭ قىلالماي ئىشلەۋېتىپتۇ. نەچچە كۈن ئۆتۈپ ئىسھاق تاھىرنى شۇ يەرگە يەنە ئىزدەپ باردىم. قارىسام، مەرھۇم ئىسھاق تاھىرنىڭ چىرايى تونۇغۇ- سىز بولۇپ كېتىپتۇ. قوللىرى قاپىرىپ، يۈز- كۆزلىرى ئاپتاپتا قارىداپ، كالپۇكلىرى قۇرغاق ئىسسىقتا يېرىلىپ، بازار باشلى- قى ئىسھاق تاھىر مۇشۇ ئادەم شۇ دېسە، ھېچكىم ئىشەنمىگۇ- دەك ھالغا كېلىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ ئاۋارە ئەپتىگە قاراپ، ياپە- رىم، باشلىق بولۇش نېمىدېگەن تەستۇ، دەۋەتتىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپ: «بازار باشلىقى، سىزگە بۇ نېمە جاپا، بۇ ئىش دېھقانلارنىڭ ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى بولغاندىكىن، ئۇلارغا بۇيرۇق بەرسەڭلا بولمامدۇ؟ ئۆزۈڭ ئاۋارە بولۇپ نېمە كەپتۇ» دەپ، ئىچىمدە ئويلىغانلىرىمنى ئۇ- نىڭغا دېدىم. ئۇ مېنىڭ سۆزۈمگە كۈلۈپ تۇرۇپ: «قارا، دېھ- قانلىرىمىز ھازىر بەك ئالدىراش، بۇ ئىشقا ئۇلارنى چاقىر- ساق، ئۇلارنىڭ ئېتىز، باغ- بارانلىرىنىڭ ئىشىنى كىم قىلى- دۇ؟ ئۇنداق قىلساق، ئۇلارنىڭ بىر يىللىق ھوسۇلىغا تەسىر يېتىپ، زىيان تارتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدىم. دېھقاننى زىيان تارتقۇزۇش ھېسابىغا راھەت كۆرۈشنى ئويلىساق، بىزنى قاناد- داقمۇ خەلقنى ئويلايدىغان كادىر دېگىلى بولسۇن؟ قارىسام، كادىرلىرىمىزمۇ ھازىرچە ئالدىراش ئەمەس ئىكەن، يۇقىرى- دىن چۈشكەن جىددىي ۋەزىپىمۇ يوق، مۇشۇ باھانىدە كادىر- لارنى تازا بىر چېنىقتۇرالىسۇن، جاپا- مۇشەققەتنىڭ ئىش- ئەمگەكنىڭ تەمىنى تېتىسۇن دەپ ئويلىدۇم. قارا، مەنمۇ كۆپ چېنىقتۇرالدىم، كىشىنىڭ ئىشلىگەنسېرى ئىشلىگۈسى كېلى- دىكەن» دەپ، قوللىرىدىكى يېرىڭداپ كەتكەن يارىلارنى ماڭا كۆرسەتتى. ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ ئالقىنى راستىنلا قاپىرىپ، يېرىڭداپ، تىتىلىپ كەتكەن ئىدى. بازار باشلىقىمىزنىڭ قولى- نى كۆرۈپ، گەپ قىلالماي قالدىم. خەلق بەرگەن نانىنى ھالاللاپ يەيدىغان مۇشۇنداق كادىرلارنىڭ بارلىقىغا شۇ چاغدا ھەقىقىي ئىشەندىم ھەمدە ياخشى كادىر بولۇش ئۇنچە ئاسان ئەمەسكەن، دەپ ئويلاپ قالدىم.

ھەسەن ئەمەت (كەنت كادىرى) مەرھۇم ئىسھاق تاھىر بازىرىمىزغا باشلىق بولغاندىن كېيىن، يول قۇرۇلۇشىغا ئىنتا- يىن كۆڭۈل بولدى. ئۇ بازار باشلىقى بولۇشتىن ئىلگىرى، با- زىرىمىزدا قاتتىقلاشتۇرۇلغان يوللار يوق دېيەرلىك ئىدى. يوللاردىن توپا- چاڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. بازار باشلىقىمىز دېھقانلارغا قولايلىق قاتناش شارائىتى يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ۋىلايەت ۋە شەھەردىن ئىقتىساد ھەل قىلىپ، قاتتىق- لاشتۇرۇلغان كەڭ، ئازادە كەنت- كوچا يوللىرىنى ياساپ بەردى. قارادۆۋە بازىرىنىڭ شەھەر بىلەن بولغان ئارىلىقىنىڭ يىراقلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن دېھقانلارنىڭ شەھەرگە كىرىپ سودا- سېتىق قىلىشىغا پايدىسىز بولۇۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، يۇقىرى رەھبەرلىككە قايتا- قايتا ئىلتىماس سۇنۇپ، قارادۆۋە بازىرى بىلەن شەھەرنىڭ ئارىلىقىنى قىسقارتىش «ئۇدۇل يول» قۇرۇلۇش تۈرىنى قولغا كەلتۈردى. ھازىر بۇ يول قۇرۇلۇشىمۇ پۈتۈش ئالدىدا تۇرىدۇ.

قارادۆۋە بازىرىمىزدا سۇ مەسىلىسى ئەڭ مۇھىم، گەۋ- دىلىك مەسىلە بولۇپ، بىزنىڭ دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ئىشلىرىمىزغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. سۇ قىس بولغاچقا، دېھ- قانلىرىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى توسالغۇغا ئۇچراپ، دېھقانلى- رىمىزنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمى دېگەندەك بولماي كەلگەن ئىدى. دېھقانىنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە تاقىشىدىغان بۇ ئىشتا، بازار باشلىقىمىز ئىسھاق تاھىر قاراپ تۇرالمىدى. ئۇ ئالدى بىلەن ھازىرقى بار سۇدىن تولۇق پايدىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇ- رۇش ئۈچۈن، كۆپلەپ مەبلەغ ئاجرىتىپ، دېھقانلارنىڭ ئې- تىزلىرىغىچە سۇ سىڭمەس ئېرىق ياساپ، سۇنىڭ ئىسراپ بو- لۇشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. ئاندىن كېيىن سۇ مەنبەسىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، سەكرا سۇ ئامبىرىنىڭ سۈيىنى قارادۆۋە بازىرىغا باشلاپ كېلىپ، ئۇ- زۇندىن بۇيان قارادۆۋىدە سۇ قىس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بەردى.

بازار باشلىقىمىز دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىغا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇ بازىرىمىزنىڭ ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىدى. ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار نامرات ئائىلە- لەرگە سۈپەتلىك ئۆي سېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە شارائىت يارىتىپ بەردى. ئاقتۇر

كەنت 1 ـ ئەترەت ئەزاسى زىلىقەم قاسىمنىڭ ئېرى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، ئىككى ئوغلىنىڭ كۆزى كۆرمەس بولۇشقا باشلىغان ئىدى، بازار باشلىقىمىز زىلىقەم قاسىمنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ ھال سورىدى ۋە كىچىك ئوغلىنى ئادەم تەشكىللەپ ئۈرۈمچىگە داۋالىنىشقا ئەۋەتتى. زىلىقەم قاسىمنىڭ ئۆيى بەك كونىراپ كەتكەن بولۇپ، خەتەرلىك ئۆي بولۇپ قالغان ئىدى. بازار باشلىقىمىز ئۇلارغا تېزدىن ئۆي سالدۇرۇپ بەردى ھەمدە تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن ئون مىڭ يۈەن ياردەم بەردى.

مەلىكىخان ئەلەم (دېھقان): بىز قوشۇمچە باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئائىلە ئىدۇق. بىزنىڭ قىرىقتىن ئوشۇق ئانا قويىمىز بار ئىدى. بىر كۈنى كېچىدە ئېغىلغا قويلارنى يېسۇن دەپ دۈۋىلەپ قويغان يانتاققا ئوت كېتىپ، قويىمىزنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك ئوتتا كۆيۈپ ئۆلۈپ كەتتى. قانداق قىلىشنى بىلەلمەي كۆزلىرىمىزدىن ياش قۇرىمىدى. بۇنداق جىق زىيانغا بىز چىدىيالماي قالدۇق. مەن بازار باشلىقىمىزنى ئىزدەپ ھال ئېيتتىم. بازار باشلىقىمىز دەردىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھېچ ئىككىلەنمەيلا يانچۇقىدىن بەش يۈز يۈەن چىقىرىپ ماڭا بەردى. مەن بازار باشلىقىمىزنىڭ بۇ شەخسىي پۇلىنى ئېلىشقا ئۇنىمىسام، ئۇ: «ئانا، ئائىلىلىرىدە بۇنداق چوڭ ئىش چىقىپتۇ. ئۆزلىرىنىڭ قانچىلىك ئىقتىسادىي زىيان تارتقانلىرى، كۆڭۈللىرىنىڭ قانچىلىك غەشلىكى ماڭا ئايان، ئاز بولسىمۇ ھازىرچە بۇ مېنىڭ شەخسىي كۆڭلۈم، ئالمىسىلا خاپىلاپ قالىمەن» دەپ بەش يۈز يۈەن پۇلنى قولۇمغا مەجبۇر تۇتقۇزۇپ قويدى. مەن شۇ يەردىلا يىغلاپ كەتتىم. مانا ئەمدى بازار باشلىقىمىز تۈگەپ كەتتى، بىر قوساق قېرىندىشىمدىن ئايرىلغاندەك بولۇپ كۆپ ئازابلاندىم. مەن «بازار باشلىقىمىزدەك بۇنداق ياخشى كادىرنى قانداق ئاتا ـ ئانىلار تۇغقاندۇ» دەپ، بولغان ئىشلارنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىمەن. مەن ھەر نامىزىمدا مەرھۇمغا ئاتاپ دۇئا قىلىمەن.

قادىر گايىز (قارادۆۋە بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى): قارادۆۋە خەلقىنىڭ سەردارى، قارادۆۋە بازىرىدىكى ئون ئۈچ مىڭ نوپۇسنىڭ غەمگۈزارى مەرھۇم ئىسھاق تاھىر قارادۆۋە بازىرىدا بازار باشلىقى بولغان ئۈچ يىلدىن بېرى، قارادۆۋە خەلقىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ئۆچمەس تۆھپەلەرنى قوشتى.

مەرھۇم ئىسھاق تاھىر بىز ئوقۇتقۇچىلاردىن دائىم ھال سوراپ تۇراتتى، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن قارادۆۋە مائارىپىنى قانداق قىلغاندا تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە سۆھبەتلىشەتتى. ھەر قېتىملىق ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى كەلگەندە، ئۇ ئالاھىدە مەكتىپىمىزگە ماددىي سوۋغا ـ سالاملارنى ئېلىپ كېلىپ، بىز ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىللە بايرامنى تەبرىكلەش مۇراسىمىغا قاتنىشاتتى. ھەر خىل يىغىنلاردا مىللەتنىڭ تەرەققىياتىدا مائارىپنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆپ تەكىتلەيتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل سەمىمىي غەمخورلۇقى بىز ئوقۇتقۇچىلارنى تەسىرلەندۈرۈپ، خىزمەتكە بولغان قىزغىنلىقىمىزنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى. ئۇ قارادۆۋە بازىرىدا بىرمۇ بالىنىڭ ئوقۇشسىز قالماسلىقىنى، نامرات ئوقۇغۇچىلار بولسا، بازارلىق ھۆكۈمەتكە تېزدىن خەۋەر بېرىشىمىزنى، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ بالىلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەمدە بولىدىغانلىقىنى ئېيتاتتى. ئۇ ۋەدىسىدە تۇرۇپ دېگىنىنى قىلدى نەچچە ئونلىغان نامرات ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇشىغا ئىقتىساد جەھەتتە ياردەمدە بولدى. مەكتىپىمىزدە قارادۆۋە بازىرىدىن باشقا جايلاردىن، بولۇپمۇ شەھەردىن كېلىپ خىزمەت قىلىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار خېلى كۆپ. بۇ ئوقۇتقۇچىلار ھەپتە ئاخىرىدا شەھەردىكى ئۆيىگە قايتىشقا قاتناش تاپالماي كۆپ قىينىلاتتى (ئوقۇتقۇچىلار كۆپىنچە ھاللاردا، شەھەرگە قاتنايدىغان ئاپتوبۇسلارغا ئۈلگۈرەلمەي قالاتتى). بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان بازار باشلىقى ئىسھاق تاھىر ئۇلارنىڭ قاتناش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەردى، ياتاق، تاماق مەسىلىلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ خاتىرجەم خىزمەت قىلىشىغا شارائىت ياراتتى. يەنە بىر مۇھىم گەپنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن. مەرھۇم ئىسھاق تاھىر مەيلى قارادۆۋە بازىرىدا بولسۇن، مەيلى بىزنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە بولسۇن، بىرەر مەدەنىي پائالىيەت ئۆتكۈزىمىز دېسەكلا، بازارلىق ھۆكۈمەت نامىدىن دەرھال بەش مىڭ يۈەندىن 20 مىڭ يۈەنگىچە پۇل تەستىقلاپ بېرەتتى. مەن بەزەن چاغلاردا قارادۆۋە بازىرىدا چېلىشىش پائالىيىتىنى تەشكىللەشنى ئۈستۈمگە ئېلىپ قالىمەن ھەمدە بۇ پائالىيەتكە ئۆزۈم رىياسەتچىلىك قىلىمەن. مەن ئۇ خىزمەت قىلغان ئۈچ يىل جەرياندا بىر نەچچە قېتىم مۇشۇنداق پائالىيەتلەر ئۈچۈن ئۇنىڭغا پۇل تەستىقلاپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان ئىدىم. ئۇ ھېچ

ئىككىلەنمەيلا ماڭا پۇل تەستىقلاپ بەردى. بىز بۇ پۇللارنى چىقىم قىلىپ، ھەر خىل پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ، قارادۆۋە بازىرىدىكى خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتتۇق.

مەرھۇم ئىسھاق تاھىر گەرچە بىز بىلەن ۋاقىتسىز ۋىدالاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يېقىملىق كۈلكە - چاقچاقلىرى، سەممىي سۆزلىرى مېنىڭ قۇلاق تۈۋىمدە ياڭراپ تۇرىدۇ. بىز ئۇنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى قارادۆۋە بازىرىنىڭ تارىخ بەتلىرىگە پۈتۈپ، مەڭگۈ ياد ئېتىمىز!

**ھاجەرخان روزى (دېھقان):** مەن ئىسھاق تاھىر بالامنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىنى سۆزلەپ تۈگىتەلمەيمەن. سەككىز يىل ئاۋۋال بېغىمىزنىڭ يېنىغا يول كېلىپ، يول چېگداش سەۋەبىدىن بەش پۈڭ يېرىمىزدىكى بەش يىلدىن ئاشقان چىلانلىرىمىز نابۇت بولۇپ كەتتى. بىز بازارلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ كۆپ قېتىم ھال- دەرت ئېيتقان بولساقمۇ، بىزنىڭ ئەرزىمىزنى ئاڭلايدىغان ئادەم چىقمىدى. ئىسھاق تاھىر بالام بازار باشلىقى بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، دەرد- ئەھۋالىمىزنى ئۇنىڭغا ئېيتتۇق. ئىسھاق تاھىر بالام سەككىز يىلدىن ئاشقان بۇ تۆلەم تالاش - تارتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بەردى. يول قۇرۇلۇشى قىلغان ئورۇننى تېپىپ، بىزگە ئون ئىككى مىڭ يۈەن تۆلەم پۇلنى ئېلىپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مېنى پات - پات يوقلاپ كېلىدىغان بولدى. بىز ئانا - بالىدەك يېقىن بولۇپ قالدۇق. مەن ئۇنى كۆرسەم «بالام» دەيدىغان بولدۇم، ئۇمۇ مېنى «ھاجىئاپا، ھاجىئاپا» دەپ چاقىراتتى. ئۇ بىزگە ھەر ئايدا ئۇن، ياغ بېرىپ تۇراتتى. مەن ياشىنىپ قالغان بولغاچقا، بۆلتۈر دوختۇرخانىغا كىرىپ قالدىم. ئىسھاق تاھىر بالام ئۆز يېنىدىن چىقىرىپ ئىككى مىڭ يۈەن بەردى. مېنى ئوپېراتسىيە قىلغۇچە، دوختۇرخانىغا مېنى يوقلاپ بىر مىڭ بەش يۈز يۈەن پۇل ئەكەپتۇ. بۇ يىل ئېغىر ئۆچەي كېسىلى بولغانىدا يەنە بىر مىڭ بەش يۈز يۈەن پۇل بىلەن مېنى دوختۇرخانىغا يوقلاپ كەپتۇ. مەن ئۇنىڭغا «ئىسھاق بالام، سەن يانچۇقىڭدىن چىقىرىپ ماڭا بېرىۋەرسەڭ، مەن خىجىل بولۇپ قالىدىكەنمەن» دېسەم، ئۇ «ھاجىئاپا، سىلى ھازىر كېسەلچان تۇرسىلا، خاتىرجەم داۋالانمىسىلا بولمايدۇ. شۇڭا سىلى پۇلغا ئېھتىياجلىق، خىجىل بولماي ئېلىۋەرسىلە، مېنىڭمۇ ئويلىغىنىم بار» دېدى. ھازىرشۇ ئىشلارنى ئويلىسام (يىغا) ئۇ ماڭا ئۆز بالامدەك قارىدى. ھازىرقى ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيىمىز كونىراپ كەتكەچكە، ئۆيىمىزنى يېڭىلاپ سېلىش ئۈچۈن ھۆكۈمەتكە ئازراق پۇل تاپشۇرغان ئىدۇق، لېكىن، تۇرمۇشتا قىيىنلىپ قېلىپ بۇ پۇلنى قايتۇرۇۋالدۇق. بۇنى بىلگەن ئىسھاق تاھىر بالام بىزگە يەنە بەش يۈز يۈەن پۇل بەردى. ھەمدە بىزگە «ھاجىئاپا، خاتىرجەم بولسىلا، سىلى پۇل تاپشۇرالمىغان بولسىلىرىمۇ، مەن سىزلەرگە يېڭى ئۆي سېلىپ بېرىمەن» دېدى. شۇ گەپ بولۇپ، نەچچە كۈندىن كېيىن رەھمەتلىك تۈگەپ كەتتى. ئەمدى ماڭا كىم ئۇنىڭدەك كۆيۈنەر دەپ ئويلاپ كېتىمەن (يىغا). مەن بىلسەم ئىسھاق تاھىر بالام ماڭىلا بۇنداق قىلمىغان ئىكەن. مەن تونۇيدىغان بىر نەچچە دېھقان ئەمگەك كۈچى يوق سەۋەبلىك تەكلىرىنى ئاچالماي قالغاندا، «مۇشۇ پۇل بىلەن تەكلىرىڭلارنى ئېچىڭلار» دەپ، ئۇلارغىمۇ پۇل بەرگەن ئىكەن. ئۇ باقى ئالەمگە كېتىپ مەن قانتىمدىن ئايرىلغاندەك بولۇپ قالدىم. ئىسھاق تاھىر بالامدىن قارادۆۋە بازىرىدا رازى بولمىغان ئادەم قالمىدى.

يۇقىرىدا بىز بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مەرھۇم بازار باشلىقى ئىسھاق تاھىرغا بولغان كۆڭۈل بايانلىرىنى ئاڭلاپ ئۆتتۇق. دەرھەقىقەت، خەلق ئاممىسىنىڭ كۆزى ئۇچۇقكەن، كىمنىڭ قانداق ئىشلىگەنلىكىنى، خەلققە قانداق ياخشى ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرىدىكەن. خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبى ئويغاقكەن، كىمنىڭ ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرگەنلىكىنى پەرق ئېتەلەيدىكەن. ئىسھاق تاھىردەك ياخشى كادىرلار يېتىشىپ چىققاچقىلا، كادىرلار بىلەن خەلقنىڭ سۇ بىلەن بېلىقتەك مۇناسىۋىتى نامايان بولالايدىكەن، ھۆكۈمەتنىڭ ئوبرازى تېخىمۇ نۇرلىنىدىكەن.

«ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق، ئىشلىمىگەننىڭ يۈزى چورۇق» دېگەندەك، مەرھۇم بازار باشلىقى ئىسھاق تاھىرنىڭ مېيىتى سېلىنغان تاۋۇتنى نەچچە مىڭلىغان ئاما تالىشىپ كۆتەرگەندە، ئەل ئۈچۈن ئىشلىگەن ھەقىقىي بىر ئەرنىڭ قەدرى - قىممىتىنىڭ مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ چوڭقۇر بىلىپ يەتتۇق. تىنجىق ئىسسىق، ئوتتەك ئاپتاپقا قارىماي، تاۋۇتنى نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قەبرىستانلىققا پىيادە ئېلىپ چىققاندا، ئەل - ئاۋامنىڭ مەرھۇم ئىسھاق تاھىرغا بولغان ھۆرمەت - مۇھەببىتىنىڭ تاشقىنلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتۇق. شۈبھىسىزكى، مەرھۇم ئىسھاق تاھىرنىڭ جىنازا نامىزىغا قاتناشقان ياكى جىنازا نامىزىغا قاتنىشالمىغان بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ ئېغىزىدىن بۈگۈنكى بەھەيۋەت بۇ كۆ-

رۇنۇشلەرنى ئاڭلىغان نۇرغۇن كىشىلەر ئاۋامنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشىنىڭ ئىنسان ئۈچۈن زور بەخت ۋە شەرەپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى ۋە توندى. مۇشۇ ئىش، يەنە بىر قىسىم كادىرلىرىمىزنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن سىلكىپ ئويغاتتى، يۈرەك - باغرىنى ئەقىدە سۆيى بىلەن باشقىدىن سۇغاردى. خەلق ئاممىسىنى نادان، قوي پادىسىدەك كۆرىدىغان قىسمەن كادىرلىرىمىزغا، خەلق ئاممىسىدىمۇ ھەق - ناھەقنى، ياخشى - ياماننى پەرق ئېتەلەيدىغان ئەقىل كۆزىنىڭ بارلىقىنى تونۇتتى. بىھۇدە، تۇتۇرۇقسىز ئىشلار ئۈچۈن ھاياتى ۋە ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىۋاتقان كىشىلەرنى سەگىتىپ، ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى قايتا بىر ئويلاپ بېقىشقا ئۈندىدى. مەن باشقىلاردىن مەرھۇم ئىسھاق تاھىرنىڭ جىنازا نامىزىدىن قايتىپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم كادىرلارنىڭ ئارىسىدا بۇنداق گەپ - سۆزلەرنىڭ بولغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

— مۇشۇنداق كاتتا ئۇزىتىلسا، ئىنساندا نېمە ئارمان قالسۇن! بەخت دېگەن شۇدە!

— بىزمۇ ئىسھاق تاھىرغا ئوخشاش كادىر، بىز ئۆلسەكمۇ خەلق بىزنى مۇشۇنداق ئۇزىتىپ قويامدىغاندۇ؟ مەن ئويلىنىپ قالدىم.

— ھەي... كۆچىمىزنىڭ يېتىشچە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىپ، ئەل ئۈچۈن ئىشلىسەك بولغىدەك جۇمۇ.

— ھامان ئۆلۈپ كېتىدىغان گەپكەن، ياخشى نام قالدۇرۇش كېرەككەن.

— قارادۆۋە خەلقىنى نادان، بىلمەس دەپ ئويلاپتىمەن، خاتالاشقان ئىكەنمەن.

— بۈگۈن قارادۆۋە بازىرىنىڭ خەلقى ساقىغا كۆچۈپ كېلىۋالغاندەكلا بوپتۇ - ھە! قارىڭا كەلگەن قارادۆۋىلىكنىڭ جىقلىقىنى.

— مەرھۇم قارادۆۋىگە پايدىلىق ئىش قىلمىغان بولسا، ئۇلار شۇنچە يىراقتىن جاپا تارتىپ بۇ يەرگە كېلەمتى؟ باشقا يېزا - بازارلاردا ئىشلىگەن كادىرلار تۈگەپ كەتكەندىمۇ ئۇنداق بولمىغانغۇ؟

— قارادۆۋە خەلقى قىلغاننى بىلىدىكەن، قەدىرنى قىلىدىكەن.

دەرۋەقە، مەرھۇم ئىسھاق تاھىر ئەل ئىشقىدا يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان بىر ئوتقا ئوخشايتتى. ئۇ زۇلمەت تۈندە ئەتراپقا يورۇقلۇق، مۇدھىش سوغۇقتا ئىسسىقلىق تارقاتقان، قارادۆۋە بازىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشقا بولغان ئۈمىد - ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇپ، غەيرەت - جاسارىتىنى ئۇرغۇتقانىدى. ئۇنىڭ پاكىتلىق تەسەۋۋۇرى، خىزمەتتىكى ئىقتىدارى ۋە ئەل ئۈچۈن ئىشلەشتەك تەۋرەنمەس ئېتىقادى قارادۆۋە خەلقىگە تەرەققىيات ۋە يۈكسىلىشنىڭ بۇ يەردە بىخ چىقىرىپ، مېۋە بېرەلەيدىغانلىقىنى تونۇتقانىدى. ئەپسۇس... مىڭ ئەپسۇس! ئۇ كەتتى، ئۇنىڭ ئۆلۈمى ۋە ئۆلۈم ئۇزىتىلغاندىكى مەنزىرە كىشىلەرگە، جۈملىدىن بىزنىڭ كادىرلىرىمىزغا شۇنداق بىر ھەقىقەتنى، يەنى «ئىنسان تۆھپىسى بىلەن قەدىرلىكتۇر» دېگەن ھېكمەتنى ھەقىقىي ئىسپاتلاپ بەردى. دېھقانلارنىڭ مەرھۇم ئىسھاق تاھىرغا تەشەككۇر ئېيتىپ يازغان لەۋھە - خەتلىرى ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا تۇشۇپ كەتكەنلىكىنى بۇ يەردە سۆزلەپ ئولتۇرمىدۇق. خەلق ئىچىدە، «ئاتالمىغان ئەردىن، ئاتالغان دۆلەت ياخشى» دېگەن ماقال بار. مەرھۇم ئىسھاق تاھىر ساخاۋەتلىك ۋە ساۋابلىق ئىشلىرى بىلەن كېيىنكىلەرگە ئۆچمەس ياخشى بىر نامنى قالدۇرۇپ، بىزدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلدى. كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ قىلغان دۇئالىرى ئۇنىڭ روھىنى ھىدايەت تاپقۇزغۇسى. ئەلۋىدا مەرھۇم، ياتقان يېرىڭىز جەننەتتە بولسۇن...!

---

ئاپتور: يازغۇچى، قومۇل شەھىرى غەربىي ئۆستەڭ ئىش باشقارمىسىدا.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ تارقىتىلىدۇ. كىتاب - ژۇرنال تىجارەتچىلىرىنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.
كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى «غالىبىيەت» يولى 100 - نومۇر
ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2850601 ـ 0991



مۇختار مەخسۇت

# يەسمەننىڭ رەڭگى ۋە باشقىلار

تۇنىس مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى ئېلىمىزگە ۋاكالىتەن 4 - ئاۋغۇستتىن 14 - ئاۋغۇستقىچە 50 - نۆۋەتلىك تۇنىس قارتاژ خەلقئارالىق سەنئەت فېستىۋالىدا ئويۇن قويۇش پائالىيىتىدە بولدى. يەسمەن تۇنىسنىڭ دۆلەت گۈلى ئىكەن.

## تۇنىستا مۇقام

رۇم تىياتىرخانىسى
ئاسمان ئاستىدا
يەرنىڭ ئۈستىدە
تاش ئورۇندۇق، تاش سەھنە
ئەسىر كارۋىنى
تاشلاپ كەتكەن توپا رەڭلىك جام
يۇلتۇزلار ئىچىپ چۈشتى لىپىدە.

يۇلتۇزلار
قۇلىقىدا ئىچەر مۇقامنى.
قىياسلار
كۆككە ئېلىپ چۈشەر مۇقامنى.
تاشلار تىرىلمەكتە

ئوسمان ئېگىز كۆتۈرۈپ
ئىچكەندە جامنى.

كېچىنىڭ لىباسى كەتتى يىرتىلىپ،
«جولا»نى يېپىندى خارابە ئىزلار.
رەڭلىك چوكانلار چىقتى كېچىدىن
كېچىگە چوغ بولۇپ چۈشكەندە قىزلار.

ئۇلار چۈشەنمەيدۇ ئۇيغۇر تىلىنى،
مۇقامنىڭمۇ چوڭقۇر تىلىنى.
ھېسلار چىرماشماقتا پەلەك بۇرجىدا
ئېيتقاندا بىز «پىراق غەزىلى» [1] نى.

قارتاژ
قولىمىزنى تۇتۇپ شۇنداق دېدى:
جانغا جان قوشتى مۇقامنىڭ ھىدى.
سۇنايلىق گۈل ئورنىدا زەيتۇن شېخى.
ھىجران تولغىقىدا يەسمەن تېخى.

ئەدەبىيات گۈلزارى

[1] تۇنىسنىڭ يۈز يىلدىن بېرى ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ھەممىگە تونۇشلۇق داڭلىق ناخشىسى.

### بورگىبا كوچىسى [2]

ئەرەب باھارى
ئېسى قالغان ناشتىدىكى چاي.
گۈل ساتماقتا
بورگىبادا ياپراقسىز بوۋاي.
ئارام ئالار بىر ئادەم
مىلى كوچىدا ئولتۇرۇپ.
چىلاپ ئىچەر بىر كۈننى
بىر ئىستاكان سۇغا تولدۇرۇپ.
ئۈگىلىرى
تېمىپ تۇرغان زەيتۇن يېغى.
رەستىلەر
دۈگىكۈۋرۈكتىكى خورما بېغى.
سايىسى قېتىپ قالغان پەرەڭلەرنىڭ،
ئۇقىيالمىدىم
مېۋىسىنى
ئىنقىلابتىكى رەڭلەرنىڭ...

### ئاق شەھەر، كۆك شەھەر
(سىدى بوسائىت [3])

ئۇسما قويغان بۇ شەھەر
ئاق كەپتەردەك ئۇچماقتا.
كوجۇم ئۆيلەر
ساقىپ چۈشكەن ئاينىڭ سۇتىدەك.
ئەگرى قىستاڭ كوچىلار
خورما دەرىخىنىڭ قورۇقلىرىدەك.
زەڭگەر دېڭىزدىن مەي ئىچىپ رۇجەك
كىشىلەرگە سۆزلەيدۇ چۆچەك.
دۇنيا ئاقىدۇ رەستىلىرىدە،
خىلمۇ-خىل ئۆڭ گۈلدەستىلىرىدە،
قەھۋە جاملىرىدا ئىبرىيدۇ يۈرەك.
ئىلىنىڭ موخۇركىسىنى چەكتىم سىغىنىپ،
كۆك دەرۋازىغا يۆلىنىپ گۈلدەك،
دېڭىزغا يېيىلىپ كەتتى ئاپئاق ئىس،
تەكلىماكاننى سېغىندىم ئوتتەك.

### ساھىلدىكى ساياھەت

تۇنىس شەھىرىدىن
يىراق ئەمەس بۇ يەر.
سۇ ئىچىدىن
ئۈنۈپ چىقتى ئوتتۇز ئەر،
دوپپىلىرى ساھىلدا كەپتەر.
ئۇيغۇر تىلىدا
سۆزلىمەكتە ئەرەب دېڭىزى،
ناخشا بولۇپ چېچىلىدى
بۇژغۇنلارغا خان ئەتلەس قىزى.
دولقۇنلار «جۇلا»نى دورىماقتا،
شاۋقۇنلار مۇقامنى شورىماقتا.

كۆپكۆك دېڭىز
تىنىق بەك تىنىق.
سايىۋەن ئاستىدا ئادەملەر بېلىق.
ساھىل كاۋاپدان،
قۇياش نۇرى زىق.
تۇزلۇق سۇ تېتىماقتا بىزنى.

### تېلېۋىزور كۆرۈش

مەن تېلېۋىزورنىڭ ئىچىدە
سائەت ئون بىردە.
كەئبىگە باش قويدى ئالەم،
سۇدەك ياغرىغاندا ئەزان،
سۇدەك ئاقماقتا ئادەم.
كۆزنى قىسىپ تۇرۇپ
يالىڭاچ ناخشا
داپنىڭ يۈرىكىنى دۈپۈلدەتمەكتە.

---

[2] تۇنىس شەھىرىنىڭ مەركىزىي كوچىسى. 2011 - يىلى بۇ يەردە «ئەرەب باھارى» نامىدىكى يەسمەن گۈلى ئىنقىلابى پارتلاپ بىن ئالى ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇپ تاشلانغان. ھازىر تۇنىسنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئىدارە قىلىپ تۇرماقتا.
[3] تۇنىس شەھىرىنىڭ دېڭىز بويىدىكى داڭلىق ساياھەت ئورنى.

يىلاندەك تولغىنار تولغان ساغرىلار،
ساقاللار ماكاپىتەك لەپىلدىمەكتە.
ھەزىلكەشنىڭ بويىندا يىلان،
تېشىپ چىقتى ئېكراننى ئېلان،
زەيتۇن يۇپۇرمىقىدىن دان بېرىپ
تۇتقۇش بۇركۇتكە ئەركىلىمەكتە.
ئېچىلدى كىتاب بولۇپ ئېيىنشتېيىن
ئالەم سىرلىرىنى سۆزلىمەكتە.

قۇملۇقتا قۇرۇپ كەتكەن ياشلىرى،
چېگرادا تاشقا ئايلانغان ياشلىرى،
لىۋىيە مۇساپىرلىرى.
ئۈستەك تولغىنىدۇ ئىراق،
مىنبەر كېچىنىڭ تۆشۈكلىرىدىن
دەھشەتلىك چۇشتەك
ئۇچۇپ چىقار قاغىدەك بايراق.

يىقىلغان تامنىڭ ئىچىدە
سۇكۇتتەك سۆزلەيدۇ رۇم.
كۇندۇزلىرى تاڭ ئاتماس كېچە،
غەززە يىغلايدۇ يۇم-يۇم.

تەبىئەتتە كۇرمىڭ تاماشا،
خۇشاللىقنىڭ يىغلار نالىسى.
ئاپتاپنى كۆيدۇرگەن ئەرەب چۆلىدە
بۆرىگە يەم بولدى كىيىك بالىسى.
بۇ يەردىمۇ ھايۋانات دۇنياسى.

گاھىدا خۇدا بىلەن رۇسۇل،
گاھىدا داپ بىلەن ئۇسسۇل.
سۇ تېمىپ تۇرغان پەرىلەر
گوياكى سۇمبۇل،
ئاغىچى خېنىملارمۇ
تېلېكامىرادا غەزەلخاندۇر.
باللار
ئەقىل بەتلىرىدە كىتابخاندۇر.

يېتىلمەكتە مېنى تىنىزگىنەك،
قاناللاردىن قاناللارغا،
مەغرىب ۋە مەشرىق
قۇچاقلاشقان ئاراللارغا.
يەنە باشلاندى بىر سېرىيە،
ئېلىپ بارار
قايسى زامانلارغا؟
2014 - يىلى 5 - ئاۋغۇستتىن 13 - ئاۋغۇستقىچە
تۇنىس

## سۆيگۈ رىۋايىتى

كۆرۈشتۇق
ئۇ يېقىدا كېچىنىڭ،
سۆيۈشتۇق
خىلۋىتىدە ئالەمنىڭ،
گىرەلەشكەن كۆلەڭگىمىزنى
تاڭ نۇرلىرى ئالدى قوينىغا.
بىر كوچىنىڭ ئىككى چېتىدە
ئوخشاپ قالدۇق غېرىب قاچقۇنغا.
كۇتۇشلەر
شۇنچە ئۇزاق، شۇنچىلىك ئېغىر،
قۇرۇپ كەتتى ئوت ئارىلىمۇ،
پەرىشتىنىڭ سۇندى قانىتى،
چۇشلەردىلا ۋىسال سائىتى.
قول تۇتۇشۇپ بەرگەن ۋەدىلەر
بوپ قالامدۇ تۇن رىۋايىتى؟

بۇ ئەمەستۇر
مۇقەددىمە ياكى خاتىمە،
يا ھەقىقەت، ياكى سەپسەتە
مەيلى قىرغاق چېكىنسۇن يەنە
تائەبەدكە ئاشۇ ھىلال ئاي،
ئىككىمىزگە بولىدۇ كېمە.

### ئۇ قىرغاققا كېتىپ قالامدۇ؟

دەريا
ئۆچۈرمەكتە كۆك يالقۇنىنى،
ئاقماقتىمەن
چاقماق كۆيدۈرگەن قارا دەرەختەك،
ساھىلدا تەنھا تۇرىدۇ سايەم،
ئۇ قىرغاققا كېتىپ قالامدۇ؟
كېمىلەرنىڭ سۇندى پالىقى،
چۆكۈپ كەتتى ئاينىڭ راۋىقى.

بۇقۇلدايدۇ تەنھا كۆك كەپتەر
كۆيۈۋاتقان ئورمان ئىچىدە،
دەريا قۇرۇپ كەتتى كېچىدە،
ئۇ قىرغاققا كېتىپ قالامدۇ؟

### ئاق بۇلۇت

ئاق بۇلۇت،
پەرىلەرنىڭ رومالىمۇ سەن
پاك ھەم شۇنچە ئاق؟
يېنىككىنە كېلىسەن لەيلەپ
قانىتىڭنى شامالدا پەرلەپ،
مەن تۇتقىچە مامۇق قولۇڭنى
نېچۈن يەنە كېتىسەن يىراق؟

سەن قۇياشنىڭ ئايپاق كەپتىرى،
شاخلىرىمغا قوندۇڭ سەھەردە.
چوغلۇق بولۇپ ئېچىلغىن، ئەركەم،
ئېلىپ قالاي سېنى بۇيەردە.

### كۆتۈش

كۆيۈپ كۆيۈپ قاپقارا تاشتەك
سېنى كۈتتۈم ساھىلدا ئۇزاق،
يوپۇرۇلۇپ كېلەر دولقۇنلار،
غەرق بولىدۇ نەملەشكەن سايەم.
تاڭدا كۈيلەر...
گۈگۈمدا ماتەم...

ئاينىڭ كەينى نەقەدەر سوغۇق،
يۇلتۇزلارنىڭ كۆزلىرىدە قان.
سۈبھى بالقىپ چىقارمۇ بۈندىن
يورۇتقىلى تەنھا قىرغاقنى،
ئۇپۇق سوزدى رەڭدار قولىنى
لىباس كىيدى شۇ يېرىم ئاسمان.

كۆتۈش
مۇقەددىمىسى يوق بىر خاتىمە؛
قېتىپ قالغان
نۇر ئىچىدىكى سايە؛
ھەي،
كۈتۈشلەردىن ئۇنۇپ چىقتى روھ،
دېڭىزدا كېمە...

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىدە.

بۇ سانىنىڭ ئەسەرلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما ئىشلىرى مەركىزى ئۇيغۇرچە كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى؛ بۇ سانىنىڭ تەكلىپلىك تەھرىرى: ئايگۈل ئەمەت؛ كوررېكتورى: رەنا ئەمەت؛ مۇقاۋا ۋە قىستۇرما سۈرەتلەرنى ئىشلىگۈچى: مەريەمگۈل ئىدرىس (تەكلىپلىك)، بەتچىك: ئىسھاقجان ئىبراھىم قاراتېكىن (تەكلىپلىك).



تۇرسۇنجان مۇھەممەد

# سۆكۈتلۈك ھويلا

(تارىخىي ھېكايە)

نىياز ھېكىمبەگنىڭ خوتەن دىيارىغا ھاكىم بەگ بولغىنىغا ئىككى يىلچە بولغان چاغلىرى ئىدى. ئۇ ئىلگىرىكى ھاكىمبەگلەرنىڭ يولىنى تۇتمىدى. ھە دېسە ئاشكارا تىغ كۆتۈرۈپ ئاۋامنىڭ قېنىنى تۆكۈپمۇ يۈرمىدى. ئەكسىچە، دوقمۇش - دوقمۇشلارغا مەسچىت - خانىقالارنى سالدۇرۇپ، مازار - ماشايىخلاردا داش قازانلارنى ئاستۇرۇپ، ئەل كېزەر مۇساپىرلار، غېرىب - غۇرۋالارغا قازان قايناتىپ، ئاجىز - ئورۇقلارغا، يېتىم ئوغۇل - تۇل خوتۇنلارغا خەير - ئېھسان كۆرسىتىپ، ئۆتەك - قونالغۇلارغا كۆل كولىتىپ، ئۆزىنىڭ ئادالەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر ھاكىمبەگ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەك بولدى. موللا - ئىشانلار مەسچىت - خانىقالاردا، ھەمتاۋاق - ھەمنەپەسلەر كوچا - كويلاردا، بەگ - دورغىلار يۇرت - مەھەللىلەردە نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئادالىتى، سەلتەنىتى ئۈچۈن ئەل - رەئىيەتتىن دۇئالار ئېلىشىپ، ئۇنى ئەڭ توغرا، ئەڭ ئادىل، ئەڭ ھەققانىي ئىش قىلىدىغان ئادىل پادىشاھ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋەتكەنىدى، نىياز ھېكىمبەگنىڭ كۈتكىنىمۇ، كۆزلىگىنىمۇ دەل شۇ ئىدى.

— مەسچىتلەرنى بەك كۆپ سېلىۋەتتىلە، — دېگەنىدى ئۇنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرى، بىر قېتىملىق سىر چېكىشىش پۇرسىتىدە، — بۇ ئىش خوتەن دىيارىدا ھەتتا ئابدۇراخمان خان غوجىنىڭ قولىدىنمۇ كەلمىگەنىدى.

— خوتەنلىك ئېشەكتىنمۇ جاھىل خەق، — دېگەنىدى نىياز ھېكىمبەگ ساقىلىنى تۇتاملاپ قويۇپ، — ئىلگىرى يۇرتنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرغان بەگ - غوجا، سەركەردە - سەرۋازلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇ خەقنى مەندەك چۈشىنىپ باقمىغان. بىر ئابدۇراخمان خان غوجا ئۈچۈن «پاشايىمىز قېنى؟» دەپ ئۆي - ئۆيلەردىن تاياق - توقماقلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىشىپ جېنىدىن جۇدا بولغان خوتەنلىكنىڭ ھېسابى بارمۇ؟ زامانىنىڭ كۈچتۈڭگۈرى يۈسۈپ قادىرخان پادىشاھىممۇ، ھازىرقى رەئىيەتنىڭ باشپاناھى ئاتالىق غازىممۇ بۇ خەقنى پەقەت چۈشەنمىگەن. ئاتالىق غازى (ئۇنىڭ سەلتەنىتى مەڭگۈلۈك بولغاي!) قىزىل تونىنى بىر كىيگەنچە 40 مىڭ جاھىل خوتەنلىكلەرنىڭ قېنىنى دەريادەك ئېقىتقان. بۇ خەقتىن بىرى ئۆلسە ئونى تىرىلىپ ئۇنى بەكمۇ خاپا قىلغان. جاھىل ئېشەكلەرمۇ ئېغىلدا تىنچىيدۇ. جاھىل خوتەنلىكلەرنى تىنچىتىدىغان بىرلا يەر بار، ئۇ بولسىمۇ مەسچىت! مەسچىت - خانىقالارنى كۆپ سېلىشىمنىڭ ۋەجى شۇ بائىسىدىندۇر. مانا ئىلچى تىنچىپ قالدى، باشقا يۇرت - ئايماقلارمۇ تىنچىپ قالدى. گەپ بىر ئېغىزدىن ئىككى ئېغىزغا بېرىپ بولغىچە قولىغا چوماق چىقىپ بولىدىغان جاھىل خوتەنلىكلەر مەسچىتلەردە تەسۋى سىيرىپ، بىزنىڭ ھەققىمىزگە دۇئا قىلىپ ئولتۇرۇشىدۇ، ئوردىمىزنىڭ تۈرلۈك خىراجەت، چىقىملىرى، ھاكىمىيەتنىڭ ئىقتىساد، بايلىقلىرى دەل مۇشۇ جاھىل كىشىلەرنىڭ ئىلتىپاتىدىن كېلىۋاتىدۇ، خەزىنىمىز ئالتۇن - كۈمۈش، پۇل - پۇچەككە توشۇپ قالدى، بۇمۇ خۇدانىڭ بەرگىنى. ئەمدى شۇنداق بىر ساراي سالۇرمەنكى، يەتتە ئىقلىمدا ئۇنىڭ تەڭدىشى بولمىغاي.

— ئاپىرىن! قىلىچ بويسۇندۇرالمىغان ئەلنى ئەقىل

بىلەن باشقۇرۇش دېگەن قانداق بولىدىكەن؟!ــ دەپ تىلـلىرىنى چاكىلدىتىشقاندى ھەمسۆھبەتلىر ئۇنىڭ پېشىنى كۆزلىرىگە سۈرتۈپ.

يۇرت ئېغىر كۈنىدە قالغاندى، گەرچە مەسچىتلەر سېلىنىپ، داش قازانلار قايناپ تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ خىراجەت چىقىملىرى يەنىلا خەلقنىڭ زىممىسىدە ئىدى. تۇرلۇك ئالۋاڭ - سېلىقلار كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ، خەلقنىڭ يىلىكى ئاستا - ئاستا قۇرۇماقتا ئىدى. بىر بۇردا نانغا زار بولغان ئەل - رەئىيەت داش قازانلاردىن بىرەر قاچا ئاداپ - ئۇماچقا ئېغىز تېگىپ جېنىنى جان ئېتىپ كېلەۋاتقان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە داغدۇغىسى جاھاننى بىر ئالغان بۇ خەير - ئېھسانلارنىڭ ئۆز مېھنىتىدىن كەلگەنلىكىنى، موللا - ئۆلىمالار، بەگ - بەگزادىلەر، قازى - قۇززاتلار «ئادىل پادىشاھ» دەپ نامىنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئاشۇ قايناۋاتقان داش قازاندىكى ھەر بىر تال دانىنى بىرنى ئون قىلىپ يىغىۋالىدىغانلىقىنى، ئۆز يېنىدىن بىر تىيىن چاغلىق نەرسە چىقارمايدىغانلىقىنى ئۇقمايتتى.

سېرىقتال كۈنلەر باشلانغان، ئۆيدىكى چاشقانلارمۇ خاپا بولۇپ، نەگە بېرىشنى بىلەلمەي بېشى قېتىپ كەتكەن، مەھەللە - كويلاردا نان جېدىلى قىلىپ يىغلاۋاتقان بالىلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئاۋازى بارغانسېرى كۆچىيىپ بارغان، تېكە مۈڭگۈزدە قىلىنغان سەرۇپايلىرىنى شاراقلىتىپ، نەچچە يېرىگە ياماق چۈشكەن خالتىلارنى يۈدۈپ، ئۈمىدسىز كۆزلەرىنى مۆلدۈرلىتىپ يۈرگەن قەلەندەر - تىلەمچىلەرنىڭ ئىلتىجاسى جاۋابسىز قېلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە نىياز ھېكىمبەگ ئالتۇنلۇقۇمدا سېلىنىۋاتقان مەسچىتنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بارماقچى بولدى. ئۇ يېگەن - ئىچكىنى ئېغىر كەلگەن، ھارامنى سىڭدۈرەلمەي بۆكەرەپ قالغان كۈنلەردە ئوردىدىن سىرتقا چىقىپ ئەل - رەئىيەتنىڭ بېشىنى سىيلىغان بولۇپ ئاش سىڭدۈرۈشكە، ئۆزى ھەققىدىكى مەدھىيەلەرنى ئاڭلاشقا، ئاۋامنىڭ ئۆزىگە ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، ھۆرمەت ۋە ئەيمىنىش ئىلكىدە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ قۇللۇق بىلدۈرۈشلىرىنى تاماشا قىلىشقا خۇشتار ئىدى. ئۆزىنىڭ ئوردىدىن چىقىشى ۋە بەزىدە ئەل - رەئىيەت بىلەن بىللە ناماز ئوقۇپ، داش قازان بېشىنى چۆرگىلەپ قويۇشىنى ئەلنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش، شۇ ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئەڭ ئاددىي ئۇسۇلى دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇ بىكار بولسىلا سېلىنىۋاتقان مەسچىتلەرنى ئارىلاپ، مازار - ماشايىخلارنى تاۋاپ قىلىپ، ئۇستا - نمكارلارنىڭ تەلپىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغان بولۇۋالاتتى، ئۇنىڭ بۇ گۈنكى سەپىرىمۇ شۇ ئويي - خەيالنىڭ تۈرتكىسىدىن ئىدى.

نىياز ھېكىمبەگ بەگ - دورغىلىرىنى، ئاكابىر ئەشرەپلىرىنى كەينىگە سېلىپ ئالتۇنلۇقۇمغا كەلدى ۋە سېلىنىۋاتقان مەسچىتنىڭ ئىچى - تېشىنى ئايلاندى، قۇرۇلۇش سۈپىتىنى مۇپەتتىش قىلىپ بېشى، نازارەتچىلەرگە مۇھىم كۆرسەتمىلەرنى بەردى. ئاللانىڭ ئۆيىنى بىكارغا ئىشلەشنىڭ خاسىيىتى، مەسچىت - خانىقالار ئۇچۇن كۈچ چىقىرىشنىڭ ئەھمىيىتى، ئۇ ئالەمدىكى ساۋابلىرى مەسچىت ئۇچۇن خالىس كۈچ چىقارغان ئادەملەرگە جەننەت ئىشىكىنىڭ ھەر ۋاقىت ئوچۇقلۇقى ھەققىدە ئىشەنچلىك دەلىللەرنى كەلتۈرۈپ ئۇستا - نمكارلارنىڭ ھاردۇقىنى چىقاردى، ئۇ ئالتۇنلۇقۇمدا ئىككى ئاش پىشمىچىلىك ھايال بولغاندىن كېيىن، ئېلچى بازىرىنى ئارىلىماق بولدى، ئۇ ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئېلچى بازىرىنىڭ ئاۋات كوچىلىرىنى، بازار - رەستىلەرنى بىر قۇر ئايلانغاندىن كېيىن بىلىپ - بىلمەي مىسكەر كوچىسىغا كېلىپ قالدى. ئەگرى - بۈگرى كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە مەجنۇنتاللار سايە تاشلاپ تۇراتتى. ئۇستىخانىلادا كۈرەكلەرنىڭ گۈرۈلدەپ، بولقىنىڭ يەڭگىل تاكىلدىغىنى ئاڭلىناتتى، ئىككى قەۋەت قىلىپ سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ بالىخانىسىدىن دۇتار - تەمبۇرنىڭ ئادەمنى مەست قىلغۇچى كۈي - نەغمىلىرى ئاڭلىناتتى، نىياز ھېكىمبەگ خوتەن دىيارىغا ھاكىمبەگ بولۇپ كەلگەندىن بېرى، بۇ كوچىغا كېلىپ باقمىغانىدى، ئۇنىڭ قاشلىرى ھىمىرىلىپ، قوۋزى لوقۇلداپ، چىرايى سۇرلۇك تۈس ئالدى. ئۇ قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، قەھرلىك ئورا كۆزلىرىنى ئالدىغا تىككىنىچە كوچىنىڭ تۆرىگە قاراپ يول ئالدى. خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بىر قورۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى، قوش قاناتلىق يوغان دەرۋازا قىيا ئوچۇق ئىدى. دەرۋازا ئالدىغا تىكىلگەن ئىككى تۈپ ئۈجمە باراقسان شاخلىرىنى ئەتراپقا يېيىپ، كەڭ يوپۇرماقلىرى بىلەن كۈن نۇرىنى توسۇپ، دەرۋازا ئالدىنى سالقىن، ھاۋالىق تۇسكە كىرگۈزگەنىدى. دەرۋازىنىڭ ئالدىدىكى ئېرىقتا يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ سۈس كۆل رەڭ قاشتېشى رەڭگىدىكى ئېشىنچا كەلكۈن سۈيى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇراتتى، دەر

ۋازىنىڭ ئىچكىرىسى ھەر خىل گۈل - گىياھلار ئېچىلغان، مېۋە - چېۋىلەر مەي باغلاپ پىشقان باغ ئىدى. دەرۋازا ئالدىدىكى ئۆجمىگە، باغدىكى دەل - دەرەخلەرگە قونۇۋالغان تۈرلۈك قۇشلار ئۆزىنىڭ ئەبەدىيلىك كۈيلىرىنى ياڭرىتىپ، بۇ قورۇنىڭ تىنچ - ئامانلىقىغا، خاتىرجەملىكىگە دۇئا قىلىشاتتى.

نىياز ھېكىمبەگنى ئازراق سۈر باسقاندەك بولدى. ئۇنىڭ غولى تەرلەپ، بەدەسەم تونى ئېغىر كەلگەندەك بىلىندى. ئۇ شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەل ئۆمرىدە ئادەمگە تىنچ - خاتىرجەملىك تۇيغۇسى بېرىدىغان بۇنداق ئارامبەخش قورۇنى كۆرۈپ باقمىغانىدى، ھەتتا ئۇ ئەيش - ئىشرەت قىلىدىغان، دەۋران سۈرىدىغان بەگ ئوردىسىمۇ بۇنچىلىك تىنچ - خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. ئۇ بىر قېشىنى لىككىدە كۆتۈرۈپ، ئوڭ تەرىپىدە تۇرغان دۇۋان بېگىدىن سورىدى:

— بۇ قايسى تەلەيلىكنىڭ قونالغۇسى بولىدۇ ئۆزى؟

— بۇ، — دەپ پەس ئاۋازدا دېدى دۇۋان بېگى نىڭ قۇلىقىغا ئېغىزىنى يېقىنلاشتۇرۇپ، — ئىلچى تەۋەسىدىكى ئاتىقى بار موللا، ئەل - رەئىيەت «ئەللامە ھەزرەت» دەپ ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان يولدىشاخۇنلۇقۇمنىڭ قورۇسى.

— يولدىشاخۇنلۇقۇم؟ — نىياز ھېكىمبەگ قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا دۇۋان بېگىنىڭ كۆزىگە قارىدى، — بۇ كىشىنىڭ ئەل ئىچىدە ھۆرمىتى شۇنچە يۇقىرىمۇ؟

— خوش، ھەقىقەتەن يۇقىرى بېگىم.

— مېنىڭكىدىنمۇ يۇقىرىمۇ؟ — نىياز ھېكىمبەگ يىلان چېقىۋالغاندەك تولغىنىپ كەتتى. دۇۋان بېگى تىلىنى قارلىغاچ چوقۇۋالغان پاشىدەك چۈشىنىكسىز لا گىڭىلداپ تۇرۇپ قالدى، ئۇ غوجىسىنىڭ بۇ سوئالنى نېمە مەقسەتتە سورىغانلىقىنى ئەمدىلەتتىن پەملىگەنىدى.

— سىلىگە قاراپ تۇرۇپتىمەن، جاۋاب بەرسىلە؟! نىياز ھېكىمبەگ ساقىلى دىر - دىر تىترىگەن ھالدا دۇۋان بېگىگە گۈلەيدى.

— ھاكىملىق، ئەل - رەئىيەتنىڭ پاسبانلىقى جەھەتتە سىلى ئۇنىڭدىن شەكسىز ئۈستۈن تۇرىدىلا، — دېدى دۇۋان بېگى ياغلىما تىللىرىنى ئۇيىنىتىپ، — موللىلىق، مۇدەررىسلىك جەھەتتە ئۇ سىلىدىن ئازغىنا ئۈستۈن... — دۇۋان بېگىنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— دىنىي ئىلىم جەھەتتە يولدىشاخۇنلۇقۇم ئىلچى تەۋەسىدىكى ئاتىقى بار تۆت ئەللامىنىڭ بىرىدۇر، — دەپ ۋەزمىن گەپ قىستۇردى نۆكەر بېشى نىياز ھېكىمبەگكە قاراپ.

ئەمدى دەيدىغان ۋە سورايدىغان ھېچقانداق گەپ قالمىغانىدى، نىياز ھېكىمبەگ ساقىلىنى تىترىتىپ ئازراق تۇرغاندىن كېيىن چىرايىغا سۈس كۈلكە يۈگۈرتكەن ھالدا ئەتراپىدىكىلەرگە دېدى:

— بوپتۇ، بىزنى مۇشۇ دەرۋازا ئالدىغا ئەكەلگەنمۇ ئاللانىڭ ھۆكمىدۇر. قېنى ئەللامىمىزنىڭ پىنھانخانىسىنى تاۋاپ قىلايلۇق، يولدىشاخۇنلۇقۇمغا خەۋەر قىلىڭلار!

نۆكەر بېشى ئىلدام مېڭىپ قوش قانات دەرۋازىنى ئۇلۇغ ئاچتى، نىياز ھېكىمبەگ قولىنى كەينىگە تۇتقان ھالدا بوسۇغا ئاتلىدى. دەرۋازىدىن باشلاپ ئاق تاملىق ئۆيگىچە بارىدىغان سېغىز يولنىڭ ئۈستىنى قويۇق تال پېلەكلىرى ئوراپ تۇرغان بولۇپ، تال باراڭدا چېكىلگەن قىزىل ئۈزۈملەر كەھرىۋادەك جۇلالاپ تۇراتتى، ئۇلار ھويلىغا كىرگەندە تال باراڭ ئاستىدا كىتاب كۆرۈۋاتقان ئىككى يىگىتكە كۆزلىرى چۈشتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — ئېغىر ئاياغ تىۋىشلىرىدىن چۆچۈگەن يىگىتلەر بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزلىرى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان بىر توپ سالاپەتلىك ئادەملەرنى كۆرۈپ ئىتتىكلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئەدەپ بىلەن سالام قىلدى.

— ئاخۇنلۇقۇم قەيەردە؟ — ئالدىراپ سورىدى دۇۋان بېگى.

— ئىچكىرىدە، تالىپلارغا ساۋاغ بېرىۋاتىدۇ، — دېيىشتى ئىككى يىگىت تەڭلا.

— ئەللامىمىزگە خەۋەر يەتكەيكى، زامانىمىزنىڭ ھۆكۈمدارى، ئەل - رەئىيەتنىڭ پاسبانى نىياز ھېكىمبەگ جانابلىرىنىڭ مۇبارەك ئايىغى ئاخۇنلۇقۇمنىڭ كۈلبىسىنى مۇنەۋۋەر ئەتتىلەر، تېز بولۇشايلا!

ئىككى يىگىت كىتابلىرىنى قولتۇقلاپ باغنىڭ سالاسۇنلۇق ئىشىكىدىن كىرىپ كەتتى.

نىياز ھېكىمبەگ دۇۋان بېگىنىڭ قايىماقتەك گەپلىرىگە ئېرىپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى. ئۇ سالقىن ئۇرۇپ تۇرغان ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، تال بارىڭىنىڭ ئاستىدا، قىزىل يا-

قوتتەك جولالاپ تۇرغان ئۆزۈملەرگە ھەۋەس بىلەن قاراپ تۇكۇرۇكىنى يۇتماقتا ئىدى. «ئاخۇنلۇقۇم پەيدا بولسا بىزنى مېھمانخانىسىغا باشلايدۇ. توخۇ سۇتىدىن باشقىسى تېپىلىدىغان مول داستىخاندا مېھمان قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ غېرىبانە ئۆيىنى ئاپتاپتەك يورۇتقان بەگ - سىپاھلار ئۇچۇن قىلمىغانى قالمايدۇ» دەپ ئويلىدى. «بەلكىم ئاخۇنلۇقۇم مېنىڭ ئۆزىنى يوقلاپ كەلگىنىمنى ئاڭلىسا ھودۇقۇپ، تەمتىرەپ، كەشىنىڭ چۈشۈپ قالغىنىغا قارىماي ئالدىمدا ھازىر بولدۇ» دەپ مەستخۇش بولدى، ئۇنىڭ بايىقى رەشك ئوتىدا دۇتلەنگەن كۆڭلىدىكى بۇخسۇپ تۇرغان قارا تۇتەكلەر ئاستا - ئاستا تارقىماقتا ئىدى.

ئارىدىن خېلى ئۆتۈپ باغ ئىشىكى ئېچىلدى. بېشىغا چىلگىدەك سەللە ئورىغان، مەللە يەكتەكنى بەستىگە خويمۇ ياراشقان، يۈزلىرى قىزىل، ساقىلى ئاق، بىر جۈپ كۆزى چوغدەك چاقناپ تۇرىدىغان، چىرايىدىن نۇر تۆكۈلىدىغان بىر ئادەم نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. بوۋاينىڭ ئەپتى رىۋايەتلەردە سۆزلىنىدىغان ئۇلۇغلارنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. ئۇنى كۆرۈپ نىياز ھېكىمبەگنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— ئاللانىڭ مېھمىنى كەپتىكەن ئەمەسمۇ؟ — دېدى يولدىشاخۇنلۇقۇم مۇلايىم ئاۋازدا، — مەدرىسەنىڭ ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ ئالدىلىرىغا ئىستىقبالىغا چىقالماپتۇق، ئەپۇ قىلغايلا بېگىم

نىياز ھېكىمبەگنىڭ تىلى زۇۋانىدىن قالغانىدى، ئۇنىڭ ئورا كۆزلىرى تېخىچە ئاخۇنلۇقۇمنىڭ ئۇستىبېشىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن ھەم زوقلىناتتى ھەم رەشك ئوتىدا پۇچۇلىناتتى، راستىنى دېگەندە بەگ مۇشۇ بېشىغىچە بۇنداق پاكىز، باشقىلارنى گەپ - سۆزسىز لا باش ئەگدۇرىدىغان، خىيالىنى ئاللىقاياقلارغا ئېلىپ قاچىدىغان ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغانىدى.

— ھەممىيلەن كېچە - كۈندۈز تەرىپىنى قىلىدىغان يولدىشاخۇنلۇقۇم ئۆزلىرى بولامدىلا؟ — ئاقۇۋەت سۆكۈتنى نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئۆزى بۇزدى، بوۋاي ھاسسىغا تايايغىنىچە بىر خىلدا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— كېچە - كۈندۈز تەرىپىنى قىلىدىغان زات — ئۇ ئاللادۇر، كەمىنە ئۇنىڭغا لايىق ئەمەسمەن، — دېدى يولدىشاخۇنلۇقۇم چىرايىنى قىلچىلىك ئۆزگەرتمەستىن.

نىياز ھېكىمبەگ ئۆزىنىڭ گەپتە كەتكۈزۈپ قويغىنىنى دەرھال سەزدى ۋە بۇنى ئەتراپىدىكىلەرگە چاندۇرماسلىققا تىرىشتى.

— ئاڭلىسام تەقۋا ئادەمكەنلا، — دېدى ئۇ گەپنىڭ تېمىسىنى يۆتكەپ، — دىنىي ئىلىمدا كامالەتكە يەتكەن دېيىشىدۇ. بىلمىدىم، ئىلىم بابىسدا بىز تەقسىرنىڭ خېلى بولالارمىزمىكىن؟

— ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن ھېچكىم يوق، — دېدى ئاخۇنلۇقۇم يەنە شۇ ئىللىق كۈلكىسى بىلەن بېشىنى تۆۋەن سىلىپ، — بىز پەقەت ئاللا بىلدۇرگەننى بىلدۇق ۋە بىلگەنلىرىمىز ئاللانىڭ بىلگەنلىرىنىڭ ئالدىدا دېڭىزدىن تامچىغىمۇ يەتمەيدۇ، بۇ خۇسۇستا بەندىنىڭ بىر - بىرى بىلەن بەس تالاشمىغىنى ياخشى بېگىم.

نىياز ھېكىمبەگ يولدىشاخۇنلۇقۇم بىلەن گەپتە تەڭ تۇرالمايدىغانلىقىنى دەرھال پەملىدى. ئەمدى يەنە موللىنىڭ ئېغىزىنى تاتىلسا ئەتراپتىكىلەرنىڭ كۈلكىسىگە قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ بىر پەس جىم بولدى. ئۇ يولدىشاخۇنلۇقۇمنىڭ ئۆزىنى مېھمانخانىسىغا باشلىمىغانلىقىنى، ئاستىغا قات - قات كۆرپە سېلىپ، مول داستىخان بىلەن، ھېچ بولمىسا يازنىڭ يارىشقى ھېسابلىنىدىغان ئاۋۇ ساڭگىلاپ تۇرغان ئۈزۈملەر بىلەن بولسىمۇ مېھمان قىلمىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ تېخىچە ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغىنىنى ئەمدىلەتىن ھېس قىلدى، نىياز ھېكىمبەگ ئېغىزىغا يوگۇرگەن سېرىق سۇلارنى «غۇرت» قىلىپ يۇتتى.

ئۇ بۇ ئادەمنىڭ شۇنچە خۇش تەبىئەتلىك بولسىمۇ، ئەمما ئۆزلىرىگە كەلگەندە نېمىشقا بېخىللىق قىلىۋاتقانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. شۇنداقتىمۇ چىرايلىق گەپ بىلەن بۇ يەردىن ئۆزاپ چىقىشنى ئىستەپ گېلىنى قىردى.

— ئۆزلىرىنى كۆرۈپ پەدەرى بۇزرۇك ئاتىمىز يادىمىغا يەتتى، — دېدى نىياز ھېكىمبەگ ئەللامىنىڭ چىرايىغا يەر تېگىدىن قاراپ، — ئۇل زاتنىڭ دۇئالىرىنىڭ بەركاتى بىلەن مۇشۇ كۈنگە ئۇلاشقان ئادەممەن. شۇڭىمۇ تىرىك تۇرۇپ دۇئاغا تويمايمەن. بىلمىدىم، يولدىشاخۇنلۇقۇمنىڭ نامازلىرىدا كەمىنە ھاكىمبەگلىرى زىكرى قىلىنارمۇ؟ بىزگە ئاتىغان دۇئالىرى بارمىدۇ؟

— ئەل - رەئىيەتنىڭ تىنچ - ئامانلىقى، يۇرتنىڭ مەمۇرلۇقى، تۇرلۇك ھادىسۇى ئاپەتلەردىن خالاس تېپىشى

بائىسىدا دۇئالىرىمىز ئۆكسىمەس، بېگىم! — يولدىشاخۇنلۇقۇم بايىقى ئىللىق تەبەسسۇمى بىلەن نىياز ھېكىمبەگكە قاراپ قويدى.

نىياز ھېكىمبەگ يەنىلا گەپنىڭ ئېلىپ قېچىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئەسلىي مۇددىئاغا كۆچتى:

— دېگەنلىرى ھەر بىر مۇسۇلمان قوۋمنىڭ ئورتاق تىلىكىدۇر، — دېدى ئۇ ئۇقمىغانغا سېلىپ، — يەنە ھەر بىر مۇسۇلمان ئەۋلادىنىڭ ئۆزىنىڭ ئادىل پادىشاھ، پۇقراپەرۋەر بەگلىرىنىڭ تىنچ - ئامانلىقى ئۈچۈن دۇئا قىلىشمۇ خاسىيەتلىك ئىشلار جۈملىسىدىندۇر. سىلىدىن ئىلتىماس قىلىمەن، دۇئالىرىدا مېنىمۇ ياد ئەتكەيلا!

— ئىنسان بالىسى قىلغان ئەمەلگە قاراپ، خوي ياخشىلىق، خوي يامانلىق جەھەتتە ئەسلىنىپ تۇرىدۇ، سىلىمۇ بۇ قانۇنىيەتنىڭ سىرتىدا ئەمەس بېگىم. سىلىنى ياد ئېتىدىغانلار ئەلۋەتتە مېنى ياد ئېتىدىغانلاردىن جىق بولىدۇ!

— چىرايلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدۇ، دېمەك سىلىنىڭ ئىمانلىرىدا شەك يوق، — دېدى نىياز ھېكىمبەگ ئەمدى گەپنى ئەگىتىپ ئولتۇرماستىن، — سىلىدىن سورىسام، مۇشۇ چاغقىچە ئۆتكەن نامازلىرىنىڭ ساۋابىدىن ماڭىمۇ بىر ئۈلۈش بېرىشكە كۆزلىرى قىيامدىكىن؟

— ئەلۋەتتە بېگىم، — دېدى يولدىشاخۇنلۇقۇم بەگكە نۇرانە كۆزلىرىنى تىكىپ، — توققۇز يېشىمدىن باشلاپ ئوقۇغان نامىزىمنىڭ، 11 يېشىمدىن باشلاپ تۇتقان روزامنىڭ، 30 يېشىمدىن باشلاپ پەرزەنتلەرنىڭ ئېغىزىغا ئىلىم سالغان مۇدەررىسلىكىمنىڭ ساۋابىدىن بىر ئۈلۈشنى سىلىگە بېرىشكە رازىمەن.

— ئەلھەمدۇلىللا!

— مەردۇ مەردانىلىق دېگەن قانداق ياخشى!

— ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ كۆكسى - قارنى دەريادەك كەڭ!

— ئەللامىلەر يۇرت بەگلىرىدىن ھېچنېمىنى ئايىمايدىدۇ، يۇرت بېگى دېگەن يۇرتنىڭ بېشى، ئەللامىلەر بولسا يۇرتنىڭ يىلتىزى!

— خۇددى شۇنداق...!

دىۋان بېگىدىن باشلاپ ياساۋۇللارغىچە چۇرقىرىشىپ كەتتى.

— كەمىنە ئاجىزنىڭمۇ كىچىككىنە بىر ئىلتىماسى بار ئىدى، بىلمىدىم، بېگىمگە خوپ كېلەرمىكىن؟ — يولدىشاخۇنلۇقۇم بايىقى سىپاقتا كۈلۈپ تۇرۇپ بەگكە مۇراجىئەت قىلدى.

ھېكىمبەگ كۆڭلىدە «موللا دېگەن تاماخور كېلىدۇ، ماڭا ۋەدە قىلغان نامازلىرىنىڭ، روزىلىرىنىڭ ۋە مۇدەررىسلىكىنىڭ ساۋابىغا ئوردىدىن ئالتۇن - كۈمۈش تەلەپ قىلىدىغان بولدى!» دەپ ئويلىدى. مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ دېدى:

— يولدىشاخۇنلۇقۇمنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشقا تەييارمىز، قېنى دېسىلە!

— مەنمۇ سىلىدىن بىر نەرسە تىلىمەكچى ئىدىم.

نىياز ھېكىمبەگ قىياسىنىڭ توغرىلىقىغا كۆزى يېتىپ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ كېرىلگەن، بەگلىك سىياقىغا قايتقان ھالدا ئۇنلۇك قىلىپ دېدى:

— خوش قېنى، قۇلىقىمىز سىلىدە!

— مەنمۇ بايا ۋەدە قىلغان ساۋابلىرىم بەدىلىگە نىياز ھېكىمبېگىمنىڭ ئەل ئۈمرىدە بىر قېتىملىق ئادىل، ھەققانىي سورىغان دەۋاسىنىڭ ساۋابىنى تىلەيمەن!

نىياز ھېكىمبەگنىڭ چىرايىدىكى كۈلكە قېتىپلا قالدى، ئۇ ئۆزىنىڭ نېمىشقا تېخىچە ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قالغىنىنىڭ، يولدىشاخۇنلۇقۇمنىڭ داستىخىنىدا بولالمىغىنىنىڭ، ئەدناسى ئاۋۇ ساڭگىلاپ تۇرغان ئۈزۈملەرگە ئېغىز تېگەلمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى دەرھال چۈشەنگەندەك بولدى. نىياز ھېكىمبەگ ئاجايىپ خورلۇق ھېس قىلدى، ئەمما يولدىشاخۇنلۇقۇمنىڭ سورىغىنىنى بېرەلمەيدىغانلىقى ئۆزىگە ئايان ئىدى، ھويلىنى ئېغىر سۈكۈت ئۆز ئىلكىگە ئالدى. شۇ تاپ نىياز ھېكىمبەگكە ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق كېلىۋاتاتتى، مۇشۇ خىلۋەت، ئارامبەخشلىك ھويلىدىن قانداق چىقىپ كېتىش بولسا ئۇنىڭ ئەقلىنىڭ سىرتىدا قالغانىدى.

باغنىڭ ئىچكىرىسىدىن پاختەكنىڭ گۇكۇلدىغان ئاۋازى كەلدى، ئۇنىڭ ئايانچلىق، كېسەلمەن چالىنىڭ يۈتلىنى ئەسلىتىدىغان ئاۋازى نىياز ھېكىمبەگنىڭ قۇلىقىغا غۇۋا ئاڭلاندى، شۇئان ئۇ كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە دەل ئاشۇ پاختەكنىڭ ئاۋازىنى سەزدى، ئۇ بەكمۇ ئاجىز ۋە بىچارە ئىدى، باشقىلارغا بېرىدىغان ھېچنېمىسى يوق ئىدى...

(ئاپتور: خوتەن ۋىلايەتلىك «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا)



نان بىلەن نەغمىنىڭ ھېكايىسى

ئابدۇۋاھىد مۆلجەرى فوتوسى


«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2014 ـ يىلى 5 ـ سان (ئومۇمىي 329 ـ سان)

(قوش ئايلىق ئومۇمىي ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى

چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى

تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008-6498

مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65-1073/I

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب

ئىمپورت ـ ئېكسپورت (گۇرۇھى)

باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى

چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى:6498BM

مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى مەدەنىيەت يولى 28 ـ نومۇرجىڭيۈەن خىزمەت بىناسى7. قەۋەت

پوچتا نومۇرى: 830002 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942

باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 ـ 58 باھاسى: 6.00 يۈەن

《新疆文化》（维吾尔文）

综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅

主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所

编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部

国际标准刊号：ISSN1008-6498

国内统一刊号：CN65-1073/I

海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部

代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号

P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020, China

海外发行代号：6498BM

发行范围：国内外发行

地 址：乌鲁木齐市文化路28号井源办公大楼7楼

邮 编：830002 电话：（0991）2856942

印 刷：《新疆日报》印务中心

发 行：乌鲁木齐市邮局

订 阅：全国各地邮局

邮发代号：58-22 定价：6.00元

ئەتراپىمىزدىكى ئەدىپلەر



ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى، پروفېسسور كېرىمجان ئابدۇرېھىم

ئادىل ئىسمائىل فوتوسى